



1985

# قەشقەر ئەدەبىياتى


3

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىگىدە ئورۇنلانغان نومۇرلاردىن كۆرۈنۈشلەر







مۇقاۋىنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت لايىھىلىگەن

1 ـ بەتتىكى سۈرەتنى فىلىك پى تارتقان

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1985 يىل 3 - سان

14 - يىل نەشرى

(ئومۇمى 64 - سان)

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك


ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

ئىبادەم …… (ھېكايە) …… ئابلا ئەخمىدى 1
سەيلەر پاچىقەسى …… (پوۋېست) …… ئەخەت تۇردى 19
ئۈزۈلمەس رىشتە …… (ئوچېرك) …… ئابلىز ئۆمەر 34
شەپقەتچى …… (ھېكايە) …… ئابلەت جۇمە مەھەممەت ھېكىم، 54
يوللۇق تەلەپ …… ( » » ) …… ئابلىمىت ئوسمان 59
ئاق جۇۋان …… ( » » ) …… ئەختەم ئۆمەر 62
ئانا تىل نەزمىسى …… (شېئىر) …… ئابدۇرېشىت سەلەي 69
ئاجايىپ …… (ھېكايە) …… ئابلىز تۇرسۇن 92
ئەنسىرەش …… ( » » ) …… ھوشۇر ئىبراھىم 94
«مەخەت» لەر سىرى …… ( » » ) …… مەمتىمىن زىيىبۇللا 96
خېيىر …… ( » » ) …… مۇتەللىپ ھەسەن 97
مىجەز …… ( » » ) …… زاھىر ئابدۇراخمان 99
ئاقىۋەت …… ( » » ) …… نۇرىمان ناسىر 101
«ھۆرمەت» يۈزىسىدىن …… ( » » ) …… مەترېھىمجان داۋۇت 102
«مېھمان دوست» …… ( » » ) …… دىلبەر ياقۇپ 104
غايە …… ( » » ) …… روزى نىيازى 106
ئۇلارغىمۇ جان تاتلىق …… ( » » ) …… تىلىۋالدى ياقۇپ 107
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى «ئۇمىت» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما …… 39
قەلەمداشلارغا …… يالقۇنجان ئىسلام 72
يېشىللىق ـ ھايات …… ئابدۇرېھىم سەئىدى 53
رۇبائىيلار …… تۇرسۇن نىياز 75
ئانا ـ تىيانشان …… يۈسۈپجان ھېيت 79
شېئىرلار …… ئابدۇسەمەت خېلىل 80
شېئىرلار …… ئابدۇللا ياقۇپ 81
رۇبائىيلار …… ئىمىن سوپى 84
ئىككى شېئىر …… مەھەممەت تۇراپ 85
ئىككى شېئىر …… تەلئەت تۇردى 83
داستىخان ئۈستىدە …… تۇراپ ھەسەن 86
ناخشا تېكىستلىرى …… ساتتار توختى 87
شېئىرلار …… مۇھەممەتئىمىن ئەخەت، ناسىرجان مۇھەممىدى، ئابلىمىت
…… يۈسۈپ، ئايتۇرا سادىر، ئابدۇرېشىت ئىساق …
پەرھات ـ شىرىن …… (قىسسە) …… ئۆمەر باقى يەركەندى 109
رەنايى جاھان …… (داستان) …… 122
3 ـ قېتىملىق سۇئىقەست …… (ھېكايە) …… فىلمىت خارەوس 115
مەسەللەر …… ئابلىز ھىزىمۇپ 117
بېلىق ئالغۇچ …… (چۆچەك) …… 119
يولۋاس بىلەن پاقا …… ( » » ) …… 120

قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت سىزغان،
ھۆسنىخەتلەرنى جۇمە ئابدۇللا يازغان.




( ھېكايە )

**ئابلا ئەخمىدى**

1

ئىبادەم — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ بۇ يىل توپ-توغرا 32 ياشقا كىردى. ئۆگىنىشتە تىرىشچان، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلىلا ئىناۋىتى بار. چىرايى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، خۇشپىچىم بەستىگە نىمىلا كەيسە يارىشىدۇ، مىجەز-خۇلقىمۇ بۆلەكچىلا ئوچۇق. شۇڭا ئۇنى ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيدۇ. تېخى ئۇنىڭ ئېرى نازىمنى دېمەمسىز، ئۇمۇ ئىبادەمگە ئوخشاشلا ئاقكۆڭۈل، خۇشپېئىل، ساددە، ئىشچان ئادەم. مەكتەپتىكى ئىناۋىتىمۇ ئىبادەمنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس، ئائىلىدە ئىبادەمنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى. ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن بەكمۇ ئىناق، تۇرمۇشتا خاتىرجەم، ھال-كۆ-

نى ئوبدان. شۇڭا، نۇرغۇن ياش ئەر-خوتۇنلار ئۆي تۇتۇش، بالا تەربىيىلەش ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەت جەھەتلەردە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈرنەك قىلىشقا تىرىشاتتى. توت خوتۇنىنىڭ بېشى بىر يەردە بولۇپ قالسا، ئۇلارنى غايىۋانە ماختىشاتتى. ئۆز ئەرلىرىنىڭمۇ نازىمغا ئوخشاش ئاقكۆڭۈل، ئائىلىگە، خوتۇنىغا كۆيۈنىدىغان؛ قېينىئاتا-قېينىئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. ھەتتا بەزىلەر ئاشكارە ھەسەت قىلىپ:

— ئىبادەم، سەن بەكمۇ تەلەيلىك ئايالجۇمۇ! ئېرىڭ تېخى ئوبدان، قېينىئاناڭ تېخى... توت بالاڭ تۇرۇپ، بىرەر قېتىممۇ ئېتىكىڭنىڭ چەل بولغىنىنى كۆرمىدۇق، — دەيتتى.

مۇنداق چاغلاردا، ئىبادەم بىر ھازا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئاندىن:

— سىلەر ئەرگە تەگمىدىغان چاغدا، كۆ-

زۇڭلار قارىغۇ بولۇپ قالغانمۇ؟ نازىمنى مەندىن تارتىۋېلىپ يۈرمەڭلار يەنە! ــ دەپ چاقچاق قىلىپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق چاقچاقلاردىن بىرى بولۇپ ئۆتتى:

يىللىق ئىمتىھاننىڭ ئاخىرقى كۈنى بولغاچ، مەكتەپ ئىچى جىم ــ جىت؛ ئەتىگەننىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈپ كاللىسى گاراڭ بولۇپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار بىردىن، ئىككىدىن ئىشخانىدىن چىقىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلىدى. ئەبادەم بىلەن زۆھرە ھەممىدىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقتى.

ــ قارىغىنا ئەبادەم، ــ دېدى زۆھرە كارىدورنىڭ پەللەمپىيىدىن چۈشۈۋېتىپ، بېشى بىلەن توپ مەيدانى تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ، ــ نازىمسېنى قارىتىپ قويۇپ، بوچەمگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ. ئىككىسى ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالغان بولمىسۇن يەنە!...

ئەبادەم ئىتتىك توختاپ، ئۆزلىرىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا بىر ـ بىرى بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقان نازىم بىلەن بوچەمگە يالت قىلىپ بىر قارىدى ــ دە، زۆھرەگە بۇرۇلۇپ، مەغرۇر ئاۋازدا دېدى:

ــ ھېلىغۇ ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالمىدىكەن، ئىككىسى بىر يوتقانغا كىرىۋالسىمۇ پەرۋايىم پەلەك دېگىنە، ئاداش!

ــ مۇشۇ گەپىڭ راستمۇ؟

ــ راست ـ يالغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلەلىدىغانسەن!؟

ــ يۈرىكىڭنى سىلاپ بېقىپ راق گەپ قىلساڭ بولارمىكىن!...

ــ ۋاي قوۋۇرغىلىرىم!... مېنى يۈرىكىمنى سىلاپ باقمىغان دەمسەن؟ تازا سىلاپ باققان دېگىنە؟!

ــ يۈرىكىمنى سىلاپ بېقىپتىمەش تېخى! ــ زۆھرە ئەبادەمنىڭ يەلكىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ چاقچاق قىلىشقا باشلىدى، ــ بىر گەپنى دەپ بەرسەم، ھېلىلا ۋايجېنىڭ چىقارمىكىن؟

ــ خاتىرجەم بول، ۋايجېنىم چىقسىمۇ قېنىم چىقمايدۇ!...

ــ ھى، ھى، ھى!...

زۆھرە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. ئەبادەمنىڭ كۈلكىسىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئىككەيلەن كۈلۈشە ــ كۈلۈشە، پەللەمپەيدىن پەسكە چۈشۈشتى. كۈلكە سەل بېسىققاندا، زۆھرە ئاغزىنى ئەبادەمنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەپكەلدى ــ دە، گويا ناھايىتى مۇھىم بىر سىرنى ئاشكارىلاۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

ــ بىلەمسەن، نازىم ساڭا تويدۇرماي، بوچەمنىڭ لەغمىنىنى يەپ يۈرۈپتۇ.

دەسلەپ ئەبادەمنىڭ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگىرىش بولدى. كېيىن زۆھرەنىڭ كۆزلىرىدە قاندىدۇر خۇپسەنلىكنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، چىرايىغا لەپپىدە كۈلكە يۈگىرىپ، سەل كۆكۈش كۆزلىرى مەغرۇر چاقنىدى. ئۇ، قەددىنى رۇسلاپ، قاچاندۇر ئالدىغا چۈشۈۋالغان بىر تۇتام چېچىنى دوش قولى بىلەن كەينىگە تاشلىغاندا، بەستىگە بەكمۇ ياراشقان شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك گىرىپىتىشىن كۆينىكى ئاستىدا ئالاھىدە كۆرگە تاشلىنىپ تۇرغان تولۇق كۆكرەكلىرى باش كۆزنىڭ مەيىن شامىلىدا لەرزان تەۋرىگەن بىرجۇپ ئالمىدەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىغىلداپ كەتتى. ئۇ، زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، چاقچاقنى زەبىرەكتەك قويۇۋەتتى:

ــ نازىم دېگەنچۇ، ئۇدۇل كەلگەن بىر-

سىنىڭ لەغىمىنىگە سېزىلىك تارتىدىغان پەس
ئادەملەردىن ئەمەس! قوسىقىڭغا كىرىپ چىقـ
سام ـ زە، ئۇنىمۇ ئېرىنگـىگە ئوخشاش چىتقا
ئىلىنىشىپ قالغان قىزىـل لاتىنىڭ پارچىسىغا
ھەيتە تەلمۈرىدىغان ئۆۋمە كۆڭۈل بىر نىمە
چاغلايدىكەنسەن ـ دە؟ مېنىڭ غېمىمنى يىگىـ
چە، ئاۋال ئۆزەڭنىڭ بېشىنى ساقايتقىنا!...

ــ ۋىيەي، ئەجەپمۇ تاۋى نازۇك بولۇپكىتىپـ
ـسەن، ئاداش!؟ـ دىدى زۆھرە بىر قىزىرىپ ـ بىر
تاتىرىپ،ـ چاقچاق قىلغانىغىمۇ شۇنچە تېرىكىپ
كىتەمسەن؟ مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام...

ئۇ، كېيىنى داۋامـلاشتۇرالماي قالدى. يۈـ
رىگىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاچچىق پۇشايمانـ
نىڭ تۈمۈر پەنجىسى كەـكىردىگىنى بىرغىماقتا
ئىدى، ئويچان كۆزلىرىـدە ياش ئەگىۋاتاتـ
تى. ئىبادەمنىڭ تۈيغۇن بۈرىگى زۆھرەنىڭ
بىۋاپا ئېرىنى تىـلغا ئېلىپ، بەكمۇ ئەسكى
ئىش قىلىپ قويـغانلىغىـنى دەرھال سەزدى.
شۇڭا، چاقچاق كىـەلتۈرۈپ چىقارغان كۆـ
ڭۈلسىزلىكنى يەنىلا چاقـچاق بىلەن يوپۇتـ
ماقچى بولدى:

ــ بەللى ئاغىچـام چەمەك! مېنى " تاۋى
نازۇك "دەيدۇـ يۇ، ئۆزى مىشىلداپ يىغلىغىلى
ئاران تۇرىدۇ! ـ ئىبادەم كۈلگەن پېتى زۆھـ
رەنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، ـ شۇ ھالىڭغا
خەققە چـاقچاق قىلامسـەن؟ جۆر نازىملارنى
ساقلىتىۋەرمەيلى.

ئۇ شۇنداق دىدى ـ يۇ، كۆكرىگى بىلەن
زۆھرەنى ئالدىغا ئىتتەردى. كېتىۋېتىپ، ئۇـ
نى يەڭگىل غىدىقلاپ، كۈلدۈرۈپمۇ ئەتتى.

ــ كۈلكەڭلار قالتىسـقۇ؟ ئاسماننى ئۆرـ
ۋەتمەڭلار يەنە!ـ ئىبادەملـەر يېقىنلاپ كەلـ
گەندە، نازىم چاقچاق قىلدى، ـ مەن تېخى
ئىككىڭلارنى ئىش تۈگىتەلـمەي، ئىشخانىدا
قونۇپ قالىمىغىدي، دەپ ئەنسىرەۋاتاتتىم ...

ئۇنىڭ كېيى تېخى ئۈزۈلمەستىن، ئايالـ
لار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

×

ئەشۇ ئاخشىـمى ئىـبادەم خېلى بالدۇرلا
يوتقانغا كىرىۋالغان بولسىمۇ، نىمە ئۈچۈنـ
دۇر ئۇيقىسى كەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا،
زۆھرەنىڭ باياتىنقى ئـايانچلىق قىياپـىتى
ۋە تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكى بىردەممۇ كۆـ
زىدىن نېرى بولمايۋاتاتتى.

" بىچارە دوستۇم، مىنى راستىنلا كېچىرـ
گەنسىنىمـدۇ ؟ ـ دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە پىـ
چىرلاپ، ـ ئەگەر سىـنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن
بەختسىزلىك مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈپ قالسا..."

ئىبادەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالـ
دى. نازىمنىـڭ قېقىلىپ يۆتەلگـەن ئاۋازى
ئۇنى ئېسىگە كەلتۈرگەن ئىـدى. ئۇ بېشىنى
قىيا بۇراپ، سەككىز ۋولتلۇق ئۈستەل چىرـ
غىنىڭ كۆككا يورۇغىدا ئۈستەلگە مەيدىسىنى
چاپلاپ، سول قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە
ئوڭ قولىدىكى قەلەمدە شىتىرلىتىپ نىمىلەرـ
نىدۇر يېزىۋاتـقان نازىمغا تىـكىلدى ـ دە،
ئىچىدە: " ھـەي نازىـم، ھەي نازىم، شېئىر
يازىمەن دەپ جېنىڭنى ئىكەكلىگىچە، ئارامـ
خۇدا ئۇيقۇڭنى ئۇخلىساڭ نىمە بولارسەن ؟
بىر چاغـلاردا، شېئىر يـازغاننىڭ دەردىـنى
تويغىدەك تارتمىغان بـولساڭمۇ كاشكى !..."
دىدى ۋە يۈرىگىنى دىر نەرسە چىشلەۋاتقانـ
دەك بىئارام بولۇپ، ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى.

2

بۇ يىلقى يازلىق تەتىل ئىبادەمگە ياراشـ
مىدى: ئىبادەم تۆت پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ،
تۆتىلىسىنىـى قـاتـارغـا قـوشقـان بولسىمۇ،
بىرەرسىـنىمۇ ئۆز قولىچە باقـقان ئەمەس ،
ئۇدۇللۇق تۇققان بالىسىنى ئۇدۇللۇق قېيىنئاـ
نىسىنىڭ ئۆيىگـىگە سېلىپ بېرەتتى، قايسى

سى مەكتەپ يېشىغا تولسا، شۇنى يېنىغا قايتۇرۇپ كېلەتتى. بۇ باللار ئىبادەمنى ھەم ئانا، ھەم ئوقۇتقۇچى ئورنىدا كۆرۈپ، بەكمۇ ھېيىقاتتى، گېپىنى ئاڭلايتتى، بىرەر ئىشقا بۇيرىسا، قانات چىقىرىپ ئۇچاتتى. شۇڭا ئىبادەمنىڭ نازىم بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتكەن ئون بەش يىللىق ئۆمرى ئون بەش كۈندەك تويۇلمىغان ئىدى. مۇندىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى قېينانىسى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ، تېكىر تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئىبادەم ئىككى ياشلىق زۇلەي بىلەن تۆت ياشلىق ۋاھىزنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. "تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق" دىگەندەك، بۇ ئىككى "پاراكەندە" ئۆيدە پەيدا بولۇش بىلەنلا، ئىبادەمگە بىردەممۇ ئارامچىلىق بولمىدى؛ ھېلى بىرسى بىر نەرسىنى بۇزۇۋەتسە، ھېلى بىرسى كىيىم-كېچىگىنى بۇلغايتتى؛ ھېلى بىرسى ئىككىنچى بىرىنىڭ ئېغىز-بۇرنىنى قانىتىپ قويسا، ھېلى بىرسى بىر نەرسىنىڭ خەقىشىنى قىلىپ يىغلاپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى. تېخى كېچىنىڭ بىسەرەمجانلىغىنى دىمەمسىز: ئىبادەم ھەر كېچىسى بىر نەچچە قېتىم ئويغىنىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. روھى، جىسمانى جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە چارچاش ئۇنى ئەپچىللا ئورۇقلىتىۋەتتى. كەم ئىشتىھا، چاچقۇن بولۇپ قالدى. ئۇ، ھەقىقى ئانا بولۇشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىگىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە؛ قېينىئانىسى گويا بىر ئىلاھى سىمادەك، ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغاتماقتا ئىدى. شۇڭا، قېينىئانىسىنى ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم يوقلاپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇ، ناشتىنى قېينىئانىسىنىڭكىدە قىلدى. چۈشكە يېقىن قايتىپ كېلىپ، نازىمنى ئېھۋەتتى. باللارغا چۈشلۈك تاماق ئېتىپ بەرگەندىن كېيىن، كىر-قات يۇيۇشقا ئولتۇرغىنىچە، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئورنىدىن تۇردى. چاي سېلىپ، باللارنى ياتقۇزۇۋەتتى-دە، شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىستاپ كېلىۋاتقان يېڭى ئوقۇش يىلى ئۈچۈن كونسىپىك تەييارلاشقا تۇتۇندى.

ئىبادەم سائەتكە قارىدى: كىنودىن يانىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى، نازىم تېخىچە يوق.

ئىبادەم ئەنسىرەشكە باشلىدى: "قېينىئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدىمۇ-يا؟ — ئۇ پەرىشان قىياپەتتە بېشىنى كۆتىرىپ، قەلەمنى بارماقلىرى ئارىسىدا مەھكەم قىسقىنىچە ئۆز-ئۆزىگە كايىپ كەتتى، — شۇنداق دىگەن ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق، ئىلاھىم!... تىلىمسەك تاپارسەن، دىگەندەك نىمانداق شۇم ئېغىزلىق قىلىمەن؟!..."

دېرىزە تۈۋىدىلا ياڭرىغان بۇچەمنىڭ شوخ كۈلكىسى ئىبادەمنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى قىيا بۇرىشىغا، نازىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يار دەم؟ سىزدىن يار دەم ئايلانسۇن، ئۇكام!

— راست؟

— راست بولماي! مەن قاچان يالغان سۆزلىگەن؟

— ۋىيەي، يالغان سۆزلىمەپتىمىش تېخى! ئۆزىڭىز مىغۇ ئۆتۈپ كەتكەن يالغانچىدىن...

— بەللى-بەللى!... ھە، گەپ قىلىڭە!

— يالغانمىدى!؟ باياتىن ئىككى قېتىم ئىزدەپ كىرسەم، ئۆيدە يوق ئىكەنسىز. ساقلا-ساقلا مۇشۇ چاغ بولدى، — بۇچەمنىڭ ئاۋازى سەل پەسلىگەن ئىدى، ئىبادەم ئۇنىڭ نىمە دىگەنلىگىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇ-

چەم يەنە ئاۋازىنى كۆتەردى، — ئەممەسە جىندەك كۆتۈپ تۇرامسىز؟

— بەك ساقلىتىۋەتمەسسىز؟

— هازىرلا چىقىمەن.

— ......

كۆڭلىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قانداقتۇر بىر قىزىقىش ئىبادەمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، چىرىغى ئۆچىرۈۋېتىلگەن تاشقارقى ئۆيگە چىقتى — دە، دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. دېرىزە پەردىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاۋايلاپ قايرىپ، سىرتقا كۆز ئىكتى: نازىم دەل ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى.

ئۇزۇنغا قالماي، بۇچەمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ — يېپىلدى. بۇچەممۇ نازىمنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ۋە ئاپپاق بىر نەرسىنى نازىمغا ئۇزاتتى. ئىككى قول جۇپلاشتى. بۇچەم:

— ئەتىدىن قالمىسۇن جۇمۇ! — دېۋىدى، نازىم:

— بولىدۇ، خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ! — دېگىنىچە، هېلىقى نەرسىنى شىمىنىڭ يانچۇغىغا سالدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئىبادەمنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. پۈت — قوللىرىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندەك، جەينىكى بىلەن دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە يۆلىنىپ قالدى. قۇلىقىدا ئۆزەرەنىڭ: „نازىم ساڭا تۇيدۇرماي، بۇچەمنىڭ لەغمىنىنى يەپ يۈرۈپتۇ“ دېگەن سۆزلىرى تەكرار ياڭرىغاندەك بولۇپ، بېشى پىرىرىدە قايدى — دە، كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى.

ئىشىكنىڭ تاراقلىشى ئىبادەمنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ، يۈگۈرۈپ دېگىدەك ئىچكەرىكى ئۆيگە قايتىپ كىردى — دە، كىتاپ — قەغەزلەر ئۈستىگە ئېڭىشتى. يۈرىكى ناغرا چالاتتى، تاكى نازىم قېشىغا كېلىپ، قولىنى يەلكىسىگە قويغىچە، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. نازىم ئۇنىڭ قەغەزلىرىگە بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— كونسپېكت تەييارلاۋېتىپسەن — دە؟ — دەپ سورىۋىدى، ئىبادەم سوغۇق قىلاچاۋاپ بەردى:

— ھەئە.

— بالىلار ئۇخلىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە.

— زىلەي بىلەن ۋاھىز خاپا قىلىدىمۇ؟

— ياق.

— ئەتىگەن سەن ئانامنىڭ قېشىدىن قايتىپ كەلگىچە، مېنى تويغۇزۇپلا ئەتكەن ئىدى، ھەرنىمە بولسا، خېلى ئىنساپ قىلىشىپتۇ.

ئىبادەم ئۈنچىقمىدى. كۆزلىرى دەرسلىك كىتاپتىكى بىر فورمىلىغا بارغانسېرى قاتتىق تىكىلمەكتە ئىدى. نازىم سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئانام ئەتىگەنكىدىن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. مەن نىۋاخ قايتىپ كېلەتتىم، ئۇنىڭ كېپى تۈگىمەي، مۇشۇ چاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم، — نازىم ئىككىنچى قولىنىمۇ ئىبادەمنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، كۆكسىنى ئۇنىڭ بېشىغا ياقتى، — ئەتە ئەتىگەندە بالىلارغا مەن قاراپ تۇرسام، سەن شاققىدە بېرىپ، ماشىنىچىنىڭدىن ھېيتلىق پەلتۇرۇڭنى ئەپكىلىۋالساڭ بولارمىكىن؟

ئىبادەم بېشىنى نازىمنىڭ كۆكسىدىن يىراقلاشتۇردى ۋە ئۆزىگە يات بىرخىل ئاۋازدا:

— ئەۋەل ئەتە تاڭ ئاتسۇن، — دېدى ئىرەڭسىزغىنا، — شۇ چاغدا قاراپ باقارمەن.

نازىم ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا؟

— مىجەزىم يوق.

ئىبادەم ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يالغان سۆزلەۋاتاتتى. خوتۇنىغا چەكسىز ئىشىنىدى

غان نازىمنىڭ يۈرىكى " قارت "قىلىپ، بىشىدا تۈگمەن تېشى چۆگىلەۋاتقاندەك بىشاراھچىلىققا چۆكتى.

— ئاپلا، ماۋۇ كىلىشمەسلىكنى ! ... — دەپ تۇۋلىۋەتتى ئۇ ۋە بىر قولى بىلەن ئىبادەمنىڭ بېشىنى، ئىككىنچى قولى بىلەن ئېگىكىنى تۇتۇپ، يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى، — قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟

— بېشىم...

— بېشىم؟ — نازىم ئۇنىڭ پىشانىسىنى تۇتتى. ئىبادەم كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. — ئىسسىتماڭ يوقتەك قىلىدۇ....؟ دوختۇرغا ئاپىرىپ باقايمىكىن؟

— ياق، تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار، سىز يېتىۋىرىڭ. مەن ماۋۇ فورمۇلىنى ئىشلىۋالاي.

— بۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ جېنىڭنى قىيىنىماي، ئەتە ئىشلە. دەرس باشلاشقا تېخى بىر ھەپتە بارغۇ؟ — نازىم سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — ئەگەر كۆڭلىڭ بەك ئۇنىمىسا، مەن ھازىرلا ئىشلەپ قوياي، ئۆزۈمنىڭمۇ ئازراق قىلىدىغان ئىشىم بار.

ئىبادەم تەسلىكتە كۆندى. نازىمنىڭ ھېلىقى فورمۇلىنى ئىشلەپ قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قەتئىي رەت قىلدى...

باياتىن ئىبادەم ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئەمدى نازىم ئولتۇراتتى. ئۇ سىم كارۋاتتا ياتقان ئىبادەمگە پات-پات قاراپ قوياتتى، ئەھۋال سورايتتى، ئاتايىتەن قېشىغا كېلىپ، پىشانىسىنى تۇتۇپ باقاتتى، باش-كۆزىنى سىلاپ قوياتتى. كۆڭۈل كۆتىرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، تەسەللى بېرەتتى. ئۇ قانچە پايپېتەك بولغانسېرى، ئىبادەم شۇنچە قەغىشلىك قىلاتتى: ئېڭرايتتى، يىغلايتتى، "ئۇھ" تارتاتتى. ئىنجىغلايتتى ... ھەتتا ھېچقاچان قىلىمىغان قىلىقنى قىلىپ، نازىمنى سىلكىشلەيتتى.

ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى نازىمنىڭ ئىككى چەكىسى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئىشىمۇ ئاقمىدى، كۈتۈلمىگەندە:

— نازىم، — دېدى ئىبادەم غەلىتى چىقىراق ئاۋازدا، — تېچلاندۇرغۇچى دورىنى ئېلىۋېتىڭە.

نازىم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان قوش قەۋەتلىك شكاپنىڭ تارتمىسى — «كىچىك دورىخانا» نى ئېچىپلا تېچلاندۇرغۇچى دورا قاچىلانغان شىشە قۇتىنى قولىغا ئالدى.

— يەنە ئىككى تال بېرىڭ، — دېدى ئىبادەم نازىم ئۇزاتقان ئىككى تال دورىنى قولىغا ئېلىپلا.

نازىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى:

— ئېغىر كىلەرمىكىن؟ بۇ دورىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دوزىسى ئىككى تال ئىكەن ...

— ئىككى تال؟ مەن ئۈچ تالدىنمۇ ئىچىپ باققان، — ئىبادەم كىمنىدۇر مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇز داسۆزلەيتتى، — تەسىرى چاغلىق ئىكەن. ھازىرقى ئەھۋالىمدا، ئون تال ئىچسەممۇ بىر نىمە قىلالمايدۇ!...

نازىم كۆڭلى قىيىمىغان ھالدا يەنە ئىككى تال دورىنى ئىبادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇ چاي قۇيغىلى ماڭغاندا، ئىبادەم قولىدىكى دورىنى كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقتى...

يېرىم سائەتتىن بۇيان، نازىم ئىبادەمنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. ئۆي بىر ئاز سالقىنلىدى. ئۇستىگە ھىچنەرسە يېپىنماستىن، ئىچ كۆينەك بىلەنلا ياتقان ئىبادەم بىر ئۇزۇلۇپ، بىر يىغىلىدى — دە، پۇشۇلداپ "ئۇخلاپ" كەتتى. نازىم ئۇنى سە-

Altunoq

لاشتىن توختاپ، چېكسىز ئامراقلىق، چوڭقۇر ئەنسىرەش ھېسسىياتى بىلەن، ئۇنىڭغا ئون مىنۇتچە جىم - جىت تىكىلىپ ئولتۇردى. ئاندىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ چاقىرچە زىننەت بويۇمى پېتىدىلا ساقلاپ كېلىۋاتقان قىممەت باھالىق يۇلۇق ئەدىيالنى ئىبادەمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى - دە، ئۇنىڭ ئۈستىنى سىلىشقا باشلىدى. نازىم چىراقنى ئۆچۈرۈشىگە، ئىبادەم دەرھال كۆزىنى ئاچتى. نازىمنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تىنىقىنىمۇ سىرتقا چىقارماسلىققا تىرىشاتتى. ئۆزىنىڭ باياتىنقى قىلىقىدىن ھەيران بولاتتى ۋە يۈرىكى سىقىلىشىدىن كەينى-كەينىدىن «ئۇھ» تارتاتتى. پۇت - قولىنى دەم سوزۇپ، دەم يىغاتتى. كۆزلىرىنى دەم يۇمۇپ، دەم ئاچاتتى. ھەر بىر مىدىرلىغىنىدا خوخا، يانتاق ئۈستىدە يۇمىلاۋاتقاندەك، تام - تورۇس تۆت تەرىپىدىن قىسىپ ھازىرلا جېنىنى چىقىرىۋېتىدىغاندەك، بىئارام بولاتتى.

ئىبادەم چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى. ئۈستىگە يېپىلغان ئەدىيالنى زەرەپ بىلەن ئېچىپ، بىر يانغا چۆرۈۋەتتى - دە، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى. دېرىزە ئەينىكىدىن شوڭغۇپ كىرگەن ئاينىڭ شولىسى ئۇدۇللا نازىمنىڭ يۈزىگە چۈشكەن ئىدى. نازىم كىم بىلەندۇر گەپلىشىۋاتقاندەك، نىمىلەرنىدۇر پىچىرلىغان ئىدى، ئىبادەم ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقۇرالمىدى. كۆڭلى غەش بولغىنىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. بالىلار ئانا قارنىدا ياتقاندەك خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئىبادەم ئۇلارغا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر ئۇلۇق - كىچىك تىندى. كۆتۈلمىگەندە كۆز ياشلىرى سىرغىپ، كېيىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. لېكىن ئىبادەم پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈنلۈك يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشاتتى.

× ×

ئىبادەم ئۇخلىدىمۇ، ئۇخلىمىدىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۈگۈن ئۇ ھەر قانداق چاغدىكىدىن بىرەر سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. ئورنىدىن تۇردى - يۇ، بىرىنچى قىلغان ئىشى نازىمنىڭ شىم - چاپانلىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاختۇرۇش بولدى. بىراق ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى تاپالمىدى. ئۇ، شىرە ئۈستىگە كۆز يۈگەرتكەن ئىدى. بۇچەم يازغان كونسپېكتنى كۆردى. نازىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شىرەنىڭ تۈۋىگە كەلدى - دە، ھېچقانداق شەپە چىقارماستىن، كونسپېكتنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇ ئىشتىمۇ مىخقا ئۇسسىدى. ئۇ، ئۆزىنى گۇمانخورلۇقتا ئەيىبلەپ، شىرە تۈۋىدىن كېتىشكە تەمشىلىۋاتقىنىدا، يېرىمى رادىيو ئاستىدا، يېرىمى سىرتقا چىقىپ تۇرغان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرۈپ قالدى. ئىبادەم ئۇنى ئىتتىك قولىغا ئالغان ئىدى، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. قەغەزگە يېزىلغىنى بىر نەچچە مىسرا شېئىر بولۇپ، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرگىدەك تېتىقسىز سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئىدى. تېخى نازىم ئۇنىڭدىكى بىر نەچچە سۆزنى ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ لاۋزىلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

«ھۇ، سۇپەك! - دېدى ئىبادەم شېئىرنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئىچىدە، - شېئىر تۈزەتكۈزۈشنى بانا قىلىپ "جېنىم"، "يارىم" دەپ سۆيگىنى ئېيتىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى بۇلغاپسەن - دە! خەپ... بۇ بىرنىمىگىنى ئېرىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، شۇنداق رەسۋايىڭنى چىقىرايكى...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇلەيىنىڭ ئىگرىشى ئىبادەمنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. نازىمىمۇ قىمىرلاشقا باشلىدى. ئىبادەم لاغىلداپ تىترەيتتى، غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىپ، بويۇن ۋە كۆكرەكلىرىنى نەمدەۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. تۇيۇقسىز ئىبادەمنىڭ كۆڭلىگە غەلىتە بىر ئوي كەلدى ـ دە، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ، ھەممە يېرىنى ئەديال بىلەن چۈمكىۋالدى. ئۇ، نازىمنىڭ زۇلەيىنى پەس ئاۋازدا بەزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندا، ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

## 3

تۇرمۇش دېڭىزى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە سىرلىق، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ مەخلۇق تېخىمۇ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ شۇڭا، كۆپ ھاللاردا بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلمەك كەمدىن ـ كەم ئادەملەرگە نېسىپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىبادەم قىلچە ساۋاتسىزلاردىن ئىدى. ئاخشام نازىمنىڭ بۆچەم بىلەن قىلىشقان سىرلىق گەپلىرى ۋە بۆچەمنىڭ ھېلىقى بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرى ئىبادەم بىلەن نازىم ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھاڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر ئىبادەم ئەشۇ ھاڭنىڭ بىر تەرىپىدە، نازىم يەنە بىر تەرىپىدە تۇراتتى. باللار ھاڭ ئىچىدە زار ـ زار قاخشاپ، ئۇۋىسىغا زەھەرلىك ئىلان تۇمشۇقىنى تىققان قالغاچ باللىرىدەك تىپىرلىماقتا ئىدى.

قانداق قىلغۇلۇق؟ يۈرىكىنىڭ پارىسى ــ باللارنى ئەشۇ ھاڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ، نازىم بىلەن ئارىلىقنى ئوچۇق قىلسۇنمۇ؟ بۇ ئىنتايىن ئوڭاي: ھېلىقى بىھايا سۆزلەر پۈتۈلگەن قەغەزنى بۆچەمنىڭ ئېرى ياكى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تۇتقۇزسىلا، بىردەمدە ھەممە ئىش پۈتىدۇ. لېكىن...

دەل مۇشۇ «لېكىن» ئىبادەمنى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر چاغلاردا چىن يۈرىكىدىن سۆيۈپ تاللىۋالغان ئۆمۈرلۈك جۈپتى، ئاسماقتەك ئىككى جۈپ گۆھەرنىڭ ئاتىسى، ئەمدىلىكتە (ياق ئۇزۇندىن بۇيان!...) ئايال سۈپەت بىر شاياتۇنىنىڭ ئىپلاس تېنىدىن ھايۋانى نەپسىگە ھوزۇر ئىزدەش يولىدا، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي خىسلەت ـ ئار ـ نومۇس، ۋىژدان، ئادىمىلىق بۇرچىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن شەرمەندە ــ نازىم بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. ئىبادەمنىڭ بىمارلىق تۆشىكىدە ياتقىنىغا تېخى تولۇق بىر كۈن بولمىغان بولسىمۇ، رەڭگى سامانىدەك سارغىيىپ، ئۆلۈك سىنچىگە كىرگەن ئىدى. ئۇ شۇنداق ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدىكى، قاش ـ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى كەجگىسىدە قاينايتتى. نازىم بىلەن باللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. نازىمنىڭ ئاز ـ تولا بىر نەرسە يېۋېلىش، ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىش، دوختۇرغا كۆرۈنۈش توغرىسىدىكى يالۋۇرۇپ ـ ياقىنىشلىرى ئىبادەمنىڭ نەزىرىدە «پەقەت بۆشۈكتىكى بوۋاقنى ئالدىيالايدىغان رېزىنكە ئەمچەك» ئىدى. شۇڭا نازىم نېمىنى تەكلىپ قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ياق!» دېگەندىن بۆلەك سۆز چىقمايتتى. مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك بۇ قوپال سۆزنى سائەتكە نەچچە قېتىم ئاڭلاپ تۇرغان نازىم، قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان ئىبادەمنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى بولمايتتى. ھېلى باش ـ كۆزىنى سىلىسا، ھېلى پۇتلىرىنى تۇتاتتى. بېغىشلىرى تېلىپ، «ئۇھ» دېگەندەك

ھالى قالمىغىچە قولىدىن يەلپۈگۈچنى چۆ-
شۈرمەي يەلپىيتتى.

«قارا، سېنىڭ خۇپسەنلىكىڭنى! — دەيتتى ئىبادەم كۆزلىرىنى تې-
خىمۇ مەھكەم يۇمغىنىچە، ئۆزى بىلەن
ئۆزى گەپلىشىپ، — ئىچىڭدە نىمە بارلىقىنى
مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ياق، مەن ھەممە-
نى بىلىمەن. سېنىڭ تۇرغان — پۈتكىنىڭ،
ئەس — يادىڭ مېنى ئالداش! خەق سېنى
يۇۋاش — يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل دېيىشىدى-
كەن. شۇنداق دىگۈچىلەرنىڭ تىلى قۇرۇپ
كەتسۇن، ئىلاھىم!... تېخى سەن تەشكىلنىڭ
ئالدىدىمۇ بىباھا گۆھەر سانىلىسەن!... ئە-
گەر تەشكىل ۋە يولداشلار سېنىڭ ئەستى-
رىنىڭ ئىچىدە ئەستىرى بار قوسىقىڭدا قان-
داق جىن-شاياتۇنلار بەزمە قۇرۇپ، ئۇسۇل
ئويناۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان بولسا...»

ئىبادەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى،
ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. نازىم ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئېگىشىپ بىرمۇنچە كۆڭۈل كۆ-
تىرىدىغان گەپلەرنى قىلدى. باللار كارۋات-
نىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. چوڭلىرى كۆز يې-
شى قىلىشتى. كۆتۈلمىگەندە زۆلەي ئۆزىنى
ئىبادەمنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ،
قىقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئانا — بالىنىڭ
كۆز يېشى بىر — بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىبادەم-
نىڭ يۈز — كۆزىنى چىلىق — چىلىق ھۆل
قىلىۋەتتى. ئىبادەم بىر ھازادىن كېيىن
يىغىسىنى توختۇتۇپ، بىلىنەر — بىلىنمەس
تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن زۆلەينى ئاس-
تا ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى — دە، كارۋات-
نىڭ ئايىغىغا ئېگىگىنى تېرىگىنىچە، ئانى-
سىغا ئايانچىلىق تىكىلىپ تۇرغان چوڭ ئوغ-
لى ئەنۋەرگە قاراپ:

— بالام، يۆگۈر، — دىدى پەس ئاۋاز-
دا، — ئۇكىلىرىڭىزنى بىردەم ئويناتىپ كىر.

— ئوينىمايمەن... ئوينىمايمەن! — زۆ-
لەي ئانىسىغا تېخىمۇ چىڭراق يېپىشتى، —
سېنى باقىمەن!...

ئىككى ياشتىن سەللا ھالقىغان نارسىدى-
نىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىبا-
دەمنىڭ يۈرىگى ياغۇنچاقتا ئەزگەن تالقان-
دەك ئۇۋۇلۇپ، مېڭىسىدە چاقماق چېقىلدى.
كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يېڭىۋاشتىن
يىغا باشلاندى.

— ۋاي جېنىم بالام... ۋاي تاتلىق قو-
زام!... — ئىبادەم يېنى بولۇپ، زۆلەينى
يەردىن يۇلۇپ ئالدى — دە، باغرىغا باستى،
مەڭزىنى — مەڭزىگە ياقتى. خېلىدىن كې-
يىن يىغىسىنى سەل پەسلىتىپ، سۆزىنى دا-
ۋام قىلدى، — تاتلىق تىلىڭدىن ئۆرگۈلۈپ
كېتەي! ماقۇل سەن مېنى باق، مەنمۇ سې-
نى باقاي... ئاكىلىرىڭ بىلەن ئاچاڭنى دا-
داڭ باقسۇن...

— ياق — چا، ياق! — ۋاھىز ئوقتەك ئېتىلىپ،
كېلىپ ئانىسىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاغلىدى.
ئەنۋەر بىلەن گۈلشەننىڭ كۆزلىرىدە ياش
ئەگىدى، — ئانا، سېنى ھەممىمىز باقىمىز! —
ۋاھىز نازىمغا قىيا بۇرۇلۇپ سورىدى، —
راستىمۇ دادا؟

— ھەئە بالام، ئاناڭنى ھەممىمىز باقىمىز.
ئاناڭ ساقايغاندا، سىلەرنى باقىدۇ...

ئىشكىنىڭ يەڭگىلىغىنە ئېچىلىشى، نا-
زىمنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى. پەگادا ئالىيۇ-
مىن كورا كۆتەرگەن بۇچەم تۇراتتى. بۇ-
ئۇنىڭ ئەتىگەنىنكىزى بۇ ئۆيگە ئۈچۈنچى
قېتىم كىرىشى ئىدى.

— كىلىڭ بۇچەم.

نازىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەمشىلىۋ-
دى، بۇچەم يەڭگىل چامداپ، ئىبادەمنىڭ
كارۋىتىغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا، ئىبادەم

ئۆزىنى يۆمەۋالغان ئىدى .
بوۋچەم ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ
چىققاندىن كېيىن ، قولىدىكى كورىنى شىرە
ئۈستىگە قويدى ۋە نازىمغا بۇرۇلۇپ:
— ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ - دەپ
سورىدى .
نازىم ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ بولغىچە،
ۋاھىز ئالدىراپ جاۋاپ بەردى :
— ئانام ئۇخلىمىدى ، يىغلىدى .
ئەنە شۇ چاغدىلا ، بوۋچەم ئىمبادەمنىڭ
مەڭزىدە گۈلگە قونغان شەبنەمدەك لىغىلداپ
تۇرغان كۆممە قوناقتەك ئىككى تامچە ياش -
نى كۆردى. ئۇ ، ئىمبادەمنىڭ كارۋىتى
يېنىغا كەلدى :
— ئىمبادەم ، مىجەزىڭىز قانداقراق ؟
ئىمبادەم ئۈنچىقمىدى . كۆزلىرىدىن يە-
نە ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ ، قۇ -
لاقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى . بوۋچەم سۈت-
تەك ئاپپاق ، پاختىدەك يۇمشاق ئالقىنىنى
ئۇنىڭ پىشانىسىگە قويغاندا ، ئىمبادەم يۈ -
زىنى سىڭايان قىلىپ ، زۇلەيىنىڭ يۈزىگە
چاپلىشىۋالدى .
— بىچارە، نېمە بولغاندۇ؟ - بوۋچەم سۆز-
لەۋاتقاندا ، قولى ئىمبادەمنىڭ بېشىنى سى-
لاۋاتاتتى،- دوختۇرغا ئاپىرىپ باقساق
بولارمىكىن ؟
— ئۇنىمايۋاتىدۇ، - نازىم سوزۇپ "ئۇھ"
تارتتى،- بولمىغۇ شۇنداق قىلساق بولاتتى...
— بەلكى سىزنى پاراكەندە قىلماي دې -
گەندۇ ؟ قارىسام بىچارىنىڭ خېلىلا دەردى
باردەك قىلىدۇ . مەن ئىنىمغا تېلېفون بېرە-
ۋەتەي ، ھازىرلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەل -
سۇن ، ئاڭغىچە ئىمبادەممۇ كۆزىنى ئاچار .
ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ كېسەلىنى ئېغىرلاش -
تۇرۇپ قويساق بولماس.
— ماقۇل ...
— ياق ! بارمايمەن ! ...
ئىمبادەم چايان چاققاندەك چىقىرىۋەتتى .
ھودۇقۇپ كەتكەن بوۋچەم ئىتتىك بۇرۇلۇپ ،
ئىمبادەمگە قارىغان ئىدى ، كۆزلىرى ئۇنىڭ
كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى . بۇ كۆزلەر
شۇنداق ھەسرەتلىك ، شۇنداق غەزەپلىك
چاقناۋاتاتتىكى، بوۋچەمنىڭ پۈتۈن ئەزايى تى-
كەنلىشىپ ، پۇت - قولىدىن ماغدۇرى كەت -
كەندەك بولدى . نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇ-
شەلگەن تىلى چىش يېمىگەن غونىچۇن قاتقان
تۇلۇق تاشتەك سۆرۈلۈۋېلىپ ، ئېغىز دەر -
ۋازىسىغا زادىلا يېقىنلاشقىلى ئۇنىمايتتى.
يۈرىكى لاچىننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان
كەپتەردەك قالايمىقان تىپىرلايتتى.
— ئۇھ ! ...
بوۋچەم چىداشلىق بىرەلمىدى : ئەمدىلىك-
تە ئۇ ، كۆزلىرىنى ئىمبادەمنىڭ كۆزلىرىگە
ئەمەس ، رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەت-
كەن گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغان دېرىزە تەك-
چىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە تىكمەكتە ئىدى .
خېلىدىن كېيىن ، بوۋچەم نازىمغا بۇرۇلدى.
— نازىم - دېدى ئۇ ، - ئىمبادەم مەيلى
ئۇنىسۇن ، ياكى ئۇنىمىسۇن ، ئۇنى دوختۇر-
غا تەكشۈرتمەي بولمايدۇ . سىز دوختۇر
مۇرتىزا بىلەن يېقىنغۇ دەيمەن ؟
— يېقىن بولغاندىمۇ ئاكا-ئۇكىدەك يېقىن.
— ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە يەنە يە -
گىرمە مىنۇت قاپتۇ ، - بوۋچەم سائىتىگە قا-
راپ قويدى ، - مەن ئىمبادەمگە ھەمرا بو -
لۇپ تۇراي ، سىز ئۈچقاندەك ئۇنىڭ قېشىغا
بېرىپ ، باشقا گەپ قىلماي : " ھامىمىڭىز
ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى " دەڭ . مېنىڭ
ئېتىمنى ئاڭلىسا ، ھەر قانچە زۆرۈر ئىشى

بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ بۆيەرگە ئۇنىدۇ .

— ماقۇل.

— نىماندىاق قىلىدىغاندۇ بۇ خەق ! ...

مەن ئەتىگەنىڭزى نىمە دەۋاتىمەن ؟ — ئەبادەم ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، قايناپ كەتتى. — ئۆلۈم ياراتماي ۋاتقان بۇ جىنىمغا دوختۇر — پوختۇر دىگەنىنىڭ نىمە كېرىگى!؟

— ئۇنداق دىمەڭ، ئەبادەم! — بۆچەم ئېتىراز بىلدۈردى ، — كېسەلگە سەل قارىغان بىلەن بولمايدۇ . مۇنداق جاھىللىق قىلىسىڭىز ، كىمگە پايدا ، كىمگە زىيان ؟ — بۆچەم سەل توختاپ قوشۇپ قويدى ، — قوينىڭ قوزىسىدەك رېمش ئايال ئىدىڭىز ، نىمە بولغانسىز؟

— نىمە بولغانلىغىمنى بىلمەيۋاتامسىز ؟!

ئەبادەم شۇنداق قوپال ۋاقىرىدىكى ، ھەتتا ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى . ئۇ يەنە نىمىلەرنىدۇر دىيىشكە تەييارلانغان تىلىنى تەسلىكتە يىغىپ ، بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى ، دېرىزە تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى...

نازىم ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى .

بۆچەم تاشتارقى ئۆيدىن چىنە — قاچا ، چۆمۈچ — قوشۇقلارنى تېپىپ كىردى — دە ، كورىدىكى ئاشنى ئۇسسىدى . بالىلارنى داستىخان ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ ، ئاش ئۇسسۇلغان چىنىلەرنى ئالدىغا قويدى . داستىخانغا تۆكمەي ، تەرتىپلىك ئىچىشنى تاپىلىدى . ئاندىن ئاشنىڭ باش — بۇرنى ئۇسسۇلغان چىنىنى كۆتىرىپ ، ئەبادەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبادەم يەنىلا يىغلاۋاتاتتى.

— ئەبادەم ، — دىدى بۆچەم ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېگىشىپ ، — ماۋۇ ئاشتىن ئىككى قوشۇق ئىچىپ بېقىڭە ، قۇرۇپ كەتكەن ئۆچەيلىرىڭىز سەل — پەل نەملەنسۇن .

ئەبادەم قىمىرلاپمۇ قويمىدى . بۆچەم قوشۇقنى چىنىدىكى ئاشقا پاتۇرىۋېتىپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەك ماغدۇرىڭىز بولمىسا ، مەن ئىچكۈزۈپ قويايمۇ ؟

— ئىچكىم يوق !

ئەبادەم شۇنداق دىدى — يۇ ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ، يۈزىنى بۆچەمگە بۇردى . ئاش كۆكى بىلەن زىرە — قارىمۇچنىڭ مېزىلىك هىدى دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا ، ئۆچەيلىرى تارتىشىپ ، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلدى . كۆزلىرى قوشۇقتىكى يېڭىلا سويۇلغان بورداق قوينىڭ گۆشىدە قىلىنغان قىيما ، نوقۇتتەك — نوقۇتتەك چوڭلۇقتا توغرالغان قوينىڭ قۇيرۇق يېغى بىلەن چامغۇر ، خېمىرىغا تۇخۇم قۇيۇپ ، چاچتەك ئىنچىكە كېسىلگەن ئۈگرىدە ئىدى . ئۆلۈككە جان كىرگۈزگىدەك ئوخشۇتۇپ ئېتىلگەن بۇ ئاش تەبىئىكى ، مەخسۇسلا ئەبادەم ئۈچۈن ئېتىلگەن ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، قوشۇق ئۇنىڭ ئاغزىغا تېگىپ دىگىدەك تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، بۆچەمنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئالغان ۋە قالدۇرماي ئىچىۋەتكەنىمۇ بولاتتىغۇ ، لېكىن ...

مۇشۇ " لېكىن " ئەبادەمنىڭ گېلىنى بوغدى . ئەبادەم كۆزىنىڭ قۇيرىغىدا بۆچەمگە شۇنداق قاراۋىدى، يۈرىگى " قارت " قىلىپ، نەپسى توختاپ قالغىلى تاس قالدى . بۆچەمنىڭ كەمدىن — كەم ئاياللارغا نىسىپ بولغان ئايدەك گۈزەل ھۆسنى ، بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى ، قالغاچنىڭ قانىتىدەك قاپ — قارا ئەگمە قاشلىرى ، ھەرقانداق ئەركەك جىنسىنىڭ جېنىغا قازائى مۇئەللەق بولۇپ تىكىلىپ تۇرغان ئوقيا كىرپىكلىرى، تال — چىۋىقتەك خۇشپىچىم بەستى ، تې —

قەممىنى بېسىپ چۈشكەن ھەم توم، ھەم ئۇزۇن چاچلىرى ئىبادەمنىڭ يۈرىكىنى داغلاپ، ۋۇجۇدىنى رەشك ئوتى بىلەن كۆيدۈرمەكتە ئىدى، راست ئەمەسمۇ؟ ئەنە شۇ ھۆسۈن، ئەنە شۇ قاش ـ كۆزلەر، ئەنە شۇ قامەت، ئەنە شۇ چاچلار نازىم تۇرماق ھاروت بىلەن ماروتنىمۇ يولدىن ئازدۇرۇپ، تەڭرىنىڭ يۈزىگە ئاياق بېسىشقا مەجبۇر قىلمايدۇ، دەپكىم ئېيتالايدۇ!؟

دۇرۇس، ئىبادەم ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ ھەم ئۆزىنىڭ، ھەم نازىمنىڭ نومۇسىنى بۇلغىدى. مانا ئەمدى نازىم بىلەن ئۆزىنىڭ پاك جىسمىدىن تۆرەلگەن ئىككى جۈپ «كۆز مۇنچاق» تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ لاي ـ لاتقىلىرى ئارىسىدا بەربات بولۇش گىردابىدا تۇرۇپتۇ... كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇچەمدىن ئىبارەت بۇ «ئېزىتقۇ» ھازىرمۇ يەنە ئۆزىنىڭ «ھۈنەر»ىنى ئىشقا سېلىپ، ئىبادەمنىڭ كۆزىنى باغلىماقچى؛ ئەقلىنى ئوغۇرلاپ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، ئاللىقاچان چىۋۋىلۇپ كەتكەن ئەسكى كۆۋرۈكنى يېڭىۋاشتىن ئوڭلىماقچى بولۇۋاتىدۇ!... ياق! ئىبادەم ئاچچىقتا ئۆلۈشكە رازىكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ناپاك قولى بىلەن تەييارلىغان «يۇندا»نى ئىچىپ، ئۆزىنىڭ شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىڭ تەختىنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويمايدۇ!

ئىبادەم چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتىپ، بۇچەمنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا بىر سىكۇنتقىچە بىگىزدەك قادىلىپ تۇردى ـ دە، يۈزىنى شارتتىدە تام تەرەپكە بۇراپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان بۇچەم بىر ئۇنىڭغا، بىر ئىشتەھا بىلەن ئاش ئىچىشىۋاتقان باللارغا تىكىلگىنىچە، ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى.

4

«كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا» دېگەندەك، بىر ھەپتە «كېسەل» تارتقان ئىبادەم ئاخىر ئاياققا تۇردى. ئۇ، چىشىنى-چىشىغا بېسىپ بىر كۈن تىمىسقاپ، ئۆيىنىڭ تۆرىنى تۆر، تۆشۈگىنى تۆشۈك ئىسكەتىگە كىرگۈزدى. بالىلارنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق كۆتىرىلىپ، پۇت ـ قولىغا جان كىردى. كۆز يېشى قىلىشلار ئەركىلەشكە، ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە ئالماشتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىبادەم مۇشۇ بىچارىلەرنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بولا ئەمەس، ئۇنىڭ «كېسەل»ىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتتى. قايسى «ئالا قاغا» خەۋەر قىلغان ئىدىكىن، تېخى تولۇق ھۇشىغا كېلىپ بولالمىغان قېيىنئانىسىمۇ ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ، ئۇنىڭ كارۋىتى يېنىدا پەيدا بولدى ۋە زۇلەي بىلەن زاھىدنى ئېلىپ كەتتى. يەنە بىر ئىككى كۈن مۇشۇنداق ئۆتسە، ئىبادەمنىڭ يېزىدىكى ئانىسى، يىراق ـ يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇققان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلە توپىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىشى تۇرغانلا گەپ. مۇرتىزا ھەر كۈنى دېگىدەك يوقلاپ، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپمۇ «نېرۋىسى چارچىغان» دېگەندىن بۆلەك كېسەل تاپالمىدى. تېخى بۇچەمنى دېمەمسىز... ئۇ گويا مۇشۇ ئۆينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنىدەك، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى: ئاش ـ تاماق ئېتىش، كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى قارشى ئېلىش، ئۇزۇتۇش، ھەتتا باللارنى ياتقۇزۇش-تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى

«كۆتىرە» ئېلىۋالدى. باللار ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچىكىپ كەتتىكى، ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىشقا تاس - تاس قالاتتى. نىمە دىسە گېپىگە كىرەتتى. نازىمۇ ئۇنىڭغا كۆچۈكلىنىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. ئەكسىچە، ئىبادەم بۇچەمگە ئوچۇق چىراي بەرمەيتتى. ئۇنىڭ قولى تەككەن تائامنى يېمەيتتى. سۇئاللىرىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ، ئالدىنى تامغا قىلىپ يېتىۋالاتتى. ھەر مىنۇت، ھەر سىكۇنتتا بۇچەمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇسى؛ نازىمنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، تىللاپ پوسكايتىۋەتكۇسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ — ئۇنىڭ تەقدىرىگە تەن بەرگەنلىكى ياكى بىر نەچچە كۈن «كېسەل» ئازاۋىنى تارتىش نەتىجىسىدە، بىراقلا كەڭ قوساق بولۇپ قالغانلىقى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئىبادەم ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئېچىللىق بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، بۈگۈن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشىك تۈۋىدە دىردىگلاپ مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بۇچەم ئىككى ئېغىز تېچلىق سوراپ قويۇپلا، كۆزدىن يوقالدى...

— نازىم، — دىدى تورۇسقا تىكىلگىنىچە جىم ياتقان ئىبادەم تۇيۇقسىز يۈزىنى نازىمغا بۇراپ، — مەن سىزنىڭ نىمىڭىز؟

— خوتۇنۇم، — ھەيران بولغان نازىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، — قانداق دەيسەن؟

— ئۆزۈمچە سوراۋاتىمەن. باللارچۇ؟

— ئىككىمىزنىڭ بولماي، كىمنىڭ بولاتتى!

— مۇشۇ گەپنى چىن يۈرىكىڭىزدىن دەۋاتامسىز؟

— ئەستا... نىمە دەيدىغانسەن...

— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى سىزنىڭ بەزى قىلغىنىڭىزغا قاراپ، «ھاڭگا ئىشەك بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك» باللارنى يادىدىن چىقىرىۋەتتىمىكىن، دەپتىمەن...

نازىم سەگەكلەشتى، ئۇ، دەرھال گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ئوڭ قولىنىڭ جەينىكى بىلەن ياستۇققا تايانىدى ۋە ئىبادەمنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۈگۈن ئۆمرۈڭدە قىلىپ باقمىغان غەلىتى گەپلەر ئاغزىڭدىن چىقىۋاتىدۇ - يا؟

— ھە، ئەمدى چۈشۈنۈپسىز! — ئىبادەم ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — ئادەم خەقنىڭ غەلىتى ئىشلىرىنى كۆرگەندە، ئەشۇنداق غەلىتى گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن!... ئېيتىپ بېقىڭە: بۇچەمگە تۇرامسىز، ماڭىمۇ؟

— ھا — ھا — ھا!... — نازىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى — دە، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى —، خوتۇن، تۈزۈك گەپ قىلغىنىا ... چاقچاق قىلىۋاتامسەن، يا...؟

نازىمنىڭ كۈلكىسى ئىبادەمنىڭ شۇنداق جىنىغا تەگدىكى، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كېلىمنى بوققىسى، بۇچەمنىڭ ھېلىقى «ئىقرارنامە» سىنى يۈزىگە ئېتىپ، رەسۋا — ئەتتەھەييا تۇسىنى چىقىرىۋەتكىسى كەلدى. بىراق، يەنىلا ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى باستى. نازىمنىڭ كۆزلىرىگە بايىقىدىنمۇ تەمكىنرەك قىياپەتتە بىر پەس تىكىلىپ تۇردى — دە، كېسىپلا ئېيتتى:

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، يۈرۈگۈمدىكىنى ئېيتىۋاتىمەن.

نازىمنىڭ رەڭگى سەل — پەل ئۆڭگدى — دە، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

— خوتۇن، — دىدى ئۇ، — بۇنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟

— سوراش توغرا كەلگەچ سوراۋاتىمەن.

نازىم چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ، تەرىنى تۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دى. ئۆي ئىچى شۇنداق جىمجىتلىقتا چۆكتىكى، دېرىزىگە بېكىتىلگەن سىم تورغا ھەدەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر نەچچە ئاچ پاشىنىڭ توختىماي غىڭىلدىشى ۋە تاشقارقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بالىلارنىڭ يەڭگىل تارتقان خورەك ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

بۇنداق بۇرۇقتۇملۇقتىن قاتتىق ئىچى سىقىلغان ئىبادەم ياندۇرۇپ سورىدى:

— نازىم، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— .........

— جاۋاپ بەرمەك تەس كېلىۋاتامدۇ؟ — ئىبادەم ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، كۆينىگىگە قول ئۇزاتتى. ئەلپازىدىن ھازىرلا كىيىنىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.— ئۇنداق بولسا، ھازىرلا بالىلارنى ئېلىپ، ئۆينى بىكارلاپ بېرەي. ھېلىقى چىرايلىق ئاشىقنى ئەپكىرىۋېلىڭ!...

— نېمە؟!— نازىم بوراندەك گۈكىرىدى،— باياتىنىڭىزى كۆڭلىڭىنى ئاياپ گەپ قىلمىسام، نېمىلەرنى جۆيلىۋاتىسەن؟ ماڭا خەقنىڭ نېمە كېرىگى! ئەگەر مەندىن زېرىككەن بولساڭ، "ئاتىنى ئايلىخانىغا، يولنى سارىخانىغا" دىگەندەك ئىش قىلماي، خالىغان كىشىڭنىڭ كەينىدىن كېتىۋەر! ئۆلسەممۇ بالىلارنى كەينىڭگە سېلىپ قويمايمەن!...

نازىم ناھايىتى ئۇزۇن قايىندى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق قوپال گەپلەر چىقتىكى، ھەتتا ئىبادەمنى "ئالا كۆڭۈل" "يۈزسىز" دەپ كايىدى. قىزىق ئىش "مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك" دىگەن شۇ ئەمەسمۇ!؟

ئىبادەم ھۇقۇيتىپ يىغلاپ، ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلىدى. پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى. نازىم تاماكى ئوراپ قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى. سوزۇپ — سوزۇپ "ئۇھ" تارتاتتى. ئىبادەم ئۇنىڭ بۇ غەلىتى گەپلىرىنى ئۆزىگە قىلىنغان پوپۇزا، ئوغرىنىڭ "ئوغرىنى تۇت" دەپ ۋاقىرىغىنىدەك بىر ئىش، دەپ ھېس قىلدى. نازىمنى ئاسانلىقچە ئۆز قىلمىشىغا ئىقرار قىلدۇرۇپ، ناشايان يولدىن توسۇپ قېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنداقتىمۇ، قورسىقىنى تەل — تۆكۈس بوشىتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى — دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، نازىمنىڭ كۆزلىرىگە بىگىزدەك قادالغىنىچە، بۇچەم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم غەيرى نورمال مۇناسىۋەت بارلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. نازىممۇ تاماكىسىنى پۇقۇرىتىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

— "شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ" دىگەندەك، ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش بولمىسا، پۈتۈن مەكتەپتە سىلەرنىڭ گېپىڭلار بولمايدۇ! — دىدى ئىبادەم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا زەردە بىلەن، — تېخى ئىككىڭلارغا «غېرىپ — سەنەم» دەپ لەقەممۇ قويۇشۇپتۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، نازىم تاقەت قىلالمىدى بولغاي، ئىبادەمنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— باياتىن دىدىمغۇ: مەكتەپتىكى ھەممەيلەن.

— ئۇنى سوراۋاتقىنىم يوق. كىمدىن ئاڭلىدىڭ دەيمەن؟

— ئىبادەم بىر پەس جىم — جىت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، سىنچى كۆزلىرىنى نازىمغا يەر ئاستىدىن تىكتى:

— كەلمىگىنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ بولدى، مەيلى بىلەي! ئەسلىدە بۇ دەرتنى ئۆزەملا تارتىپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم، كېيىن بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ، زادى چىداپ تۇرالمىدىم...

— نېمىنى كۆردۈڭ؟

— ئەستا... نېمانداق قىلىدىغانسىز؟

مەن يۈزىڭىزگە سالمىغانىدىكىن، كولاپ يۈرمەڭ. ئىش قىلىپ مۇنىدىن كېيىن ئەشۇ تۆت "گۆھەر" نىڭ يۈزىنى قىلىشمىگىزلا بولىدى.

— ئىبادەم، — دېدى نازىم ئۆزىگە يات بىر ئاۋازدا، — گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، ئىچتىن تۆرەلگەن بىر ئەبلەخ قەستەن سىزنى دەي — دەيگە سېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — نازىم ئۇلۇق — كىچىك تىنىدى، — شۇنى بىلگىنكى، ماڭا سەندىن، ساڭا مەندىن بۆلەك ھېچكىم ئەسقاتمايدۇ. باللار ئىككەككە تاقاشقاندا، زەدىكى يوقىلاڭ گەپلەرگە ئىشىنىپ، جېنىڭنى ئۇپراتما ...

نازىم ئۆزىنى ئاقلاپ بىرمۇنچە سۆزلىدى. گەرچە ئۇ خۇپسەنلىك قىلىپ، قانىتىغا سۇ تەككۈزمىگەن بولسىمۇ، ئىبادەم ئۇنىڭ روھى ھالىتىگە قاراپ، ئۆزىگە تەل — تۆكۈس "تەسلىم" بولغانلىقىغا ئىشەندى. دېمەك، ئىبادەم "دەرەخنى لىڭشىتىپ، قۇزغۇننى باغدىن قوغلىۋەتكەن" ئىدى.

5

نازىم ئاران تۆت كۈنلۈككىلا "تەسلىم" بولغان ئىكەن: دەرس باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى، ئىبادەم نازىمنى ئىزدەپ تىل — ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا كىرگىنىدە، نازىم بىلەن بۇچەمەنىڭ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغىنى ئۈستىدىن چۈشتى. بۇ چاغدا، نازىم سەل — پەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، بۇچەم ئۇنى "پوش" دېمەستىن، كۈلكىسىنى كۈلەۋەردى. چاقچىقىنى قىلىۋەردى، ھەتتا ئىبادەمگىمۇ سۆز تاشلىدى.

"رەسۋا! ... — ئاچچىقى كەلگىنىدىن ئاۋاق بالداقتەك ئېتىلىپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئىبادەم ئىچىدە پىچىرلىدى، — ئېرىڭ دېگەن بەلكىم مىجەز دائىم خەققە سۈيۈنگىنى چىقىرىپ يۈرگىنىڭنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ... ماۋۇ لامزەللىمۇ ... خەير! ...»

ئىبادەم كۆڭلىدە شۇنداق دېگىنى بىلەن، تەرىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. تۇرقى مۇلايىم، گەپلىرى سىلىق ئىدى. ئۇ، نازىمغا دەيدىغان گەپلىرىنى چالا — پۇچۇق دەپ قويۇپلا، ئالدىراش ئىشخانىدىن چىقتى. چىقتى — يۇ، يۈرىكى چايان چاققاندەك ئېچىشىپ، چانىقلىرىغا ياش قاپلاشتى ...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئىبادەم چاچقۇن، ئۇنتۇتقاق بولۇپ قالدى: بەزىدە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان نەرسىنىمۇ ئىزدەپ، شىرەنىڭ تارتمىسى، دېرىزە تەكچىسى، بىساتكىچەكلەرنى ئوڭتەي — توڭتەي قىلىۋېتەتتى، سائەتلەپ — سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. دەرس ئۆتكەندە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئادەتتىكى نەرسىلەر ئۈستىدە تەكرار — تەكرار توختىلاتتى. ئائىلىدە يوقىلاڭ ئىشلارنى بانىداپ، نازىمغا يېنىچە — قىرىچە تېگەتتى. باللارنى ئۇراتتى، تىللايتتى. قاچا — قۇچىلارنى چاقاتتى. دەسلەپ نازىم ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا قارىتا قايناپ — سوغۇلۇپ يۈردى. كېيىنچە، يا كۆرسە كۆرمەسلىككە، ئاڭلىسا ئاڭلىماسلىققا سالدى ۋە ياكى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان بولىۋالدى. بۇ ھال ئىبادەمنىڭ تېخىمۇ جېنىغا تەگدى. «نازىم مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېنى زېرىكتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى خورسىنغان ھالدا، — ھىم ... مەن چېچىمنى سۈپۈرگە، قولۇمنى كۆسەي قىلىپ، بۇ كەپىنى ئاران مۇشۇنچىلىك قىلغان! مېنى زېرىكتۈرۈش — ئۇخلاپ چۈشى! ... بىر كۈن ھايات بولسـ

كەنمەن، ئۇنى پۈتۈمغا چېتىۋېلىپ، پايتىما قىلىۋېتىمەن! ... ئەگەر يەنە بۇچەم بىلەن گەپلىشىدىغان، ئېرى بىلەن كىردى-چىقتى قىلىدىغان بولساڭ، چاۋاڭنى چېقىپ، مەكتەپتە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىمەن! ...»

ئۆتمىچى ئۆكتەبىر كۈنى ئەتىگەندە، ئىبادەم بىر ئىش بىلەن نازىمنى ئىزدەپ كىرگەندە، ئىشخانىدا بۇچەم يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ كېيىنگە بۇرۇلۇپ ئىبادەمنى كۆردى-دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىرىڭ، ئىبادەم، — دېدى.

— نازىم دەرسكە چىقىپ كەتتىمۇ؟ — ئىبادەم سوغۇققىنا سورىدى. يۈزىدە ماسكا بولغاچ، بۇچەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرمىدى.

— ياق، سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ سائەتتە دەرسى يوق، — بۇچەم ئولاپلا قوشۇپ قويدى، — قايتىپ كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، جىمىدەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

بۇچەم سۆزلەۋېتىپ، ئىبادەمنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە ئىبادەم ئېسىنى يىغىپ بولغىچە، يەلكىسىگە قول سالدى. ئىبادەم يىرگىنگەن هالدا، نائىلاج ئۇنىڭ رەيىگە باقتى ۋە بۇچەمنىڭ شىرەسى ئۈستىدە تۇرغان نازىمنىڭ يېزىقلىرىنى كۆرۈپ، دەرهال رەڭگى ئۆچتى.

— قاراڭ، بۇ نازىمكامنى! — دېدى بۇچەم مەغرۇر ئاۋازدا، — ئالتە مىسرا شېئىردا شۇنچە چوڭقۇر پىكىرنى ئىپادىلەپتۇ. ئۇ، يېقىندىن بۇيان بەكمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ جۇمۇ! ئەگەر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئۇن يىلغا زامىن بولمىغان بولسا، بۇچاققىچە نەچچە توپلىمى نەشىردىن چىقىپ بولاتتىكەن؟

ئىبادەم ئۈنچىقمىدى. كۆزلىرى بۇچەم ئالاهىدە كۆرسەتكەن مىسرالار ئۈستىدە تەكرار-تەكرار يۈگرەيتتى. ئوقۇغانسېرى، ئىچىگە كىرپە كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، چېكە تومۇرلىرى ئوتتۇرا قولدەك كۆپۈپ چىقتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ، بۇچەمگە قارىدى: بۇچەمنىڭ پورەك ئېچىلغان شاپتۇل چېچىكىگە رەڭلىك ئەتىرگۈلدەك تولغان ھۆسنىگە قارىدەك ئاپپاق يۈك ياغلىق شۇنداق ياراشقان ئىدىكى، ئىبادەمنىڭ كۆڭلىدىن: «ھېلىقى ئەقلى بولغىنىپ كەتكەن نائەھلى تېخىچە بۇ ئېزىتقۇنىڭ پېيىدە ئىكەن ئەمەسمۇ!؟ يازغان نەمىسىنى قارا، ئۇنىڭ! نېمە دېگەن شەرمەندىلىك بۇ؟ نېمە دېگەن شەرمەندىلىك بۇ!؟...» دېگەنلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ ئۆتتى. قىيرىشقاندەك، بۇچەم كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئۆرە تۇراتتى. ئەپتىدىن ئىبادەمنىڭ كۆزلىرى قانچىلىك غەزەپلىك چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتقاندەك ياكى كۆرسىمۇ قەستەن كۆرمەسلىككە سېلىپ، ئۇنىڭ جېنىغا تېگىۋاتقاندەك قىلاتتى. «ھو شەرمەندە! قوسىقىڭغا كىرىپ چىقسام-زە، نازىمنىڭ تۇمشۇقىنى بولغىيالىغىنىڭ ئۈچۈن كۆرەلەۋېتىپسەن-دە؟ توختاپ تۇر، شۇنداق رەسۋايىڭنى چىقىرايكى ...»

ئىشىك ئېچىلىپ، نازىم كىرىپ كەلدى. پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبىدەك بورۇختۇم بولۇپ تۇرغان ئىبادەم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ ياقىسىغا قول سالدى. شۇ تاپتا ئۇ، شۇنداق كۈچلىنىپ كەتكەن ئىدىكى، بىخەستە تۇرغان نازىمنى بىرلا تارتىپ، ئورۇندۇققا «چاقىقىدە» ئولتۇرغۇزدى. قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بۇچەمنىڭ پۈتۈن ئەزايى

لاغىلداپ تىترەيتتى. نازىمنىڭ چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئىبادەم «پاكىدە» يىغلىۋەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ، نازىمنى سوراققا تارتىشقا باشلىدى:

— ماۋۇ نىمە؟ ئەمدى قولۇمغا چۈشكەنسەن!...

ئىبادەمنىڭ قىيا-چىياسى بىلەن ئىشخانا ئىچى ئادەم بىلەن تولدى، كىرگەنلەر قاتارىدا ئىلمىي مۇدىرمۇ بار ئىدى. ئىبادەم ئۇنى كۆرۈپلا، نازىمنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى-دە، نازىم بىلەن بۇچەمنىڭ شەرمەندىلىكلىرى ئۈستىدە دەرت تۆكۈشكە باشلىدى. سۆز ئارىسىدا يانچۇغىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇندى.

بۇ، مۇندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بۇچەم ئەدەبىيات دەرسىدە «مۇۋەششەھ» گە مىسال قىلىپ ئۆتتۈش ئۈچۈن يېزىپ، نازىمنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىگە سۇنغان: ئەتىسى ئىبادەم «ئاغرىپ» قېلىپ، مالىمانچىلىقتا بالىلار «يوقىتىۋەتكەن» شېئىر ئىدى.

ئىلمىي مۇدىر شېئىرنى ئوقۇغانسىرى، چىرايىدىكى جىددىلىك بارا-بارا يوقىلىپ، كىنايە ئارىلاش كۈلكە ئەگىدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى. ئۇ، قەغەزدىن بېشىنى كۆتىرىپ، ئەترابىدىكىلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلىدى-دە، سىنچى كۆزلىرىنى ئىبادەمگە تىكىپ:

— ئىبادەم، بىرىنچى ئۆكتەبىردىكى گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دىدى ئىبادەم بۇ غەلىتە سوئالدىن ھەيران بولۇپ، — كۆرمىدىم.

— نازىم، سىزچۇ؟

— كۆرمىدىم.

ئىلمىي مۇدىر نىمىدىندۇر ئەپسۇسلانغاندەك، چىرايىنى بىلىنەر-بىلىنمەس پۈرۈشتۈردى-دە، بىر سىكونتچە خىيال سۈردۈۋالدى. ئاندىن، قولىدىكى تۈت پۈكلەنگەن گېزىتنىڭ قاتلىمىنى ئېچىپ، ئۇيان-بۇيان ئۆرۈپ-چۆرگەندىن كېيىن، ئەدەبىيات بېتىنى ئىبادەمگە كۆرسىتىپ:

— ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭە، — دىدى.

پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان ئىبادەم گېزىتنى قولىغا ئالدى. ئالدى-يۇ، مىڭىسىگە چوماق تەككەن توشقاندەك كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى، پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەيتتى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ئىدى. سەللا بوشاڭلىق قىلسا، «داراڭگىدە» يىقىلىپ چۈشۈدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇپ، گۈللۈك رامكا ئىچىگە ئېلىنغان ماۋۇ سەترلەرنى ئوقۇپ چىقتى:

## مۇۋەششەھلەر

### ئىشق كۈيى

بۇچەم

ۋاپادىن پۈتتى بۇ جىسمىم، سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن جانان،
ئۆمۈرلۈك سۆيگىنىم سەنسەن، دىلىمنىڭ مەيلىنى تارتقان.

ئەجەپمۇ ئۈز-چىرايلىقسەن، سېنى سۆيمەكلىكىم بەختىم،
سېنىڭدىن ئۆزگىنى سۆيسەم، دىگەي كىممۇ مېنى ئىنسان؟!

تىلىمىدىن تامىدۇ كەۋسەر ، مەگەر نامىڭ زىكىر قىلسام،
قۇچاغىمغا مىسلى ئوت ـ ئاتەش، لىۋىڭ شېكەر ـ ھوزۇرى جان.

ئەمەسمەن ۋەدىسى يالغان ، دەۋەك ـ ئۇۋمە كۆكۈللەردىن،
كىرەرمەن ئوتقا ھەم سۇغا ، قاچانكى ئەيلىسەڭ پەرمان.

نىگارا ، سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا ، كەتىمەگىم سەنچۈن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا دوزاقمۇ مېنىڭچۈن جەننەتۇل رىزۋان.

## ئاق چېچەك

نازىم

ئاق چېچەك ، ئاپپاق چېچەك ، يار باشىدا ئاپپاق لىچەك،
ئاق لىچەكلىك دىلرەبانىڭ ھۆسنى گۈلگۈن غۇنچىدەك.


نەۋ باھار ـ ياشلىق چېغى ئۆتتى مېنى باغ ـ باغ ئېتىپ،
جىسمىدىن شەربەت ئىچىپ ، بەستىمگە تولدۇم سەرۋىدەك.

ئاي بىلەن يۇلتۇز كەبى ئامراق ـ ئېجىل بىز ئىككىمىز،
رازى مەن ئۆمرۈم بويى بولسام ئاياغىغا پىتەك.

ئىبادەم كۆپلىتلارنىڭ باش ھەرپلىرىنى تەپەككۇر يىپىغا بىر ـ بىرلەپ تىزىپ ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئىككى سۆزنى ئىچ ـ قىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ كۆرگىنىدە ، ۋىجدان سودى ئالدىدا ئۆز جىنايىتىنى تۇن ـ جى قېتىم تونۇپ يەتكەن ئاسى ـ گۇناھكار ـ دەك "پاگىنىدە" يىغلىۋەتتى…

X

چۈن چۈشكەن ئاش ھەر قانچە مىزى ـ لىك بولغىنى بىلەن ، بەرىبىر كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ . بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكىنىگە بىر نەچچە ئاي بولغان بولسىمۇ ، كۆڭۈل غەش ـ لىكى تېخىچە كۆتىرىلىپ كەتكىنى يوق : ئىبادەم بۇچەمنى كۆرسىلا ، يۈزى ئوت ئالات ـ تى . خىجالەتچىلىكتە ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قارىيالمايتتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەن بىر ـ بىرىنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئايايتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى . بۇ خىل ئاياش ۋە ھۆر ـ مەتلەش ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىدىن قورۇنۇشنىڭ بەلگىسى ئىدى . بولۇپمۇ ئى ـ بادەم قانداقلا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلمىسۇن ، كۆڭلىدىن : " نازىم مۇشۇ ئىشىمنى ياقتۇ ـ رارمۇ ؟ " دېگەن ئوي بىردەممۇ نېرى بول ـ مايتتى . خۇلۇم ـ خوشنىلار ئۇنىڭدىن ھە ـ زەر ئەيلەيتتى . بۇ ھال ئىبادەمنى شۇنداق بىسەرەمجان قىلاتتىكى ، كۆپ ھاللاردا ، شۇنچە كەڭ ئالەم ئۇنىڭ ئۈچۈن كىچىككىنە قەپەزدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى . قىسقىسى ، ئۆزى تېرىغان تىكەننى يۇلۇپ بولالماي ، ئەشۇ تىكەن ئۈستىدە ئېغىنىغىنى ئېغىنىغان ئىدى…



# سەبىلەر پاچىسى

## (پوۋېست)

ئەخەت تۇردى

8

تاڭ شەپىقىنىڭ سۇزۇك ھالرەڭ نۇرى دېرىزە ئەينەكلىرىدىن بۆسۈپ كىرىپ سانىيەنىڭ يۈزىدە جىلۋىلەندى، ئاللىق نۇر ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزلىرىنى، ئەگمە كىرپىكلىرىنى سۆيەتتى، ئەكىلەتتى. ئۇ نۇرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇيقىغا تويۇنغان كۆزلىرىدە چوڭقۇر قايغۇ ـ ئەلەمنىڭ ئىزناسى بىلەن يەنە قانداقتۇ بىر شادىيانە خۇشاللىقنىڭ شەپىسى ئەگىپتتى. شۇكۈنلەردە ئۇنى ھەم قورقۇنچلۇق ھەم ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل بەخت تۇيغۇسى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قالماي ئانا بولاتتى، يېڭى بىر ھايات ئۇنىڭ مەسۇم يۈرىكى ئاستىدا پات ـ پات تەۋرىنىشكە باشلىغان ئىدى.

سانىيە ئۆز ـ ئۆزىگە ئوماققىنە كۈلۈپ قويۇپ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتەردى. ئىچكەركى ئۆي جىم ـ جىت، ئۆي ئىگىلىرى تېخى شىرىن ئۇيقىدا ئىدى. سانىيە ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرماي، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە دېرىزىدىن سەھەر ئاسمىنىغا قارىدى، ئاسمان سۈپ ـ سۈزۈك، يېنىك بۇلۇتلار تاڭ شەپىقىدە قىزغۇچ تۈسكە كىرىپ ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئاللىقانداق قۇشلار كۆك قەھرىدە جەۋلان قىلاتتى، بىر توپ ئويۇنچى كەپتەرلەر بولۇشىغا مۇللاق ئېتىپ، ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى ـ دە، دېرىزە ئالدىدىن ئەگىپ ئۆتتى. سانىيە شۇ چاغدا كەپتەرلەرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان غوڭ قاپاقنىڭ رېتىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇ بۇرۇندىنلا خۇشنىسى باققان كەپتەرلەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ پىلدىرلاپ مۇللاق ئېتىشىنى، غوڭ قاپاقنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. سەھەر ئاسمىنىنىڭ رەڭدار كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ خىيالىنى يېزىسىغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ يېزىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئون كۈن بولدى، بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى، ئۇ شۇ تاپتا جامالنى ئېيتىپ، كۆڭۈل كۆكسىگە يېقىلغان دەرت ـ پە-

غانلىرىنى، سىخىنىشقا تولغان يۈرەك سىرلىرىنى يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئېيتقۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بوشاپ، كۆكسى-قارنى ئېچىلىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ نەدە؟! ئۇ سانىيەنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى بىلەمدۇ؟! ئاھ خۇدا!.. سانىيەنىڭ بۇنداق بەختسىز كۈنلەرگە قېلىشى روزى مىساقتا پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمىكىن!..

سانىيە بىر نەچچە كۈن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر ھەپتىلىك ئۆمرى ئەقىلدىن ئازغان، خۇدىنى يوقاتقان ھەر خىل تىپتىكى روھى كېسەللەر ئىچىدە ئۆتتى. بۇ كېسەللەر شەرمى-ھايا، ئىپپەت-نومۇس دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى كېچە-كۈندۈز دېمەي مايمۇندەك چىقىراپ، بىر-بىرسىگە خىرىس قىلىشسا، بەزىسى ئادەمگە بەزدەك قادىلىپ ھىجىياتتى، كۈلەتتى، بەزىدە ھەتتا ئۈن سېلىپ يىغلايتتى...

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سانىيەمۇ ئەقىلدىن ئازغىلى تاسلا قالدى، ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، تۈن-تۈنلەرنى يىغا بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى...

توۋا، ئۇ زادى نېمە گۇناھى ئۈچۈن شۇ كۈنگە قالدى؟ جامالغا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈنمۇ؟

توغرا، ئۇنىڭ جامالغا بولغان ئەقىدىسى، مۇھەببىتىگە بولغان ۋاپاسى ئۇنى شۇ قىسمەتلەرگە سالدى.

سانىيە ھېلىقى كۈنى جامال بىلەن قاچماقچى بولۇپ بوخچا كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئارقىسىدىن ماراپ يۈرگەن دادىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. قاسىم ئاخۇن شۇندىن كېيىن خاتىرجەم بولالمىدى، ئەگەر سانىيەنى يەنە قولدىن چىقىرىپ قويسا، ساقايغۇسىز دەرتكە قالاتتى، ھەتتا سايىم ئاخۇنمۇ "بىز ئىزدەپ بارمىدۇق، قىزنىڭ ئۆزى كەلدى" دەپ قاتتىق ئەلەم قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، قاسىم ئاخۇن ئۆزى ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان قىزىنى مۇشۇ يېزىدىن يوق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇنداق باش قېتىمچىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناھىيەدىكى سىڭلىسىنىڭ ئوغلى — روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى قۇتلۇق تاغىسىنىڭكىگە قوغۇن سەيلىسى قىلىپ چىقىپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن مېھمان بولغاچ، تاغىسىنىڭ دەردىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا دەرمان بولۇش قارارىغا كەلدى.

— تاغا، — دېدى ئۇ بىر كۈنى قوغۇنلۇقتىكى ساتىمدا ئولتۇرۇپ، — سانىيەنى مەن ئەپكېتەي، بىرسى سورىسا، "ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدى" دەۋەرسىلە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا قۇدىلىرىمۇ، جامالمۇ چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ، مەن ئۇنى رەسمىيەت ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ، كېيىن بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغۇزىمەن...

قاسىم ئاخۇن قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمايلا رازىلىقىنى بىلدۈردى:

— بۇ... بۇ بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى، لېكىن ساڭا ئاۋارىچىلىق بولماسمۇ؟

قۇتلۇق پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى:

— نېمە ئاۋارىچىلىق بولاتتى، تاغا، دوختۇرخانا ئۆز قولىمىزدا، سىلە خاتىرجەم بولسىلا...

ئىش شۇنداق توغرىلاندى، قاسىم قىڭغىرنىڭ قارا يۈرىكى دەسلەپ بىر ئاز دۈپۈلدىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئىزىغا چۈشتى، ئۇ سانى-

يەنى قاسىم ئاخۇننىڭ ئىلكىدىن تارتىپ ئېلىپ "ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ" قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى. سانىيە بىلەن جامالنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىچەكىشىپ، ئىشتىياق باغلاپ قېلىشى بولسا، ئۇنىڭ نەزىرىدە، "كالام شەرىپكە پۈتۈلمىگەن" غەلىتە ئىشلار ئىدى.

شۇ مەسلىھەتتىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، كۆككىمىر يېزىسىغا ناھىيىدىن قوغۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ماشىنا چىقتى. قۇتلۇق شوفۇر بىلەن تونۇش چىقىپ قالدى. ئۇلار ئىشنى پۈتكۈزۈپ، بىر كېچىدىلا سانىيەنىڭ باش ـ كۆزىنى ئوراپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتتى. قۇتلۇق سانىيەنى ئۆزى باشقۇرىدىغان بىر كارۋانغا ياتقۇزۇپ، دوختۇر ۋە سېستىرالارغا مۇنداق جاكالىدى.

— بۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، يېقىندا روھى كېسەل بولۇپ، ئائىلىدىكىلەر باشقۇرالماي بەك قىينىلىپتۇ، مەن قايتۇرۇپ كەلدىم. بىر نەچچە كۈن ئۆزەم داۋالاپ باقاي....

شۇ گەپ بىلەن باشقا دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئارىلاشمىدى، سانىيە يىغا ـ زارە بىلەن "مەن ساراڭ ئەمەس" دەپ ۋاقىرىسىمۇ، ئۇلار "ساراڭ بولغاچقا، ساراڭ ئەمەس دەيدۇ" دەپ پىسەن قىلىشمىدى.

قۇتلۇق بىرىنچى كۈنى سانىيەگە مەس قىلىش ئوكۇلى ئۇرۇپ، سېزىمىنى يوقاتتى. سانىيە باش كۆتەرمەي لايدەك يېتىپ ئۇخلىدى. بىر ئاز ئېسىغا كېلىپ، غۇۋا ئېسىدىم بىلەن ئەتراپىغا زەڭ قويغاندا بولسا، بۇ غەلىتە مۇھىتنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن يەنە ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قالاتتى...

ھەش ـ پەش دېگىچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، سانىيەنىڭ دەسلەپكى قورقۇش، چۆچۈش ھەسسىياتلىرى ئەندىلىكتە غەزەپ ۋە نەپرەتكە ئالماشتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق كونترول قىلىۋاتقان بىر نەۋرە ئاكىسى قۇتلۇققا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىكى، ئۇنى كۆرسىلا يىرگىنىپ ھۆقىلىغۇسى كېلەتتى.

سانىيە ئەندى ھوش ـ كاللىسىنى يىغىپ، ئاجايىپ قىلىق ۋە غەۋغالار بىلەن چوكقۇر روھى چۈشكۈنلۈككە تولغان بۇ ماكاندىن تېزراق قېچىش قارارىغا كەلدى. لېكىن قانداق قېچىش كېرەك؟ چوڭ دەرۋازىدىن چىقماق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇتلۇقنىڭ كۆز ـ قۇلىقى دىڭ!

ۋاقىتنى سائەت بىلەن ئەمەس، مىنۇتلار بىلەن ھىساپلاۋاتقان سانىيە ئۈچۈن، بىر ھەپتىنى توشقازماق پېتىر ناندىن قىل سۇغارغاندىنمۇ تەسكە چۈشتى. دەل شۇ ھەپتە توشقان ئاخشىمى ئۇنىڭ تەلىيىگە بىر سىرداش چىقىپ قالدى. شۇ قېتىملىق نۆۋەتچى سېستىرا چوكان قىسقىلا تونۇشۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يەتتى.

— مۇنداق دەڭ!... — دىدى ئۇ بىردىنلا سەگەكلىشىپ، — قۇتلۇق دوختۇر شۇنداقمۇ قاراملىق قىپتۇ ـ ھە؟! مەن بۇ ئەھۋالنى ئەتىلا رەھبەرلىككە ئېيتىمەن!

سانىيە بىر ئاز ئەندىكتى:

— دوختۇر ئاچا، ئاۋال مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتسىلە.... ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ يۇقۇرى ـ تۆۋەن ئاڭلىنىپ، ئۆزىگە يەنە بىرەر پىشكەللىكنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— سىزنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، چوقۇم چىقىرىۋېتىمەن! — دېدى سېستىرا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ، — لېكىن ئەتە چىقىپ كېتىڭ، بۇنداق كېچىدە تېنەپ قالىسىز...

سانىيە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يىلىندى:

— جېنىم ئاچا، ئۆزلىرىدىن ئۇ دۇنيا ـ

بۇ دۇنيا خوش بولاي، مېنى هازىرلا چىقىرىۋەتسىلە، بارىدىغان يېرىمنىمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇ يەردىلا تۇققۇنۇم بار...

سېستىرا سانىيەنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، دېمىسىمۇ، ئۇنىڭدا بۇ يەردە بىر دەقىقە ئارتۇق تۇرغىدەك تاقەت قالمىغان ئىدى. ئۇ هازىر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، نەگە بېرىپ - نەدە تۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، پەقەت مۇشۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كەتسىلا بولاتتى، شۇڭا ئۇ سېستىراغا يالغاندىنلا «مۇشۇ يەردىلا تۇققۇنۇم بار» دېگەن گەپنى قىلىشتىنمۇ يانمىدى.

— ماقۇل سىڭلىم، ماقۇل، سەۋرى - تاقىتىڭىز چېكىڭىزگە يەتكەن ئوخشايدۇ، سىزنى هازىرلا چىقىرىۋېتەي، قالغان ئىشنى ئەتە ئۆزەم سۆزلىشەرمەن، - سېستىرانىڭ كۆڭلى ئېرىدى، ئۇ سانىيەنىڭ باش - كۆز، كىيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يوغان سىرلىق دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى...

سانىيە سېستىراغا مىڭ بىر تازىم بىلەن رەهمەت ئېيتىپ، دوختۇرخانا قورۇسىدىن تېزلا يىراقلاپ كەتتى ۋە ناهىيە بازىرىنىڭ مەركىزىگە كەلگەندە، قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن نەچچە كۈندىن بۇيانقى بورۇختۇملۇق بىردىنلا غايىپ بولۇپ، كۆڭلى - كۆكسى باهار ئاپتىۋىدەك ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى، تۇرۇپلا كېيىنكى قەدىمىنى قاياققا بېسىپ، تاڭنى نەدە ئاتقۇزۇشتىن ئەندىشە قىلىپ قالدى. ئۇ بازارنى مەخسەتسىزلا بىر ئايلاندى، ئوقەتچىلەر بارغانسېرى سىيرىكلىشىپ، ئاخىرىدا بىر - ئىككى دۇكانىنىڭلا چىرىغى پىلىلداپ قالدى، كەڭ كوچا ۋە مەيدانلار چۆلدەرەپ، ئىمتاس بولۇپ كەتتى، سانىيەنى بىردىنلا سۈر بېسىپ كۆزىگە ياش ئولاشتى.

ئەندى ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوينىنى سوزۇپ، تۆت تەرەپكە ئالاقزادىلىك بىلەن قارايتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ قوققىنىدەك ئىش بولدى، هېلىقى دۇكانلارنىڭ بىرسىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ، ئۇدۇل سانىيە تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى، ئۇلار بىر ئاز شىركەيىپ بولسا كېرەك، مىڭىش - تۇرۇشى بىلەن گەپ - سۆزلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى.

— ۋاھ - ۋاھ... - دېدى بىرسى سانىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، - تازىمۇ مەق - مەق پاقلان ئىكەن...

— قېنى ئەمسە، پەرۋىزدا كاۋاپ قىلمايلىما! - دېدى يەنە بىرسى سانىيەگە هېيىقماستىن بەزدەك قادىلىپ.

سانىيە دەرهال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى كوچىغا قاراپ ماڭدى، هېلىقى ئىككىسىمۇ ئاغزىنى تامشىپ سايىدەك ئەگەشتى، سانىيە قەدىمىنى تېزلىتىپ، كېيىن بىردىنلا يۈگەردى، ئۇ بىر ئامال قىلىپ، ئۇدۇلدىكى ئائىلىلىكلەر بار يەرگە يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى.

هېلىقى ئىككىسىمۇ سانىيەنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەچ، بىر - بىرىگە ئۈنلۈك سۆزلەشتى:

— ئۇنىڭ قاچقىنى بىزنى چىللىغىنى...

— خۇدا بەرگەن نىسىۋە قېچىپ نەگە باراتتى، ئۇمۇ خېرىدار ئىزدەپ چىققان بولماي...

ئۇلار ئون نەچچە قەدەم ئارقىدىلا پالاقشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەگەر يەنە بىر ئاز كۈچەپ يۈگۈرسە سانىيەگە يېتىشىۋالاتتى. خۇداغا شۈكۈر، سانىيەمۇ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىۋالدى ۋە بىرىنچى قەدەمدە يولۇققان چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قارسىغىلا قاقتى، هېلىقى ئىككىسى ئورنىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت

ئۆتكەندە، ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ دەسلەپ بىر ئەركىشىنىڭ، كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى، ھېلىقى ئىككىسى بىردىنلا سەكەكلەشىپ ئىككى تەرەپكە تىكىۋەتتى...

...........................................

— قىزىم ئويغاندىڭىزمۇ؟

سانىيە چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى، ئۇ ئەزگۈ خىياللار بىلەن ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيمىغان ئىدى.

سانىيە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ قىزىم، ئولتۇرۇڭ،— دېدى ئايال مېھرىۋانلىق بىلەن،— قانداق، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

سانىيە بوش ئاۋازدا ئۈن قاتتى:

— ئويلىدىم، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كۆپ رەھمەت، مەن ئەندى ئۆز ئۆيۈمگە كېتەي...

ئارىدىن بىر پەس جىملىق باستى. ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. سانىيەنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئادەتتىكى كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، دىلكەش ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ 9 ياشلىق بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۆي ئىچى سەرەمجان، ئىشلىرى ئىددىتلىق ئىدى. ئۇلار ھېلىقى كۈنى كەچتە سانىيەنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ھەيران بولۇشتى.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، تۇرمۇش ناھايىتىمۇ گۈزەل ۋە ساپ. پۈتۈنلەي ئادىللىق بىلەن رەھىمدىللىققا تولغان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تۇرمۇشتا قاسىم قىڭغىرغا ئوخشاش قارا كۆڭۈل دادىلارنىڭ، قۇتلۇققا ئوخشاش تەلۋە دوختۇرلارنىڭ، ھېلىقى ئىككى مەسكە ئوخشاش شەھۋەتپەرەس لالىملارنىڭ بولىدىغانلىقلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. لېكىن ئۇلار ئەندى قاتتىق غەزەپلەندى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ ساددە ئىكەنلىكىنى، بەزىدە يەتتە بوغۇملۇق چايانلارنىڭ ئۆزلىرى دەسسەپ تۇرغان كىسەكنىڭ ئاستىدا ياتىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشتا قاسىم قىڭغىر، قۇتلۇق ۋە ھېلىقى مەسلەردەك قارا كۆڭۈل، تەلۋە، لالىملارنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇتلىقىنى، ئۇنداقلار ئەنە شۇ مۇرەككەپ ۋە رەڭدار تۇرمۇشنىڭ ئوشۇق چەھۇچەيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سانىيەگە ئىچ ئاغرىتتى، ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى ئۆز ۋۇجۇدلىرىدا ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا دەرمان بولدى. سانىيەنىڭ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئاقكۆڭۈل، ساددە، ھالاللىقى ئۇلارغا يېقىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۈچ كۈنگىچە بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋالىق قىزى بولدى، ئۇلار سانىيەنىڭ بېشىغا قايتا كۈلپەت چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشىغا مەسلىھەت بەرگەن ئىدى...

— ھەر بىرلىرىگە كۆپ رەھمەت،— دېدى سانىيە يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئېيتىپ،— ئاتا - ئانامدىن كۆرمىگەن ياخشىلىقنى ھەر بىرلىرىدىن كۆردۈم. ئەندى قايتاي، مەن بۇ يەردە راھەت كۆرگىنىم بىلەن جامال قايغۇدا قالىدۇ.

سانىيە شۇ كۈنلەردە پۈتۈنلەي جامالنى ئويلايتتى، ئوڭىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز مۇڭداشسا، چۈشىدە ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭدا ھازىر پەيدا بولغان ئانا بولۇش تۇيغۇسى بۇ-

روزىقى مۇھەببەت رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، بولغۇسى پەرزەنتىنى بۇ رىشتىگە خۇددى بىر پارچە لەئلە ياقۇتتەك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، جامالنى تېزراق كۆرۈشكە، بۇ مېۋىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىشكە ئالدىرايتتى.

— بوپتۇ قىزىم، كۆڭلىڭىز خالىغاننى قىلىڭ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال سانىيەنىڭ توزىغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، — مەن ئەمىسە تاماققا تۇتۇش قىلاي، تاماقتىن كېيىن يولغا چىقىڭ!...

سانىيە قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتقان بۇ ئائىلىدىن كۆزى قىيماي، قايتا - قايتا خوشلىشىپ يولغا چىققاندا، ۋاقىت پېشىنگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ، قاراۋاغ يېزىسىغا بارىدىغان توپىلىق يولنى تېپىۋالدى-دە، يول ياقىسىدىكى تەكشى ئۆسكەن تېرەك سايىسىنى بويلاپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى......

دەل مۇشۇ چاغدا، جامال "روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسى" نى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ قاپقارا سىرلىق دەرۋازىسى ئالدىدا ئاللىكىملەردىن سانىيەنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىۋاتاتتى.

بازاردىكى كىچىككىنە بىر دۇقمۇش ئىككىسىنى ئۇچراشتۇرماي ئىككى ياققا ئايرىۋەتتى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە بولغان كۈچلۈك سېغىنىش بىلەن تېزراق دىدارلىشىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن ئۇلار قانچە ئالدىرىغانسېرى، بىر - بىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

9

قاسىم ئىنغىر بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىز چوڭ قىلغانلىقتىن كۆردى.

"ھەي ي ي!...— دەيتتى ئۇ بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ، — كونىلار: ئوغۇل تۇغۇلسا بۆرە، قىز تۇغۇلسا تۈلكە دەيدىكەن. قىز دېگەن راستىنمۇ تۈلكىگە ئوخشاش مەككار، قۇۋ ئوخشايدۇ. سانىيە دېگەن بۇ قىزتالاق ماڭا بىر دەردىسەر بولدىغۇ!..."

راست، قاسىم ئاخۇننىڭ بېشى پەقەت بىر ھەپتىلا تىنجىدى، سانىيەنى قۇتلۇق ئېلىپ كەتكەن شۇ كۈنلەر ئىچىدە جامالمۇ ئۇنىڭ ئۆي ئەتراپىدا ئەگىپ پاراكەندە قىلمىدى، سايىم ئاخۇنمۇ ئەلچى ئېۋەتىپ، كېلىن يۆتكەيمەن، دېمىدى. قارىغاندا، ئۇلار راستىنلا سانىيەدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك قىلاتتى، ئەھلى - جامائەتمۇ "سانىيە ساراڭ بولدى" دېگەن گەپكە ئىشىنىپ، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا بىر - ئىككى قېتىم غۇلغۇلا قىلىشىپ، كېيىن تىنجىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئاخۇنمۇ قۇتلۇقنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن خوشال ھەم خاتىرجەم ئولتۇراتتى. لېكىن تۈنۈگۈن كەلگەن تۇيۇقسىز خەۋەر يەنە ئۇنىڭ بېشىنى قوچىۋەتتى. خەۋەرنى قۇتلۇق ئېۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سانىيەنىڭ دوختۇرخانىدىن قېچىپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بوپتۇ.

قاسىم ئاخۇننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، قىزىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. قاراڭ، ئۇ ناكەسنىڭ بېشى چوكلىغىنىنى! قىز بالا دېگەن قاقسا قوزۇق. ئىلسا ئىلمەك بولۇشى كېرەك-دە! قاسىم ئاخۇن ئەندى ئۇنى نەدىن ئىزدەيدۇ؟! ھىم، توختا! بۇ توز كور تېخى جامالنى تېپىۋالغان بولمىغىيدى! ئەگەر شۇنداق بولسا، ئەھلى - جامائەت بىلەن سايىم قاپاق ئالدىدا قاسىم ئاخۇنغا نى ئات، نى نومۇس!...

قاسىم ئاخۇن ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈر-
ئەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ ماش - گۈرۈچ سا-
ساقاللىرى تىككىدە بولۇپ، جاغال كۆزلىرى
تېخىمۇ سۇرلۇك تۈسكە كىردى. ئۇ ئەندى
بىھۇدە خىيالنى قويۇپ، تېزدىن سانىيە-
نىڭ ئىزدېرىگىنى ئېلىش قارارىغا كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن بۇگۇن ئەتىگەندىلا ئات هار-
ۋىسىنى جابدۇپ، دەسلەپ قاراۋاققا كې-
لىپ جامالنىڭ ئۆيىنى تىڭ - تىڭلىدى،
ئەتراپتىكى كىچىك باللاردىن خۇپسەنلىك
بىلەن سۈرۈشتىمۇ قىلدى، بۇ يەردىن كۆڭ-
لى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن، هارۋىسىنى دا-
راڭشىتىپ ناهىيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ
قاراۋاغ يېزىسىدىن ناهىيە بازىرىغا قاراپ
يولغا چىققان ۋاقتى دەل جامالنىڭ تۇققۇز
كۆزلۈك بۇلاق بويىدا سەگىدەپ ناشتا قى-
لىۋاتقان ۋاقتى ئىدى...

هۆرمەتلىك كىتابخان، سىز بەلكىم بىر-
ئىككى سائەت ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ،
لېكىن بىرلا كۈندە بىرلا مەقسەت،
بىرلا نىشانغا قاراپ يولغا چىققان
بۇ ئۈچ يولۇچىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ
قانداق بولغانلىقىنى پەملەپ بولغانسىز،
شۇنداق، ئەڭ دەسلەپ يولغا چىققان جامال
"روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسى" دا ئىككى
سائەت ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرىدا سانىيەنىڭ
كېچىدە ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن
ئىبارەت باش - ئايىغى يوق شۇم خە-
ۋەردىن ۋاقىپ بولدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ
نەرۋىلىرى سېزىمدىن توختاپ، يۈرىكى شۇن-
داق قاتتىق سىقىلدىكى، بىر هازاغىچە ئې-
سىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى...

جامال بىلەن بىر دوختۇرنىڭ كاساپې-
تىدىن ئۇچرۇشالماي ئۆتۈشۈپ كەتكەن سا-
نىيە بولسا، خوددى يېڭىدىن ئۇچۇرما بول-
غان بوز تورغايدەك، يېزىنىڭ نەمخۇش
توپىلىق يولىدا رەڭدار يىپەك كۆينىگىنىڭ
ئېتەكلىرىنى يېيىپ بىردەم يۈگرەپ، بىر-
دەم يورغىلاپ، جامالنىڭ دىدارىنى تېزراق
كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
كۆزىگە تونجى قىزلىق مۇھەببىتى چېچەك
ئاچقان غېرىپ كەپىسى بىلەن شۇ كەپىنى
جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا هاياتلىق ئىشقى
بەخش ئەتكەن جامالنىڭ يېقىملىق سىماسى-
دىن باشقا هېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. بۇ سى-
ما خۇددى بىر پارچە نۇر چېچىپ تۇرىدىغاندەك،
ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن، كۆز ئالدىدىن
نېرى كەتمەيتتى، ئۇ يۈگرىد-
سە يۈگرەيتتى، ماڭسا ماڭاتتى.
ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق خۇشال هەم ئازادە
ئىدىكى، هازىر ئۇ مۇشۇ يول ئۈستىدە قان-
داقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ ئۆزىگە قاراپ بار-
غانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

ئۇ يەنە يۈگرىدى، ھەتتا بىر نەچچە
ئايدىن بېرى بىرىنچى قېتىم چىرايلىق بىر
ناخشىنى غىڭشىپ يۈگرىدى - بۇ، يۈگۈرۈش
ئۇنى هېلىقى ۋەھىمىگە تېزراق يېقىنلاشتۇردى،
ۋەھىمە ئاخىر كۆرۈندى، دەسلەپ يىراقتىن
خۇددى بىر تال قارا چېكىتتەك، كېيىن بارا-
بارا يوغىناپ ئادەم سىياقىمۇ ئوچۇق كۆرۈن-
دى، ئاخىرىدا هارۋىنىڭ تاراقشىغان ئاۋا-
زىغىچە ئاڭلىنىپ يېقىنلاشتى. ئارىلىق پە-
قەت ئون قەدەمچە قالغاندىلا، سانىيە خۇد-
دى ئارقىسىدىن بىرسى كۈچ بىلەن تارتقان-
دەك چىپپىدە توختىدى، غىڭشىپ ئېيتىۋات-
قان ناخشىسىمۇ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى...

قاسىم قىڭغىر تۈۋۈنى قىسىپ كەتكەن
تورۇق ئايغىرنى تەسلىكتە توختىتىپ، هار-
ۋىنىڭ ئۈستىدىلا سانىيىگە ۋاقىرىدى، ئۇ
گەرچە ئاغزىدا ۋاقىراپ - جاقىرسىمۇ لې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىن كۆڭلىدە سانىيەنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كەلگەنلىكىدىن خوشال ئىدى.

— ھارۋىغا چىق! — دېدى ئۇ، ئاخىردا بۇيرۇق بىلەن، — سەن بىلەن تېخى ئۆيگە بارغاندا سۆزلىشىمىز، ماۋۇ رومال بىلەن يۈز - كۆزۈڭنى چۈمكەپ ئولتار!...

سانىيە دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن ھېيىقتى، ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ تۇيۇقسىز پىشكەللىكنىمۇ تەقدىرگە باغلاپ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندى. ھارۋا ئارقىسىغا قايتىپ، كەلگەن يول بىلەن ئەمەس، باشقا بىر يوللار بىلەن ئارىدىلاپ يۈرۈپ كەتتى...

ھارۋا قاراباغ بىلەن كۆكقىرنىڭ چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار يول ئۈستىدىلا گۈلقىزغا يولۇقتى. يولۇقتى-يۇ، ھەرئىككىسى ياقىسىنى چىشلەپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ئەينىكىدە گۈلقىزنىڭ كۆك، قىزىل رەڭدە ئالا - بۇلىماچ بويىۋالغان يۈزى بىلەن خۇددى چەللىگە تاشلانغان يانتاقتەك پاخماق بېشى سۈرەتتەك قېتىپ قالغان ئىدى.

قاسىم ئاخۇن ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئارقىغا قىيا باقتى، گۈلقىز ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي قاسىم ئاخۇنغا قولىنى شىلتىپ: «شۇ!... شۇ!... قاتىلنىڭ ئۆزى شۇ!... تىرالاللام، تىرالاللام...» دېگىنىچە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

قاسىم ئاخۇن دەرھال دۇرۇت ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە ھۈرۈشكە باشلىدى ۋە سانىيە ئاڭلىغىدەك قىلىپ شىۋىرلىدى: «خۇدايا پاكا پەرۋەردىگارا، ساۋاپقا دەلىل، گۇناغا بېخىل سادىق بەندەڭەن! يامان كۆز، يامان سۆزلەردىن ساقلىغايسەن! تۇقۇناق بالا، ئىللەتتىن قازادىن ئاسرىغايسەن!»

ئۇ بىر تەرەپتىن شىۋىرلاپ، بىر تەرەپتىن ئاتنى كۈچەپ قامچىلىدى، تورۇق ئايغىر قۇلاقلىرىنى شىڭگىتايتىپ، سىلىق يورغىلاشقا باشلىدى. گۈلقىز بارغانسېرى ئاستىلاپ، ئاخىرى بىر نەچچە ئۆشىشاق باللارنىڭ ھەلەك - چىلىكى بىلەن پۈتۈنلەي يىراقتا قالدى.

قاسىم ئاخۇننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ گۈلقىزنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئۆيىگە كېلىۋېلىشىدىن خېلىلا قورققان ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئاۋارىچىلىق يېرىم يولدا قالدى، قاسىم ئاخۇن شۇ تاپتا، ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ كېلىنىدىن بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ناھايىتىمۇ خوشال بولدى، تولىمۇ ئەقىللىق ئىش بوپتىكەن — دە! بولمىسا، قاسىم ئاخۇن بىلەن شاۋازنى ئىمە كۈيلەرغا سالاتتىكىن بۇ سارالڭ!...

قاسىم ئاخۇن ھارۋىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، سانىيە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، گۈلقىزنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىش ئىمكانىدە پات - پات ئارقىغا قاراپ قوياتتى، لېكىن گۈلقىز كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى، ئۇنىڭ قىياپىتى، ھەركىتى، سۆزى سانىيەنىڭ قەلبىدە شىددەتلىك بىر دولقۇن قوزغىدى. ئىچىمنىش بىلەن پىغانغا تولغان بۇ دولقۇن ئاخىر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئېقىمىغا غەرق قىلىۋەتتى...

## 10

نازۇ - نېمەتلىك ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، بەرىكەتلىك كۈز ئايلىرى كەلدى. قاراۋاغ بىلەن كۆكقىر يېزىسىدىكى دېخانلار مول ھوسۇل تەنتەنىسى بىلەن خوشال ئىدى. پۈتۈن يېزا كۈندۈزى قىز - يىگىتلەرنىڭ توي - مەرىكىسى بىلەن جانلانسا، كېچىسى ئەر - ئاياللارنىڭ مەشرىپى بىلەن قىزىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ خوشاللىق بىلەن ھوزۇر - ھالاۋەت پەقەت ئىككىلا ئائىلىگە نېسىپ بولمىدى، ئۇلار تېخىچە بىر - بىرىنى بازلاپ،

بىر - بىرىگە ماي تارتىپ، پەيتى كەلسە بىر - بىرىنى يەۋەتمىدىغاندەك ئەلپازدا يۈرىشەتتى. سايىم ئاخۇن ھەر قانچە قىلىپمۇ جامالنى سانىيەنىڭ سۆزىنى بىرىشۋېتىشكە كۆندۈرەلمىدى، ئۇ بىر قېتىم ناھايىتى سىلىق - سىپايىلىق بىلەن:

— ئوغلۇم، شاۋازمۇ سىڭلىڭنى «ئۈچ تالاق» قىلىپ تۈگەشتى، سەنمۇ بىر ئېغىز گېپىڭنى ئايىمىغىن، سانىيە ئەندى بىزگە ئاش بولمايدۇ، قاسىم قىڭغىر بىلەن بولغان قۇدا - باجىلىقىمىز ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن، ساڭا يەنە قىز دىگەننىڭ خۇۋەيىنىسىدىن ئېلىپ بېرىمەن! - دىۋىدى، جامال قىلچە دۇدۇقلىماي:

— دادا، ھىممىتىڭىزگە رەھمەت! لېكىن مەن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا سانىيەدىن ئايرىلمايمەن! - دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

سايىم ئاخۇن يەنە بىر نەچچە قېتىم ھەر خىل يوللار بىلەن بۇ گەپنى تەشكەن بولسىمۇ، ئارزۇ - ئۈمىدى شامالغا مۇش ئاتقاندەكلا بىھۇدە كەتتى. كېيىنچە ئۇ ئوغلىغا قىيىداپ گەپ - سۆز قىلمايدىغان بولۇۋالدى، جامالمۇ ئۆزىنىڭ خاس ھوجرىسىدا يېتىپ - قوپۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن يۈرۈۋەردى. ئۇ ھېلىقى قېتىم ناھىيىدىن سانىيەنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ چىقىپ، ئىككى ھەپتىگىچە ئەس - ھۇشىنى بىلەلمەي يۈردى، سانىيەنىڭ بۇنداق جىممىدە يوقاپ كېتىشى ھەتتا ئۇنى بەزىبىر شۇم خىياللارغىمۇ سېلىپ قويدى، ئەنە شۇنداق ئېغىر جۇدالىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جامال كۆكقىر يېزىسىدىكى يېقىن بىر تونۇشى ئارقىلىق سانىيەنىڭ ساق - سالامەتلىكىدىن، لېكىن دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئۆيدىن سىرتقا چىقالماي يۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۇ شۇ كۈنىلا كۆكقىرغا بېرىپ، خېلى ۋاقىتقىچە سانىيەنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى ئايلاندى. لېكىن شۇنچە كۈتۈپمۇ مەھبۇبىسىنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرەلمىدى. تەشنالىق، تەقەززالىق ئۇنىڭغا تەڭداشسىز كۈچ بېغىشلىدى، ئۇ كۈگۈم ۋاقتى بىلەن سانىيەنىڭ ئۆيىگە كىردى، ھويلىدا شاۋاز قوناق سوقۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ دەسلەپ ئەندىكىپ، كېيىن سوغاققىنا سورىدى:

— ئىزدەپ قالدىڭمۇ؟!

جامال ئۆزىنى بېسىپ، ئۇدۇللا جاۋاپ بەردى:

— سانىيەنى كۆرگىلى كەلدىم...

— سانىيەنى؟!

ئۇلار بىر - بىرىگە چۈچە - خورازدەك ھۆرپەيدى، جامال ئاچچىغىدا دېدى:

— سانىيە تېخى مېنىڭ ئەمرىمدە، ئۇنى سىلەر جىنايەتچىدەك ئۆيگە قاماپ قىيناۋاتىسىلەر، مېنىڭ ئۇنى ئەپ كېتىش ھوقۇقۇم بار...

— ھوقۇقۇم؟! — جامالنىڭ ھويلىغا كىرگەنلىكىنى سەزگەن قاسىم ئاخۇن دەسلەپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تىڭ - تىڭلاپ، كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن ھويلىغا چىقتى:

— قېنى سېنىڭ شۇ ھوقۇقۇڭ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، قولۇڭدا جاڭزاڭ بارمۇ ياكى ھۆكۈمەتتە داڭزاڭ بارمۇ؟ بىلىپ قوي، بىزنىڭ قايچا قۇدىلىقىمىز ئاللىقاچان تۈگىگەن، سانىيەمۇ سېنىڭ ئەمرىڭدە يوق!...

— قاسىم ئاكا، ئۇنداق دىمەڭ، — جامالنىڭ ئاۋازى يىلىنغاندەك مىسكىن چىقتى، — شەرىئەت ئالدىدا گۇناھكار بولىسىز...

قاسىم قىڭغىر تېخىمۇ چەپاڭشىدى:

— شەرىئەت ئالدىدا مەن ئەمەس، سەن گۇناھكار، ئەرىڭدىن چىقىپ كەتكەن بىر نامەھرەمنى قوغلاپ يۈرۈش گۇنا بولماي نىمە؟!

جامال بىردىنلا غەزەپلىنىپ، قاسىم ئاخۇنغا تىكىلدى:

— سانىيە قاچان مېنىڭ ئەرىمدىن چىقىپتۇ؟!

قاسىم ئاخۇن مەسخىرە ئارىلاش دىمىغىنى قېقىپ قويدى:

— سەنمۇ ئادەم، مايۋان چىپىندا ئەركەكلىرى چىشلىرىنى باقىدۇ، ھويلاڭدىكى خورازنىڭ مىكىيانلىرىغا دان تېپىپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىگەنمۇ سەن؟! سانىيەنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرغىنىغا مانا بۈگۈن 87 كۈن بولدى. بۇ جەريانىدا ئاغرىدى، دوختۇردا ياتتى، يىدى، كەيدى، سەن ئۇنىڭغا بىر تىيىنلىق نەپىقە بەردىڭمۇ؟! تېخى ئەرىدە دەيدا؟! سىلەر ھازىر نىكايى ھارام!

— ئۇنى ئۆزىڭىز ئەپقېچىپ، ئۆزىڭىز ئولتارغۇزۇۋېلىپ، ئەندى ماڭا دۆڭگەمەكچىمۇ؟ — دىدى جامال بوغۇلۇپ، — سىلەر مېنىڭ كېپىمنى ئاڭلىمىساڭلا، ئاڭلايدىغان يەرگە بارىمەن!...

جامال ئەتىسى سۇبھىدە بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ، چۈشكە يېقىن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە باردى، لېكىن ئۇ مۇناسىۋەتلىك كادىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالىنى ئېيتقاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمانلىق قىلىدىغان بىر يۈرتلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئەسلىدىكى نىيىتىدىن تېزلا يالتايدى.

— ئىككى ئائىلە قۇدا چۈشكەن چاغدا، قىزلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشىغىمۇ يەتمەيتتىكەن، — دىدى تەرجىمان جامالغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، نىكاھىمۇ تىزىملاتماپتىكەنسىلەر، ئەندى ماجرالاشقاندا بۇ يەرگە كىرسەڭ، ئۆزەڭ تۇتۇلۇپ قالارسەنمىكىن! ھەر ھالدا ئويلۇنۇپ باق...

جامال راستىنلا ئويلۇنۇپ قالدى، دىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ توبى پۈتۈنلەي قانۇندىن خۇپىيانە ھالدا بولغان، ئۆز ۋاقتىدا قانۇننى پىسەنت قىلماي، ئەندى باشقا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنى مالال قىلسا نىمە بولماقچىدى؟!...

ھەي ي ي! جامال بىردەم ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، بىردەم ئاللىكىملەردىن ئاغرىنىپ، باش — ئۇچى يوق خىياللارغا پاتقان ھالدا ناھىيە بازىرىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. كەچكە يېقىن بىر قاچا ئاش — مانتۇ بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئۆيىگە كەلگىچە ئويلاندى، تولا ئويلاپ باشلىرىمۇ ئاغرىپ كەتتى. تۇۋا، يول شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئاياغنىڭ كىچىكلىگىدىن پۇت ئاغرىۋاتقىنىنى؟! بولدى بۇنداق ئاياغنى سېلىپ تاشلاش كېرەك! جاھان كەڭرىغۇ!؟ سانىيە ھاياتلا بولىدىكەن، تۇرمۇشىمىزنى جاڭگالدا بولساقمۇ چىار باغدىكىدەك ئۆتكۈزەلەيمىز، ھازىر دىخان ئۇچۇن يول كەڭرى!...

جامال ئۆزى بىلەن سانىيەنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا يول قالغانلىقىنى ھىس قىلدى، بۇ يول — قېچىش ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئاز — تولا راسخوت كېرەك، جامال شۇ كۈندىن باشلاپ، بىر ئاز پۇل غەملەش كويىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى...

بۇنداق خىياللار قاسىم ئاخۇنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ ھېلىقى كۈ—

نى جامالىنىڭ ھويلىغا بۆسۆپ كىرگەنلىگە ـ
دەن خېلىلا چۈچۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئەرز ـ شىكايەت قىلىش توغرىسىدا بىشارەت
بەرگەنلىگى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ قويدى.
كىم بىلىدۇ، بىرەر سوتچىنىڭ ئىچ ـ باغرى
ئېرىپ، ئۇنىڭغا خەيىر ـ خاھلىق قىلىپ
قالسا، چوڭ ئىش بولمىغان تەقدىردىمۇ، سا ـ
نىيەنى قوشۇپ بەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟!
ئۇ چاغدا قاسىم ئاخۇنغا ئانا چىرىغى يې ـ
نىۋاتقان بۇ قەدىم جاي تۇگۇل، پۈتۈن
كۆكتىرمۇ ھارام بولىدۇ، ئۇ چاغدا سايىم
قاپاقنىڭ ئېشىگى تۈت چىشلىق بولۇپ، تې ـ
رىسىگە سىغماي قالىدۇ ـ دە! ياﺋاللا!... ئۇ
كۈنلەرنى خۇدا كۆرسەتمەس!...

قاسىم ئاخۇننىڭكۆڭلىگە بىرلا شۇم ئوي ـ
غۇ ئورناپ كەتتى، ئۇ بولسىمۇ سانىيەنى
كۆزدىن يوقۇتۇش ئىدى. يىراقتىكى تۇققان ـ
لارنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى
قۇتلۇقتىن يەنە بىر قېتىم ياردەم سوراش
كېرەكمۇ؟

ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەل ـ
مىدى. يىراققا ئاپىرىۋەتسە، ئۇنىڭ ئىككى
پۇتى ساق، يەنە قېچىپ كېلىشى ياكى جامال
دىگەن ھېلىقى رودىپاي يېپىشىۋېلىشى مۇم ـ
كىن ئىدى؛ قۇتلۇققا تۇتۇپ بەرسە، ئەندى
بۇ قېتىم ئۇنىڭ «ساراڭلار دوختۇرخانىسى» ـ
غا ياتقۇزالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۆتكەنكى
ئىشى ئۈچۈن قۇتلۇق ئازر بىيازەتچەكتىمۇ؟!...

مانا شۇنداق باش قېتىمچىلىققا پاتقان
بىر ۋاقىتتا، يەنە رەۋىشان جالداق
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋالىلىدە يورىتىۋەتتى.
ئۇ «سۇلتان سۇزۇك» دەپ ئاتىلىدىغان چەت
ئاھىيىلىك بىر بويتاققا
ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ خەۋەر قا ـ
سىم ئاخۇننى يېقىندىن بېرى كۈتمىۋاتقان

مەقسىدىگە يەتكۈزدى. بولغۇسى كۈيۈغۇل
ئۇنىڭغا يات ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇرۇندىن
ئىككى ھەپتە بۇرۇنقى قاينىاق بىر بازار
كۈنى تاسادىپى ئۇچرىشىپ، ئاخىردا خېلى
يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ
كۈنى قاسىم ئاخۇن ئېشىگىنى سېتىپ ئورنى ـ
غا ئات ئېلىش ئۈچۈن ئۇلاغ بازىرىنى ئايى ـ
لىنىپ يۈرەتتى، ئېشەكنى ساتقان بولسىمۇ،
تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئات ئۇچرىمىدى، ئۇ،
ئادەمنىڭ كۆپلىگىدىن تىقما ـ تىقماق بو ـ
لۇپ كەتكەن شاۋقۇنلۇق بازارنى كېزىپ يۈ ـ
رۈپ، ئاخىردا ياخشى بىر ئاتنىڭ ئۈستى ـ
دىن چۈشۈپ قالدى. قېرى بېدىنىڭ ئىگىسى
سۇلتان سۇزۇك بىلەن ئۇچراشتۇردى، سۇل ـ
تاننىڭ قولىدىكى تورۇق ئايغىر قاسىم ئاخۇن ـ
غا ياردى، ئۇلار باھادا پۈتۈشكەن بول ـ
سىمۇ، لېكىن قاسىم ئاخۇننىڭ يېنىدىكى پۇل
كەملىدى، شۇ ئارىدا تۇرۇپ ئايغىرنىڭ
خېرىدارى كۆپىيىپ، نەخ پۇل سانايدىغان ـ
لار بىر نەچچىسىگە يەتتى، قاسىم
ئاخۇننىڭ يۈرىگى ئېچىشتى، ئۇ ئەتراپقا
شۇنچە بوينۇندىغان بولسىمۇ، تونۇت تەڭگە
قەرز بەرگىدەك تونۇش ئۇچرىمىدى، ئۇ ـ
نىڭ كۆڭلى قاتتىق مەيۈسلەندى، شۇ چاغ ـ
دا سۇلتان سۇزۇك ئاجايىپ بىر مەرت ـ
لىك قىلىپ، قاسىم ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى
كۆتۈرۈۋەتتى.

ـ بولدى، ئاتنى دەسلەپ خېرىدار بول ـ
غان مۇشۇ ئادەمگە ساتتىم،ـ دىدى ئۇ چۇ ـ
ۋۇرلۇق مەيدىسىگە ئۇرۇپ،ـ پۇلى كەم بول ـ
سا ئۆيىدىن ئېلىۋالاي...

قاسىم ئاخۇنگۇل ـ قەقەلىرى ئېچىلىپ،
كىمدەيگەن ھالدا ئاتنى يېتىلەپ ئۆيىگە
ـ ئاگدى، ئۇيول ئۈستىدە سۇلتان سۇزۇكنىڭ
مەرتلىگىنى، ئوغۇلبالىچىلىغىنى ئاغزى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com



ئاغرىغا تەگمەي ماختىغاچ ، ئۇنىڭ چەت ناھىيەدىن تۇققان يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ، تۇققىنى كۆكتىمىنىڭ يۇقۇرىسىدىكى " تال قۇيرۇق " دىگەن يېزىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى .

— بىر يۇتلۇق چىقىپ قالدۇق ، — دىدى ئۇ ئاخىرىدا خوشامەت بىلەن ، — تېگى - تەكتىنى سۇرۇشتۇرگەندە ، مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تۇققان…

ئۇلار كۈن قايرىلغاندا ئۆيگە كەلدى. قاسىم ئاخۇن سۇلتان سۈزۈكنى كاتتا ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە شۇ كۈنى "كېتەي" دىسىمۇ ئۇنىماي قوندۇرۇۋالدى . سۇلتان سۈزۈك ئەتىسىمۇ بۇ ئۆينىڭ ئەتىۋالىق مېھمىنى بولدى ۋە بۇ جەرياندا سانىيە بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم دوقۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى - بۇنى سوراپ يۈرۈپ، سانىيەنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئاخۇنغا تېخىمۇ سۈركۈلۈپ يېقىنچىلىق قىلدى، ھەتتا شەھەردىن ئەرزان باھادا خىمىيىۋى ئوغۇت، ئات ھارۋىسىنىڭ رېزىنكە چاقى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، بۇنى ئاڭلىغان قاسىم ئاخۇن خۇددى خېزىرغا يولۇققاندەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈردى. سۇلتان سۈزۈك كېتەر چاغدا قاسىم ئاخۇن ئالدىراپ ئېنەپ:

— ئۇكام سۇلتانجان، ھېلىقى كام قالغان تېرىنى ئېچىقىپ بېرەي، — دىۋىدى، سۇلتان سۈزۈك دەرھاللا:

— قاسىم ئاكا، شۇنىمۇ ئېغىزغا ئېلىپ يۈرەمىلا، — دىدى ئالاھىدە مەننىلىك قىلىپ، — بىز ئەندى تونۇشتۇق، كېيىن تۇققان بولۇپ كېتەمدۇق تېخى!

بۇ گەپ قاسىم ئاخۇنغا بەكمۇ ياقتى، ھېلىغۇ يۈز نەچچە كوي ئىكەن، بىر نەچچە مىڭ بولسىمۇ، ئۆز چۆنتىكىدە قالغىنى ھايالدە!…

سۇلتان سۈزۈك خۇشلۇشۇپ كەتتى ۋە ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتمەيلا يەنە كېلىپ مېھمان بولدى، پارالق ئارىلىغىدا بولسا، ئۆزىنىڭ بويتاقلىغىنى، يېزىدىن ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىغىنىمۇ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

قاسىم ئاخۇننىڭ سەزگۈر كاللىسى بۇ گەپلەرنىڭ ئازتولا تېگىگە يېتىپ، سۇلتان سۈزۈكنىڭ مۇددىئاسى نىمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەت كۈچى ۋە قىز ئاتىسى بولغانلىغىدىن ئىبارەت تەلۋە غۇرۇر تۇيغۇسىنى كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتالماي، يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈش قارارىغا كەلگەن ئىدى…

مانا، بۈگۈن ئۇنىڭ كۈتكەن كۈنى كەلدى، كەلگەندىمۇ دەل جايىدىن كەلدى. بۇ خېرىدار ئۇنىڭغا بەكمۇ ياقاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئىككى يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدىغانلىقى، ئىش - ئوقىتىنىڭ جايىدا، يەتتە ئەزايى ساق، مەرت بىر ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنى تولۇق قانائەتلەندۈرەتتى…

ئۈچ كۈن ئىچىدە يەڭ سودىسى پۈتتى. ئەمما ئوقۇلىدىغان ئاخشىمى سانىيە ئۆزىنىڭ يات بىرسىگە تېگىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دادىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— دادا، جېنىم دادا… — دىدى ئۇ قارىيامغۇردەك تۆكۈلۈپ، — قىزلىرىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويسىلا، مەن ھازىر يالغۇز ئەمەس!…

قاسىم ئاخۇن ئۇنى يىۋاشلىق بىلەن بەزلىدى:

ــ قىزىم، قىز دىگەن خان كۆۋرىگى، پىــ
شانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۇتۇۋېرىدۇ، نەدە بولــ
ساڭمۇ بىر ئەرنىڭ قولىدا بولىسەن، ئەندى
جامالنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ، خۇدا قوشقان
بۇ جۇپتۇڭنى قوبۇل كۆر...
ــ دادا، مەن جامالدىن ئايرىلالمايمەن...
بۇ ...

قاسىم ئاخۇن ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلــ
كىۋەتتى:
ــ تولا كاپشىما، سەن ئايرىلالمىساڭ، ئۇ
سەندىن ئالىقاچان ئايرىلدى، ــ دىدى ئۇ
ۋە توش يانچۇغىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى
چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى، ــ مانا بۇ جامالنىڭ
سېنىڭ سۆزۈڭنى بېرىپ يازغان تىل خېتى!

سانىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بېشى قايــ
غاندەك بولدى، خىرەلەشكەن ياشاڭغۇ كۆزىــ
گە گويا دادىسى ھېلىقى قەغەزنى پۇلاڭلاتــ
قان پېتى قاھــ قاھلاپ كۈلۈپ، ئەتراپىدا
ئايلىنىۋاتقاندەك، ھەتتا بەزىدە، باش ئۈســ
تىدە چۆگىلەپ ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ
كەتتى...

ئەتىسى كەچقۇرۇن نىكا پاتىھەسى ئوقۇلــ
دى، خوشنا يېزىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئۈچكە
ساقاللىق قېرىسال بىرموللا ئالدىغا كەلتۈــ
رۈلگەن بىر لىگەن گۆشلۈك پولۇ بىلەن بىرــ
يەكتەكلىك پاكچۇنىڭ خوشاللىقىدا ھالالىمۇ
ئەمەس، ھارامىمۇ ئەمەس، تەپمە ھالال بىر
نەرسە قىلىپ ئىشنى تۈگەتتى...

نىكادىن كېيىن يېڭى كۈيئوغۇل كېتىشكە
ئالدىرىدى، قاسىم قىڭغىرمۇ شۇنىسى كۆتۈپ
تۇراتتى، ئۇ كۈندۈزى كۈيئوغۇلنى ئوبدان
مېھمان قىلىپ، كەچ كىرگەنىدە ھارۋىنى
جابدۇپ شاۋازنى ناھىيىگىچە ئاپىرىپ قوــ
يۇشنى بۇيرىدى. باش ــ كۆزى قېلىن چۈمــ
كەلگەن سانىيە ھارۋىغا چىقىرىلدى، يېڭى
كۈيئوغۇل ئۇنىڭ يېنىدا چوخچۇيۇپ ئولتاردى.
ھارۋا قوزغىلىدىغان چاغدا، ناۋاتخان "خوش
قىزىم، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم!..."، دىگەن
گەپنىلا تەكرارلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى،
سانىيە بولسا، ئۈن ــ تىنسىز ئولتۇراتتى،
ئۇ يىغلىمىدى، گەپ ــ سۆزمۇ قىلمىدى، خۇدــ
دى قاتۇرۇپ قويغان مومىيادەك جىم ــ جىت
ئىدى، قېلىن رومال ئۈستىدىن ئۇنىڭ يۈز
ئىپادىلىرىنى كۆرۈشمۇ مۇمكىن بولمايتتى،
لېكىن ئۇنىڭ بەزى ــ بەزىدە چوڭقۇر ئۇھ
تارتىپ قويۇشىدىنلا كۆزى ئەمەس، بەلكى
يۈرىگى ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى لۆــ
مۈلدەپ تۇرغان بۇلاق كۆزىدەك ئۈنسىز يىغــ
لاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى...

ھارۋا قوزغالدى، قاسىم ئاخۇن يەلكىسىــ
دىن خۇددى بىر پاتمان تۈگمەن تېشى ئېلىپ
تاشلانغاندەك، يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى.
ناۋاتخان بولسا، پۈت ــ قوللىرىنى سىدىرلىــ
تىشقىمۇ ماجالى يەتمەي، دەرۋازىغا يۆــ
لەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

يېڭى ئەرــ خوتۇن ناھىيە بازىرىدىن ئەتىــ
سى ئەتىگەنىدە تىراكتورغا ئولتۇرۇپ، ۋىلاــ
يەت مەركىزىگە قاراپ يولغا چىقتى. شاۋاز
ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆيىگە قايتتى.
تىراكتوردا ئۇلاردىن باشقا يەنە ئون نەچــ
چە يولۇچى بار ئىدى. پور پاڭ توپۇلۇق يول
تۈگەپ، ئىككى تەرىپى سۇۋادان تېرەكلىك
تېقىر يولغا چىققاندا، يولۇچىلار خېلى جانــ
لىنىپ، بەزىلىرى قىززىق پاراڭغا چۈشتى،
بەزىلىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. سانىيەــ
نىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق
بىر ئەر كىشى تىراكتورنىڭ سىلكىنىشىگە تەڭــ
كەش قىلىپ، دىمىقىدا غىڭشىغىنىچە لەرزان
ناخشا ئېيتتى:

www.uyghurkitap.com



قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغىدەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغىدەك.

ئۆرگىلىدۇ پەلەك،
چۆرگىلىدۇ خەمەك.
كىمىنىڭ يارىسىز،
چوكان سېپكىلەك.

سانىيەنىڭ مۇزدەك يۈرىگى يەنە ئىللىشقا، سەزگۈسىنى يوقاتقان نېرۋىلىرى ئاستا-ئاستا قوزغۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ قوسىغىدا — يۈرىگىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر جان خۇدى بېلىقنىڭ پىلتىڭلىغىنىدەك يېنىك بىر تەۋرىدى-دە، ئۆتۈپ كەتتى. سانىيەنىڭ چىرايى بىر نەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئوماققىنا ئېچىلدى، ئۇ راھەتلەنگەندەك بىر دەقىقە كۆزىنى يۇمدى. لېكىن بۇ ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى، تىراكتورنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان خۇشخۇي بىر جوگاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يەنە ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزۇۋەتتى:

غېرىپلىق ناخشىسىن ئېيتسام،
كۆزۈمدىن توختىماس قان ـ ياش.
ئېچىلماي توزىدى غۇنچەم،
بېشىمنى ئورىدى ئاق چاچ.

سانىيەنىڭ كۆزىگە غىلىلداياش كەلدى، ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن چاناقلىرى يەنە نەملەشتى. ئىككى تامچە ياش ئاستا-ئاستا سىرغىپ، ئۇنىڭ قاتمۇ ـ قات گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە كېلىپ سىڭدى. بۇ ياش ئاز بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق ئاچچىق ئىدىكى، سانىيە لەۋلىرىنى يىمىرىۋىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بىر يولۇچى يەلكىسىگە ئېسىۋالغان كىچىك رادىئوسىنى ئېچىۋەتتى. رادىئودىن دەسلەپ يېقىملىق، شوخ تەمبۇر ساداسى، كېيىن مەردانە ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى، ئاخىرىدا قىزىقارلىق خەۋەرلەر بېرىلدى. بۇ خەۋەرلەر ئىچىدە دىكتورنىڭ ئالاھىدە تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن: "ھازىر مەملىكەت بويىچە ئاياللاردىن ئۆلكە باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى بولغانلار يەتتىگە يەتتى" دىگەن خەۋىرى سانىيەنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالدى: "جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى گۇشۇلىيەن جۇڭگو بويىچە تۇنجى ئايال ئۆلكە باشلىقى ھىساپلىنىدۇ"

سانىيە رادىئودىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاۋاتقاندەك پەخىرلىنىپ كەتتى. ھېلىقى ئۆلكە باشلىقى ھەدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشقىسى كەلدى. ئۇنىڭغا نىمىلەردەيدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھەدىسى گەرچە ناھايىتى سالاپەتلىك، ناھايىتى گۈزەل، ناھايىتى كاتتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچىمۇ قورۇنماستىن:

"شۆلىيەن ھەدە، ئاياللاردىنمۇ سىزدەك قابىللار چىقىدىكەنغۇ؟! بىز نىمانچە ئاجىز؟! مەن سىزنىڭ بىز ئۈچۈن كۆپرەك قايغۇرۇپ، جەمىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا تېخى ماڭا ئوخشاش، گۈلقىزغا ئوخشاش شۇمتەلەيلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن!..." دىمەكچى بولدى.

رادىئودىن بېرىلگەن ئىككىنچى خەۋەر ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭدا ئەنگىيەلىك 10 ياشلىق بىر قىزچاقنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسى-

تىتىنىڭ سان شىيوس ئىنىستىتوتىغا ئىمتىھان بەرگەن 530 ئوقۇغۇچى ئىچىدە ماتىماتىكا نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئىگە بولغانلىقى» خەۋەر قىلىنغان ئىدى. سانىيە بۇ ئىشقا ئەقىل يەتكۈزەلمەي خېلىغىچە كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ھېلىقى قىزنى سېلىشتۇردى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى بەش ياشلا پەرق بار ئىدى، تېخى سانىيە ئۇنىڭدىن چوڭ تۇرۇپ، داشۆ تۈگۈل ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ ئىمتىھان بېرىپ باقمىدى، ئەندى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاي دېگەندە، دادىسى: "قىزىم، ئىمانىڭ سۇسلىشىپ كەتمىسۇن، ئەندى داۋۇت قارىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ دۇنيالىق ئوقۇشنى ئوقۇغىن!...» دەپ يېزا ئىمامىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەرگەن ئىدى.

سانىيە ھېلىقى 10 ياشلىق چەتئەل قىزى روتىس ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلدى. ئون ياشلىق قىز ئىلىم - پەننىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ، ئەندى سانىيەچۇ؟! ئۇ نەگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ؟!...

سانىيەنىڭ دىمى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ بېشىغا پۈركەلگەن رومالنى ئاستا ئۈستىگە تارتىپ، يۈزىنى قىيا ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ھېلىقى "ئېرى» مۆگدەپ ئولتۇراتتى. سانىيە تۇنجى قېتىم بۇ مەخلۇققا يۈزمۇ - يۈز تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ "ئېرى» قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى خۇددى تېرىق توشقۇزۇلغان تۇلۇمدەك دىقماق ھەم سېمىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاپتاپتا كۆيگەنلىكتىنمۇ ياكى كېسەللىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق قارىداپ كەتكەن ئىدىكى، بىرلا قارىغان كىشىگە بەئەينى چاڭگاللىقتىكى ئوت كەتكەن توغراقنىلا ئەسلىتەتتى. سانىيە ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا يىرگەندى، تېخى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى سانىيە ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىدەكلا قاپ - قاراڭغۇ ئىدى. ئەسلىدە ئۇ، ئۈچىغا چىققان قىمارۋاز ھەم چېكەمەن نەرسە ئىدى. سانىيە ئۇنىڭ بەشىنچى خوتۇنى ھېساپلىناتتى. بۇ نەرسىلەر سانىيە ئۈچۈن قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن "ئېرى» نىڭ ساغىرىپ، داتلىشىپ كەتكەن ھىڭگاك چىشلىرى بىلەن كۆكۈرۈپ كەتكەن كالپۇكلىرى، خۇددى كۆيە چۈشكەن بىر پارچە ئەسكى كىگىزنى چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان چۇپۇرلۇق مەيدىسى بىلەن ئۇنىڭ مەگزىدىكى ئوغاقسىمان پىچاق تاتۇغى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان بىر ئادەمنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سالدى. سانىيە ئۇنى "ئېرىم» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش تۈگۈل، يول ئۈستىدىكى ئۆتكۈنچى ھەمرا دەپ ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەمسىمان بىر مەخلۇققا تېخى ھېلىلا يۈرىگىنىڭ ئاستىدا تەۋرىگەن جاننى - ئۆزىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن ئادىمى جامالنىڭ بىردىن - بىر يادىكارىنى تۇغۇپ بېرەمدۇ؟! پاك مۇھەببەتنىڭ بىردىن - بىر سىمۋۇلى ھەم مېۋىسى بولغان ئەشۇ ناتىۋان بوۋاق مۇشۇ مەخلۇقنىڭ بالىسى بولامدۇ؟!...

" ياق - ياق! ... - دىدى ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلاپ، - جامال مېنىڭ سۆزۈمنى بەرگەن بىلەن بۇ بالا ھامان شۇنىڭ بالىسى، بۇ بالا ئىككىمىزنىڭ قىسقا ۋاقىتتىكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ يالدامىسى، جامال بۇنىڭدىن تانىدىغان يىگىت ئەمەس! لېكىن ... لېكىن مەن نەگە كېتىۋاتىمەن؟ بالىچۇ؟!...»

(ئاخىرى 58- بەتتە)

# ئۈزۈلمەس رىشتە

## (ئوچېرك)

**ئابلىز ئۆمەر**

— ۋەي، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىمۇ؟

— شۇنداق.

قارشى تەرەپ تېلېفوندا قوبۇل قىلغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرغاندىن كېيىن تاپىلىدى:

— فابرىكىلارغا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن جاۋزىياڭ زۇڭلى قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلار كۆزدىن كۆچۈرۈشكە چىقماقچى. شۇ قاتاردا يولداش خاۋجيەنشيۇمۇ بار. ئۇ سىلەرنىڭ فابرىكىدىكى ھاۋاخان يەھيا بىلەن كۆرۈشۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ھاۋاخان ئىش ئورنىدا بار بولۇپ قالسا، خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىڭىز، سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالمىسا...

خوشخەۋەر فابرىكا پارتكوم مەسئۇللىرى ئارقىلىق ھاۋاخانغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ ياش قىزلاردەك چۆكىلەپ كەتتى، ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا كۆكرەك قەپىزىگە پاتمايتتى. «يولداش خاۋجيەنشيۇ راستىنلا مېنى سورىغانمىدۇ؟ — دەيتتى ھاۋاخان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، — ئۇ ھازىر مەركەز رەھبەرلىرىدىن بىرسى. ئۇنتۇپ قالمىغان ھالەتتىمۇ شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، مەندەك بىر ئاددى ئىشچىنى يوقلاشقا مۇمكىنچىلىك بولارمۇ؟» ھاۋاخان پارتكوم ئىشخانىسىغا يۈگۈردى، پارتكوم سېكرېتارى سۈيۋەنشياڭدىن قايتىلاپ سورىغان ئىدى، ئۇ تېلېفوننىڭ يولداش خاۋجيەنشيۇنىڭ كاتىۋىدىن كەلگەنلىكىنى، راستىنلا ھاۋاخاننى سورىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى ھەمدە كۈتىۋېلىشقا تەييارلىنىشنى جېكىلىدى. ھاۋاخان پارتكوم ئىشخانىسىغا قانداق يۈگۈرۈپ بارغان بولسا، شۇنداق تېزلىكتە سېخقا قايتىپ كەلدى. ئۇ، قەدىردان رەھبىرى، قەدىناس دوستى بىلەن قانداق كۆرۈشۈش، نېمىلەرنى دېيىش توغرىسىدا ئازراق ئويلىنىۋالماقچى، تەييارلىق قىلىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان ئىدى؛ ۋىسال پەيتىگە بىرەر سائەت قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغاندا، بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا چاپاتتى. ئىشنىڭ تېگى — تەكتىنى بىلمىگەن ئىشچىلار: «تۇۋا، نېمە ئىش بولدى بۇ چوكانغا؟ ئائىلىسىدە بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ — نېمە؟» دەپ بىر-بىرىگە قارىشاتتى. ھاۋاخاننىڭ كۆزى بىردىنلا كىيىملىرىگە چۈشكەندە، بىر نەرسە يادىغا يەتكەندەك ئۆيىگە قەدەم باستى. ئۇ، ئۈچىسىغا كۆكرەك بۇرمە قىلىپ تىكىلگەن

ئالما ئۈرۈگى شىغىلىق دۇخاۋا كۆينەكنى، پۈتمىگىز پاشىنىلىق ئاق توپلىيىنى كىيىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ باش ياغلىقىنى ئالماشتۇرمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئالمان - تالمان ساندۇقنى ئاچتى - دە، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئاستىدىن بىر جۈپ چىمەن تاشكەن دوپپىنى ئالدى، دوپپىنىڭ بىرىنى بېشىغا كەيدى، بىرىنى ياغلىققا چىرايلىق ئوراپ سومكىغا سالدى. هاۋاخاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆسنى-جامالىنى كۆرگەنلەر تويغا جابدۇنغان بولسا كېرەك، دېيىشىپ قالاتتى.

هاۋاخان يەھيا 1959 - يىلى يېڭىلا قۇرۇلغان قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچى بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى كۆپ قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تىل ئۇقۇشماسلىق، ئورپى-ئادەتلىرى ئوخشىماسلىق قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تېز ئىلگىرىلىدى، 1961 يىلدىن باشلاپ، ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئاپتونوم رايونى بويىچە "3 تە ياخشى ياش"، "5 تە ياخشى ئىشچى" بولۇپ، ئۆگىنىش - تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنلىرىغا تېخىمۇ كۆپ بارىدىغان بولدى، هاۋاخان بۇ مەزگىللەردە چىڭداۋ 6 - توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشچى تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدىغان مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى خاۋجيەنشيۇ بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىپ قالغان ئىدى. 1978 - يىلى 12 - ئايدا هاۋاخان سەپداشلىرى بىلەن يەنە چىڭداۋ 6 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، جۈملىدىن "خاۋجيەنشيۇچە خىزمەت باشقۇرۇش قائىدىسى" نى ئۆگىنىشكە باردى. بۇيەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن "خاۋجيەنشيۇ گورۇپپىسى" دېگەن يولداشلار بىلەن بىرلىكتە شاڭخەيگە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش - ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان توقۇمىچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان خاۋجيەنشيۇمۇ خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن شاڭخەيگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ، توقۇمىچى دوستلىرىنى يوقلاپ چىقتى. بۇ قاتاردا هاۋاخان يەھيامۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى، ئورتاق تەقدىر، ئورتاق سەرگۈزەشت بۇ ئىككى ئەمگەك قەھرىمانىنىڭ يۈرەك رىشتىسىنى بىر - بىرىگە چىڭ باغلىدى؛ خاۋجيەنشيۇ چېگرا رايوندىن كەلگەن بۇ ئۇيغۇر قىزنى بارلىق ئۆگىنىش شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈردى؛ هاۋاخانمۇ باغرى كەڭ، ساپدىل، كەمتەر بۇ ئايال رەھبەرگە كۆڭۈل قېتىدىن ئورۇن بەردى. بۇ بەختلىك ئۇچرىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، بىر كۈنى خاۋجيەنشيۇ بىر پارچە ھۆرخالىق خېتى ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى تەخلەپ قويۇپ، بېيجىڭگە مەجلىسكە كېتىپ قالدى. ئارىلىقتا پوچتالىيونلار دوستلۇق خەت - خالتىلىرىنى توشۇپ تۇردى، كەلگەن - بارغانلار سالام ئېلىپ كېلىشتى. خاۋجيەنشيۇ هاۋاخانغا: "مەن پۈرسەت تېپىپ، چوقۇم سىلەرنىڭ فابرىكاڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشىمەن ھەمدە سىزنى يوقلايمەن" دېگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىشتەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى، يولداش خاۋجيەنشيۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىنىڭ كاندىدات سېكرې-

تارلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى بىردەم مەملىكەت ئىچىدىن چىقسا، بىردەم چەتئەللەردىن ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەرمۇ: « ھاۋاخان، تۈزلۈك قىلما. خاۋجيەنشيۇ سەن تونۇشقان چاغدىكى خاۋجيەنشيۇ ئەمەس، ئۇ ھازىر مەركەز رەھبەرلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئاغزىڭنى تاتلىق قىلما » دەپ گەپ تارىتىپ يۈرەتتى. شۇڭا ھاۋاخان خاۋجيەنشيۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ پات-ئاردا قەشقەرگە كېلىپ قېلىشىنى، قەشقەرگە كەلگەندىمۇ ئاددى ئىشچى بۇرادىرىنى كۆرگىلىمۇ ئالاھىدە ئىزدىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ نىمىشقىمۇ خوشاللىق ئىلكىدە يايرىمىسۇن!؟ ...

ھاۋاخان يۈگۈرگەندەك مېڭىپ فابرىكىنىڭ ئالدىنقى يىپ ئىگىرىش سېخى ئالدىغا كەلگەندە زاۋۇت رەھبەرلىرى مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ھاۋاخان ئىنتىزارلىق بىلەن يولغا كۆز تىكەتتى. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 4 تە كىچىك ئاپتوۋۇز ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا توختىدى. ئاپتوۋۇزدىن جاۋزىياڭ زۇڭلى، مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى خۇچىلى، كاندىدات سېكرېتارى خاۋجيەنشيۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ۋاڭ ئىنماۋ، ئىسمائىل ئەمەت قاتارلىق رەھبەرلەر چۈشتى. ھەممەيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھاۋاخان كىشىلەر توپىنىڭ ئارقىسىدا تارتىنىپراق تۇراتتى. ئۇ كۆلرەڭ يوپكا، ئاق كوپتا، پۇتىغا يازلىق قارا تاپكىس كەيگەن خاۋجيەنشيۇنى بىر كۆرۈپلا تونىدى، لېكىن مەركەز رەھبەرلىرى ئالدىدا ئەدەپ ساقلاپ تۇردى. شۇ ئارىدا خاۋجيەنشيۇنىڭ قارچىغۇنىڭكىدەك ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆزى توپ ئارىسىدىن ھاۋاخاننىڭ قوي كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. خاۋجيەنشيۇ توپنى يېرىپ ھاۋاخان تەرەپكە تېز-تېز ئىلگىرىلىدى، ئاڭغىچە ھاۋاخانمۇ بۇ قەدىردان رەھبەرنىڭ ئالدىغا قانداقتۇ بىر غايىۋانە كۈچنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن بېرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇلار چىڭ قول سىقىشتى ۋە بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ، دوستلۇق مېھرى ئۆركەشلىگەن يۈرەكلىرىنى قايتا - قايتا يېقىشتى. بۇ ئىككەيلەن جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قېلىشقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى.

— مەن سىزنى ئايلانمابەندە ئىشلەيدىغان بولسا، كۆرۈشەلمەي قالىمىزمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. ياخشى، سېختا ئىكەنسىز، — دېدى خاۋجيەنشيۇ ھاۋاخاننىڭ مۈرىسىگە يېنىك قول تاشلىغان ھالدا.

— مەن سىزنىڭ بۇنداق تاسادىپى كېلىپ قېلىشىڭىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن، — دېدى ھاۋاخان ھاياجان ئىچرە.

ئىككەيلەن پاراڭلاشقاچ جاۋزىياڭ زۇڭلىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. خاۋجيەنشيۇ ھاۋاخاننىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىرمۇ - بىر سورايتتى؛ ھاۋاخانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خاۋجيەنشيۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى بىلمەكچى ئالدىرايتتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەيتتى. ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئاچا - سىڭىللاردەك بىر - بىرىگە قاراپ قېنىشمايتتى. ھاۋاخان ئايلىنىپ توقۇش سېخىغا كەلگەندە بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، سومكىسى ئىچىدىن قەغەزگە ئورالغان چىمەن تاشكەن دوپپىنى ئېلىپ،

خاۋجىيەنشىۋغا كەيدۈرۈپ قويىدى، ئۇنىڭ ھۆسنى تېخىمۇ جۇلالاپ كەتتى.

بويانقىچىلىق سېخىغا كەلگەندە، جاۋزىيانىڭ زۇڭلى بويىلىۋاتقان ھەر خىل گۈللۈك رەختلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ رەختلەرنى مىللىي يولداشلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى سورىغان ئىدى، باشقىلار ھاۋاخانغا قارىغاندەك قىلدى، ھاۋاخان لايىقىدا جاۋاپ بەردى.

— بۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم، كەسپدىشىم، — دىدى خاۋجىيەنشىۋ شۇ پەيتتە ھاۋاخاننى جاۋزىيانىڭ زۇڭلىغا رەسمىي تونۇشتۇرۇپ.

— ياخشى، ياخشى! — دىدى زۇڭلى ھاۋاخان بىلەن قول ئېلىشىپ.

ھاۋاخان مېھمانلار قايتىدىغان چاغدا خاۋجىيەنشىۋنى ئۆيدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، خاۋجىيەنشىۋ زۇڭلىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كەچتە كېلىشكە ۋەدە بەردى.

دىگەندەك، كەچ سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 9 دا خاۋجىيەنشىۋنىڭ پىكاپى ھاۋاخاننىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختىدى. خاۋجىيەنشىۋ زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، مېھمان تەييارلىقىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ھاۋاخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە:

— خاۋ شۇجى، مەشغۇلاتىڭلاردا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، ياخشى كەپسىز، — دىۋەتتى.

— كېلىمەن، — دىدى يولداش خاۋجىيەنشىۋ، — قەشقەرگە كېلىپ سىزنى يوقلىمىسام كۆڭلۈم يېرىم بولمامدۇ؟

مېھمانلار ئازادە ياسالغان چاقانغىنا ئۆيدىن ئورۇن ئېلىشتى. خاۋجىيەنشىۋ ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە تۆرگە سېلىنغان كۆرپىدە چارزا قۇرۇپ ئولتۇردى. كىلەم ئۈستىگە سېلىنغان داستىخان يۈزىنى نازۇ - نېمەتلەرنىڭ كۆپلىگىدىن كۆرگىلى بولمايتتى، قاتلىما نان، ھەسەل، مۇراببا، قەن - گېزەك، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم ... ھەممىسى بار ئىدى.

— فابرىكاڭلار ياخشى يەرگە جايلاشقان، — دىدى خاۋجىيەنشىۋ داستىخانغا قول ئۇزۇتۇۋېتىپ، — ئاساسى ئوبدان، پاختا مەنبەسى مول ۋە سۈپەتلىك. لېكىن، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئۇنداق بولمىسا، 50 - يىللاردىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ماشىنا - ئۈسكىنە ۋە مەھسۇلاتلار بىلەن 80 - يىللاردىكى بازار ئېھتىياجىنى قامدىغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە - مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك: مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى، بولۇپمۇ تېخنىك خادىملارنى، باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىش لازىم.

— چوقۇم مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھى بويىچە ئىشلەيمىز، — دېيىشتى فابرىكا پارتكوم مەسئۇللىرىدىن سۆي ۋەنشىيانىڭ ۋە خېلىل رېھىم تەڭلا.

يولداش خاۋجىيەنشىۋنىڭ سۆھبىتى كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇردى. ھەممەيلەن قىزغىن پاراڭلاشقاچ داستىخانغا قول ئۇزۇتۇپ تۇردى. ھاۋاخان بىردەم ئۆيگە كىرسە، بىردەم تالاغا چىقىپ، ئوچاقبېشىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى. بۇنى كۆرگەن خاۋجىيەنشىۋ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە:

www.uyghurkitap.com



— كايىماك، مەن سىز بىلەن مۇڭداشقىلى كەلدىم، — دېدى. ئۇ ھاۋاخاننىڭ خىزمەت، ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئۇققۇشۇپ، پەرزەنتلىرىنى سورىدى. ھاۋاخان دالان ئۆي تەرەپكە قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ 11 ياشلىق قىزى رۇشەنگۈل ئېتىلىپ كىرىپ، خاۋجيەنشيۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. خاۋجيەنشيۇ بۇ ئوماق ئۆسمۈرنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، سىكىلەك چاچلىرىنى سىلاپ، قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

شۇ تاپتا ئۆيدە كاتتا رەھبەر ئەمەس، بەلكى ئاددى ـ ساددا، كەمتەر، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق بىر مېھمان ئولتۇرغاندەك، سورۇن ئويۇن ـ كۈلكە، چاقچاق، خۇش ئاۋاز پاراڭلار بىلەن قىزىپ كەتتى. خاۋجيەنشيۇنىڭ كۆزى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ساندۇق تۆپىدە تۇرغان دۇتارغا چۈشكەندە، بىرەيلەن قولىغا ئالغان ئىدى، قېيىشقاندەك تارىسى يوق بولۇپ چىقتى. بۇ چاغدا، خاۋجيەنشيۇنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەممەيلەن چاۋاك بىلەن تەڭكەش قىلىپ، رۇشەنگۈلنى ئۇسۇلغا تارتتى. رۇشەنگۈل قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھەممەيلەنگە سالام قىلغاندىن كېيىن، قوللىرىنى قالىغاچنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، پۇتلىرىنى يەڭگىل يۆتكەپ، ناخشا ئېيتىپ ئايلىنىشقا باشلىدى:

خۇش كېلىپسىز خاۋ ئاچا،
بۈگۈن مېھمان بولۇپ بىزگە.
شاتلانغان يۈرەكلەردىن،
تەشەككۈر، ئېھتىرام سىزگە.
قەدەم تەشرىپىڭىز ئىلھام،
بولدى يەنە غەمخورلۇق.
بەخت بوستانىدا گۈللەپ،
تومۇر يايدى ئېزىز دوستلۇق.

رۇشەنگۈل ئويناپ كېلىپ خاۋجيەنشيۇنى ئۇسۇلغا تارتىپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا بەخت، دوستلۇق مېھرىدىن سۇ ئىچكەن دىللار ئاللاقانداقتۇ بىر نازۇك ھېس تۇيغۇ ئىلكىگە چۆمدى؛ خاۋجيەنشيۇنىڭ ھاۋاخان بىلەن بىر زىخ كاۋاپنى بىللە يەۋاتقانلىقى، بىر پىيالە قەن چاينى بىللە ئىچىۋاتقانلىقى، شورپا گۆشىنىڭ ياغسىز يەرلىرىدىن خاۋجيەنشيۇنىڭ ئاغزىغا زورلاپ سېلىپ قويۇۋاتقانلىقى سۈرەت ئاپپاراتلىرىنىڭ لىنزىلىرىگە دوستلۇق يالدامىلىرىدىن گۈل چەكتى، ئالبۇملار قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى بۇ سورۇننىڭ خاتىرىلىرى بىلەن تولدى…

مېھمانلارنىڭ يەنە ئولتۇرغىسى بولسىمۇ، لېكىن، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. خاۋجيەنشيۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە سومكىسىنى ئېچىپ ھاۋاخان ئۈچۈن ئالاھىدە بېيجىڭدىن ئاتاپ ئېلىۋالغان كورۇپكىلىق سۇتلۇك كەمپۈت، شاكىلات قاتارلىق نەرسىلەرنى ۋە ئىككى بالىسى بىلەن چۈشكەن سۈرەتنى سۇنۇپ:

— مەن قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم. بۇ ـ دوستلىقىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن! ھاۋاخان، پۇرسەت بولسىلا بېيجىڭگە بېرىپ، مېنى يوقلاشنى، ئۆيۈمدە مېھمان بولۇشنى ئۇنتۇماڭ، — دېدى يېنىشلاپ.

خاۋجيەنشيۇ قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، چەكسىز ئاسمان دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ئىللىق چىرايلارغا سۈتتەك ئاپپاق نۇرىنى ئايىماي سېپەتتى، ئاينىڭ يېنىدىكى بىر جۈپ يۇلتۇز گويا دوستلۇق سىمۋولىدەك بارغانسېرى چاراقلايتتى…

# ئۈمىت غۇنچىلىرى

كۈنسېرى گۈللەپ ياشناۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئىز باسقۇچى ئەۋلاتلىرى بىلەن پارلاق، گۈزەل ئەتىگە دادىل قەدەم قويماقتا. بۇ ئىز باسقۇچى ئەۋلاتلار خۇددى باھار پەسلىدە ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭمۇ - رەڭ گۈل - چېچەكلەردەك كەينى-كەينىدىن يېتىلىپ، شېئىرىيەت گۈلزارىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزمەكتە.

«ئۈمىت غۇنچىلىرى» ئىستونىمىزدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان «ئۈمىت» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ ئىجادىيەت روھىغا ئىلھام - مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

## مەن قوياش ئەركىسى

**ئەنۋەر مەتسەيدى**

قوياش ياپقان زەرلىباسنى يېپىنىپ،
مىنگىنىمدە ھەسەن - ھۈسەن ئۈستىگە.
ئاقۇش نۇرلار دولقۇنىغا قېتىلىپ،
سىڭىپ كېتەر جىسمىم كۈندۈز تۈسىگە.
نۇرى بىلەن يۇيار قوياش زېمىننى،
نە يۇيـاركى پاكلارجان ۋە تېنىمنى.

كۈندۈز بىلەن كۆكرەك يېقىپ ئالەمگە،
قوياش ئوخشاش رەڭ، ھارارەت چاچىمەن.
كېچىسىمۇ مۈكۈنمەيمەن خازەمگە،
تارتىشقانچە كۈن كەينىدىن كېتىمەن.
تۈندە ھىلال ئاي بىلەن چاچ تارايمەن،
تاڭدا كۈلۈپ شەرق ياقتىن مارايمەن.

كۆككۈش رەڭلىك قوشۇن تارتىپ ھاۋادا،
پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزىنى ئورايمەن.
پاياندازلار يېيىپ يېشىل تاۋاردا،
خۇنۇك تۈسنى يەر يۈزىدىن ھەيدەيمەن.
بۇلۇتلارنى ئاپپاق تىتىپ ساۋايمەن،
دەريالارغا كىرپىكىمنى چىلايمەن.

تويماس باغرىم ئانا يەرنى باغاشلاپ،
گىرە سېلىپ كۆمۈچ تاغنى سۆيىمەن.
ھارسام ئۇپۇق سىزىقىنى غۇلاچلاپ،
قىيالارغا بەھوزۇر باش قويىمەن.
تاغ كۆكسىدە يالتىرايمەن، يانىمەن،
قاپتاللارنى تەبەسسۇمغا سالىمەن.

يۈرسەم قۇملار دېڭىزىنى ئايلىنىپ،
قۇم تۇپراقنى يۈزلىرىمگە سۈرتىمەن.
ئۇندا رەڭدار يەلكەن بولۇت لەيلىنىپ،
قۇم بارخانلار دۈۋىسىنى تۈرتىمەن.
يورىتىمەن ئەڭ قەدىمى ئىزلارنى،
قىيغىتىمەن ئەركەكىيىك - قىزلارنى.

ئاقمىنىمدا «تارىم» دا مەن چايقىلىپ،
بولۇنىمەن گويا مۇڭلۇق مۇقامغا.
چالغىنىمدا ئۇنى ئالتۇن تارقىلىپ،
قونار زېمىن بۇلبۇللىرى چوقامغا.
كۆككە ئاھاڭ دولقۇنى بوپ تارايمەن،
ئاق چاچ ئانام ـ تىيانشاننى ئورايمەن.

زېمىن كۆيى ـ شامال بىلەن مۇڭدىشىپ،
چەكسىز ئېدىر، توقايلارنى كېزىمەن.
كۆكلەش ھايات كارۋىنىغا ئۇلىشىپ،
قوڭغۇراقلار ئاۋازىغا سىڭىمەن.
سۈمۈرىمەن ناخشا ـ سازلار ئۈنىنى،
تىترىتىمەن يۈرەكلەرنىڭ رىشتىنى.

قاماشتۇرۇپ قورۇق باسقان كۆزلەرنى،
قاردەك ساقال ۋە چاچلارغا چاچرايمەن.
باقىرىتىپ قىزغۇچ، سۈزۈك يۈزلەرنى،
قوندۇز ئوخشاش چاچلار ئارا چاقنايمەن،
مۇھەببەتنىڭ كۆزلەردىكى نۇرى مەن،
ئۈمىت، ۋىسال جىلۋىسى مەن، كۈلىمەن.

كۆك قەھرىدە ئۆزسەم ئالتۇن سۇمرۇقتەك،
بوشلۇق ماڭا بىلىنىدۇ ئېرىقتەك.
كۆرۈنىدۇ يەر شارى بىر تېرىقتەك،
كۆپ قىسمى كۆك، ئاز قىسمىلا سېرىقتەك.
قوياش ئۆزى بوينۇمدىكى تۇمادۇر،
ئۆمرۈم تېگى، بەخت بولۇپ يانادۇر.

يۇلتۇزلاردەك چاقنار مەڭگۈ كۆزلۈرۈم،
كۆمۈچ تاغدۇر چۈنكى مېنىڭ يۈرۈكىم.
شەپەق بولۇپ جىلۋىلىنەر يۈزلۈرۈم،
دەريالاردۇر چۈنكى قان ۋە ئىلىكىم.
قەلبىمدە بار شۇنچە نۇرلۇق بىر ئالەم،
ي'شار ئۇندا ۋەتەن، خەلق، زامانەم.

# لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىقىم

**ئومەر مۇھەممەت ئىمىن**

گەپ ئېچىلسا پۇل ـ پۇچەك، مال-مۈلۈكتىن،
ھەقىقەتەن خىيلىلا بەك گادايمەن.
ئەگەر روھى بايلار قاتار تىزىلسا،
ئۆزەمنى سەپ بېشىدا دەپ سانايمەن.
بۇ دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس بايلىقىم:
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىقىم!

تېرەكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ئەمەسمەن،
جۇت، سالقىنىغا بىردەك چاۋاك چالارغا.
يايلاقتىكى قېرى كالا ئەمەسمەن،
كىم قاياققا ھەيدىسىلا ماڭارغا.
ئىرادەمگە مەھكۇم ھايات ئايىمغىم،
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىقىم.

مەجنۇنتالدەك تۇرماس بېشىم ئىگىلىپ،
ئاق تېرەكتەك كۆكنى تىرەپ قامىتىم.
پەرۋايىم يوق تەيپىلىك جۇتى چىقسىمۇ،
غولۇم قالار يېرىلسىمۇ شاخلىرىم.
ئۆلگۈنۈم شۇ ئۆز يولۇمدىن تايغىنىم،
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىقىم.

يالاق ئىزدەپ سوكۇلدايدۇ لالما ئىت،
تاما قىلىپ سېسىق يۇندا، سۆڭەكنى.
قوساقنى دەپ تىمىسقىلاپ يۈرۈيدۇ،
بىلمەيدۇ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن بۆلەكنى.
كۆيدۈرىدۇ ئۇنى لەنەت قاينىقىم،
لەپىلدۈيدۇ دىلدا غورۇر بايرىقىم.

بويسۇندۇرۇپ ئۆز كۈچىگە ھەر پەسىل،
ئۆزگەرتىدۇ تەبىئەتنىڭ رەڭگىنى.
ئۇلار بىلەن كارى يوقتۇر تۇپراقنىڭ،
شۇدۇر ئۇنىڭ ھەر پەسىلنى يەڭگىنى.
ئەبەت يېشىل تۇرار قەلب يايلىغىم،
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىغىم،

غورۇرلۇقمەن، ئەمەس لېكىن تەكەببۇر،
كۆرۈنىدۇ دوستلار ئۇلۇغ خىزىردەك.
ئەلنى تاۋاپ قىلمىسام گەر قاچاندا،
ئۆزلىگىدىن بوغۇلىدۇ كىچىكىردەك.
دوستلار بىلەن بولار كۆڭۈل بايرىمىم،
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىغىم.

قايناپ تۇرار قېنىم"جۇر ئەت!جۇر ئەت!» دەپ،
تاغنى تالقان ئەيلىگىدەك كۈچۈم بار…
يۈزى بوستان، كۆڭلى زىندان رەقىپكە،
نار تۆكىدەك ساقلاپ كەلگەن ئۆچۈم بار.
پەرزىم — خەلقىم ئۈچۈن جەڭگە چاپىمىغىم،
لەپىلدەيدۇ دىلدا غورۇر بايرىغىم!

# قەلبىمدە شېئىر، قەلبىمدە ۋەتەن

(رەخىم قاسىمنىڭ «مىللىتىم—شېئىر مىللىتى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

**ياسىن نىياز**

مىللىتىم—شېئىر مىللىتىمۇ؟
ئىنكار قىلمايمەن دوستلار
مىللىتىم—ئۇيغۇر شېئىر مىللىتى.
شېئىردا ئۇيغۇر خىسلىتى،
شېئىردا ئۇيغۇر قۇدرىتى،
شېئىردا ئۇيغۇر قەدرى- قىممىتى…

مىللىتىم—شېئىر مىللىتىمۇ؟
شائىرلىق مىللىتىم تەبىئىتىمۇ؟
نە سەۋەپ چىقتى زەلىلى،
چىقمىدى گالىلى؟
نە سەۋەپ چىقتى لوتۇن،
چىقمىدى نىيوتۇن؟
نە سەۋەپ چىقتى نەفىسى،
چىقمىدى كىيورى…؟

ئەي، دانىشمەن ئەجداتلىرىم
بۇ سىلەرنى چىشلەپ تارتقىنىم ئەمەس.
كۆرەش بەدىلىگە كەلگەن ئەقىل جەۋھەرلىرىنى،
ئەخلەت ئازگىلىغا ئاتقىنىم ئەمەس.

قېنى سىز دەپ بېقىڭ ئوغۇزخان بوۋا،
مىللىتىم—ئۇيغۇر
ئورنىدىن بۆرۈن تۇرغانمۇ؟!
باشقىلار بەدۆۋى دەۋردە تۇرسا،
بىز ئويغۇنۇپ،
مەدەنىيەتلىك، سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرغانمۇ؟!
شۇ دەۋردە ئەجدادىمىز
پەقەتلا شېئىر يازغانمۇ؟

قېنى سىز دەپ بېقىڭ ناۋايى بوۋا،
يازدىڭىز
ئۆمرىڭىز بويى بىھېساپ داستان.
ئادالەت، ئىنساپ.
ۋەتەن، خەلق دەپ-
بەردىڭىز قۇربان.
بىراق، تۆگىمىدى بىۋاپا، بىھايالىق،
يەنە كۆپ ئىللەت!
كۆلۈپ باقمىدي ئەرك - ئادالەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېنى سىز دەپ بېقىڭ يۈكنەكى بوۋا ،
ئەجدادلار
قانچىلىك دىداكتىك ئەسەر يازغاندۇ؟
ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن نا ئەھلى
پاك ئىنسان يولىغا
قانچە كۆپ ئورا قازغاندۇ؟

قوي ـ كالىلار كەبى
يۇمشاق، يۇۋاش بولدۇق بىز.
شۇ سەۋەپتىن
كىشەنلىنىپ پۇت قولىمىز،
ھەمدە روھىمىز،
باشقىلاردىن كېيىن قالدۇق بىز!

نەچچە ئەسىرلەر بويى
ئاسماندا تولۇن ئاينى ئاپپاق قىز بىلىپ،
لەۋ تامشىتىپ، سۆيمەككە ئىنتىلدۇق.
ھەممىنى تەقدىرگە باغلاپ،
مۇرات ـ مەقسىدىمىزگە يەتمەككە ئىنتىلدۇق.
يازدۇق،
يېزىۋاتىمىز،
تارىختىن بېرى بىھېساپ داستان.
شېئىرغا مۇھتاج
دۇنيا، تەبىئەت، بۈيۈك ئىنسان...!

ۋاقتى ئۆتتى ئەمدى
قاراكۆچ، ئوقيا، ئات، گۈر ـ گۈر سۈرەننىڭ.
كىم قىلدى مېھنەت،
كىم قىلدى ئىجات
شۇ خوجىسى بۈگۈن دەۋراننىڭ.
ھازىر
ئاتوم، ئېلېكترونلۇق مېڭە دەۋرى بۇ!
كىم مەغلۇپ،
كىم غالىپ،
دۇنيا ئاقىلىنىڭ
ھە ئە، ئېقىل دەۋرى بۇ!

كىم، ئۇ، سىنى
"تەرەققى تاپماس مىللەت" دىگەن؟!
بىزدە گۈزەللىك،
بىزدە سەنئەت،
بىزدە ئەقىل.
بىزدە ئۈممەت،
مانا بۇ ھەقىقەت دىگەن!

شۇنىسى، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ سۆيمىسەڭ
باشقىلار سۆيەمدۇ؟
ــ ناتايىن.
ئالەم ئۈزۈن، بىزنىڭكى
نۇرلۇق كېلەچەك

يېقىنلاپ كەلمەكتە كۈنسايىن.
ئەتە ئۈچۈن سەنمۇ كۈرەش
سەنمۇ ياساپ باق
"ياغاچ بېلىق"
"ئوت هارۋىسى"
"تۆمۈر قۇش" ـ ئايروپىلاننى .
دائىما ئاپپاق يۈز، شەھلا كۆزلەردىن
بەخت ئىزدەپ يۈرگىچە
سەنمۇ تەكشۈرۈپ باق

خۇمالىق دىگىز ـ ئاسماننى......
تىللاگىلار مېنى،
ماختىغىلار مېنى
بەربىر قەلبىمدە شېئىر،
قەلبىمدە مىللەت،
قەلبىمدە ۋەتەن.
سۆيىمەن ئەجداتلىرىمنى،
سۆيىمەن ئەۋلاتلىرىمنى،
سۆيىمەن ئۇلار تەغدىرىنى
ماڭا قانداق باھا بېرىلگەن بىلەن.

# ئىككى شېئىر

**ئابابەكرى**

## مەن بوران بالىسى

مەن بوران بالىسى، بوراندا ئۆسكەن،
خىيالىم بوراندەك تۇرىدۇ بالقىپ.
ئۇ ئۆتەر دەھشەتلىك گۈكىرەش بىلەن،
قاتمۇ ـ قات چوققىلار ئۈستىدىن ھالقىپ.

مەن بوران بالىسى، بوراندا ئۆسكەن،
بورانلىق كېچىدە چۈشكەن تۇغۇلۇپ.
ۋۇجۇدۇم بوراندىن ئاپتىكەن ئۆرنەك،
جىسمىمگە ھەمىشە بوران ئۇرۇلۇپ.

مەن بوران بالىسى، بوراندا ئۆسكەن،
كۆكرىگىم توساقنى يېرىپ ئۆتىدۇ؛
مەن بوران بالىسى تۇمانى بۆسكەن،
بۆسۈكلەر ئەخلەتنى سۈرۈپ ئۆتىدۇ.

مەن بوران بالىسى، بوراندا ئۆسكەن،
بۇلۇتنى تىغ بولۇپ تىلىپ ئۆتىمەن.
ھەركەتتىن جىمىلىقنى بېرىپ خاتىمە،
ئوكيانىنىڭ سۇلىرىنى داۋالغۇتىمەن.

بوران ئۇ، ئۆزگە بىر قەدەم باسقىچە،
ئۇ، پۈتكۈل ئالەمنى كېزىپ بولىدۇ.
چۈش ئوخشاش كۆزنى ئۇ يۇمۇپ ـ ئاچقىچە،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بولىدۇ.

ئىزلىسۇن ھەر قاچان بوراننى كىشى،
بوراننى ئۆستۈرگەن تۇپراق قېتىدىن.
بورانمۇ ئەزەلدىن بوران ئىزىدا،
ئىزلىسۇن بوراننى بوران سېپىدىن.

مەن بوران بالىسى، بوراندا ئۆسكەن،
خىيالىم بوراندەك تۇرىدۇ بالقىپ.
ئۇ، ئۇچار ئۈمىتلىك ئۇزاق ـ ئۇزاقتا،
قاتمۇ ـ قات چوققىلار ئۈستىدىن ھالقىپ.

## بېلىقچە ھايات

ئەينەك مىسالى سۈزۈك كۆل سۈيى،
جىمىرلايدۇ، شامالدا ئاستا.
بېلىق ئوينار چۆمۈلۈپ ـ شۇڭغۇپ،
مەن تۇرىمەن ئويچان، قىرغاقتا.

شۇ ئان "چۇلدۇڭ" قىلغان بىر ئاۋاز،
خىيالىمنى تاشلىدى بۆلۈپ.
(نىمە ئىش بۇ؟) قالدىم تىڭىرقاپ،
كۆلگە چۈشكەن قارماقنى كۆرۈپ.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئارىدا،
لەيلىگۈچى قالدى ھەم لىڭشىپ.
قارماق ئىتتىك تارتىلىپ بىردىن،
چىقتى ئاڭا بېلىق ئىلىنىشىپ.

قاراپ ـ قاراپ سۈرىمەن خىيال،
ۋۇجۇدىمدا غەزەپنىڭ ئوتى.
ئەركىن ئويناپ ئۆسكەن بۇ كۆلدە،
ئاڭا باشقا ئۇزۇق يوقمىدى؟

بېلىق ـ بېلىق، ئەي ئالتۇن بېلىق،
سۇدا چاپچىپ تاپما يەسەن تىنىم.
بىراق، سازاڭ قۇرۇتتۇر خالاس،
ھاياتىڭنى ئۇتقان بۇ قېتىم.

ئەينەك مىسالى سۈزۈك كۆل سۈيى،
ھۆكۈم سۈرەر ئۇندا بىر سۈكۈت.
دىدىم ئىچىمدە: بېلىقچە ھايات
قىلار كىملەرنى يەنىلا نابۇت. (؟)

# ناخشا

(باللادا)

## ئابدۇقادىر جالالىدىن

ناخشىدا كۆيلىنەر غايە ۋە سۆيگۈ،
ناخشىسىز زېرىكەر ھەتتا كائىنات.
ئارسلان

كىرپىكلەرنىڭ قارا ۋۇلى ياندىشىپ،
ئۇزاتماستىن كۆزنى ئۇيقۇ ئۆيىگە.
سەمە بولدى سەگەك خىيال سىلكىنىپ،
بىر يۈرەكنىڭ مىسكىن تەنھا كۆيىگە.

يىراق يەردىن كېلەر ئاستا يېقىنلاپ،
كولدۇرمىنىڭ دوغۇق بىر خىل ساداسى.
ئاڭا تەڭكەش بولغان لەرزان ناخشىنى،
سۈمۈردىدۇ تۈننىڭ سالقىن ھاۋاسى.

ناخشا دىلنى ھوزۇردىغا سۆيلەيدۇ،
مەھلىيالىق بۆشۈكىدە تەۋرىتىپ.
مانا ئەمدى شۇنچە رۇشەن ئاڭلىنار،
مۇڭى يۈرەك بېغىشىنى تىترىتىپ:

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
يامغۇر بولۇپ ياغارمۇ؟
سېغىندۇرغان جانان قىز،
كۈلۈپ بىر كۈن باقارمۇ؟

ھەركەتلىنىپ ئۇنىڭ ئالغۇسى بېشىمنىڭ،
ناخشا زېھنىم لىنتىسىگە كۆچەتتى.
ئويغاق ھالدا مىنۇتلارنىڭ قاتارى،
خىيالى چۈش دۇنياسىدا ئۆتەتتى.

ئۇزاق بوللار ياتار تىمتاس سوزۇلۇپ،
ئات ھارۋىسى بارار ئۇندا جىرىڭلاپ.

سايرىشىدۇ تۈن ۋىسالى ئىلكىدە،
ئىشرەت سۈرگەن چىكەتكىلەر چىرىلداپ.

كۆكنىڭ شايى رومالىدۇر ئاي نۇرى،
كەشتىسىدۇر ئاققۇ كەبى بۇلۇتلار.
رىشتە باغلاپ ئۇيقىدىكى زېمىنگە،
تاشلار نەفىس تالا ـ تالا يورۇقلار.

توقايلىق ھەم دەرەخزارلار يىراقتىن،
تاشلىنىدۇ كۆزگە قارا سايىدەك.
قاراڭغۇلۇق مۈككەن ئورمان قېتىغا،
ئورمان ئۇنىڭ خىلۋەت پانا جايىدەك.

شۇ تاپ غايەت سېھرى بىلەن مەستقىلىپ،
ھارۋىكەشنىڭ كۈيى قۇچار ئەتراپنى.
بولۇپ دالا ھۇشسىزلىققا مۇپتىلا،
يېپيېڭىغانچە ياتار كۈمۈش چايشاپنى.

رېتىملىق بىر مۇزىكىدەك تۇيۇلار،
كولدۇرمىنىڭ تىنىم تاپماس ئاۋازى.
يول چېتىدە تۇرار چۈكۈپ چېچىمنى —
تال ـ سۆگەتلەر، قورشاپ مۇڭىنىڭ سەرۋازى.

ناخشا مۇڭى ئۆرلەپ ھەتتا پەلەككە،
ئۆڭدى تولۇن ئاينىڭ زەرگۈن جامالى.
ئاق بۇلۇتقا چۈمكەلدى ئاي، يۈزىگە ـ
ياغلىق تۇتۇپ يىغلىغان قىز مىسالى.

ئاينىڭ ئەشۇ ھالىتىنى بىرلا چاغ،
قانچە كۆللەر تارتىۋالدى سۈرەتكە؟
ئاسمان باھا بېرەلمەستىن بولدى لال.
فوتو سۈرەت پايىدىكى كۆرەككە.

ناخشا چەكسىز تۈن باغرىغا تارايدۇ،
نۇر دولقۇنى ھەر تەرەپكە ئاققاندەك.
يەر ـ كۆكتە ئاقۇش تۇمان لەيلەيدۇ،
زېمىن گويا مۈگدەپ ئېغىر تىنغاندەك.

ناخشا ـ تۈندە پەرۋاز قىلغان شۇ ئاھاڭ،
ئوتلۇق كۆڭۈل ئەسرارىنىڭ يەشمىسى.
باسقىنىدا پىراق كۈيچى قەلبىنى،
ئېغىزلاردىن چىققان كۈينىڭ چەشمىسى.

يامغۇرنى تۆكمەي ۋىسال بۇلۇتى،
پالىغانمۇ تەشنالىقنىڭ چۆلىگە؟
ئىستەك ئوتى ئۆچۈپ، ئەمدى ۋابالىق ـ
يەتكەنمىدۇ ئەقىدىسىنىڭ گۈلىگە؟

جان قوشامدۇ ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگە،
نىگارىنىڭ كۈلگەن ئوماق نىگاھى.
ناخشا بىلەن قىلار نېچۈن ئىلتىجا،
بولمىسا قۇت كەۋسىرىدىن تامايى.

ناخشا تۈنىگى تەبىئەتنىڭ ئەركىسى،
سۆيەر كۆكنى، زېمىننى ھەم باغاشلاپ.
ئايان ئىدى شۇنداق سوئال، يۇلتۇزنىڭ ـ
يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاراقلاپ.

ئات ھارۋىسى بېسىپ ئۆزاق يوللارنى،
بارار شۇ تاپ كۆزلەپ قايسى نىشاننى؟
يېتەر چەككە مېڭىپ شۇنداق قايسى چاغ،
خوجايىنى كۈيلەپ سۆيىبات جانانىنى؟…

سىرداش بولۇپ ئاي قارايدۇ رۇجەكتىن،
تىكەر ئىدىم مەنمۇ ئويچان كۆزۈمنى.
ناخشا نىكەم كەتتى مەندىن يىراقلاپ،
مۈگى تېخى داۋالغۇتار كۆكسۈمنى.

# كارۋان سەپەردە

## تۇراپ دايىم

كارۋىنىم سەپەردىن توختىماس ھەرگىز،
مەنزىلدىن ـ مەنزىلگە قاتناپ تۇرىدۇ.
زېرىكمەس، چۆللەرگە قالسىمۇ كىرىپ،
قىيا ۋە ھاڭلاردىن ئاتلاپ تۇرىدۇ.

قۇملۇقنى سۇغۇرۇپ تەرلىرى بىلەن،
ئەيلىدى باغ ـ چىمەن ئەشۇ چۆللەرنى.
جانلىقلار بارمىغان جايغا ئىز بېسىپ،
ئۈندۈردى رەڭمۇ ـ رەڭ خۇشبۇي گۈللەرنى.

كارۋىنىم ئەجرىدىن ھوزۇر ئالدى جان،
قانچىلاپ سۇلغان دىل تېپىپ شىپالىق.
بورانلار ھوۋلىغان، يامغۇر تۆكۈلگەن
چاغدىمۇ توختىماي ماڭار جاپالىق.

تېخىچە ئۇ يولدا ماڭماقتا ئۇزاپ،
تىنىمسىز ئىلگىرىلەپ يېڭى يول ئېچىپ.
جاسارەت كەمىرى بىلىدە ئۇنىڭ،
ھېرىقماس شۇڭلاشقا قۇملارنى كېچىپ.

داۋانلار ئاشىدۇ كارۋانلار سىپپى،
مەنزىلگە يېتىدۇ بولسىمۇ ئۇزاق.
كۈرەشلەر قوينىدىن تاپار بەختىنى،
توسالماس ئالدىنى قاتمۇ ـ قات توساق.

كارۋىنىم سەپەردە توختىماس ھەرگىز،
ھەمىشە ئەشۇنداق قاتناپ تۇرىدۇ.
قەلبىمدە تىنىمسىز مەنزىل سۆيگۈسى،
ئوت كەبى يالقۇنلاپ چاقناپ تۇرىدۇ.

+-+-+-+-+-

# بۇ شۇنداق بىر ماكان ناخشا ماكانى

**دىلشات سايىت ( ھەقىقىتى )**

كۈن پاتار ئالدىراپ، ئاي چىقار ئاستا،
مەيۈس شۇ كۆڭلۈمنى گويا بىلگەندەك.
ئالىمىشىپ تۇرسىلا ئىككى قاراۋۇل،
يەر يۈزى بولىدۇ كۆمۈش لىگەندەك.

باغلاردىن ياڭرايدۇ مەشرەپىنىڭ ئۈنى،
ئەپقاچار يىراققا شاماللار ئۈنى.
قوشۇلۇپ يۇلتۇزلار چاراقلىشىغا،
دالادا ياڭرايدۇ مۇقاملار ئۈنى.

ئاڭلايدۇ تۈنلەردە ئۇچقان تۇرنىلار،
ئاڭلايدۇ تۈنلەردە تۈنىگەن جاندار.
سايرايدۇ ئۇلارمۇ قوشۇلۇپ ئاڭا،
تىڭشايدۇ مۆڭلۈنۈپ قىيالار ـ ھاڭلار.

كېلىدۇ خامانىدىن ۋىسال ناخشىسى،
ئەللەيـدۇ بوۋاقنى ئانا تەربىيلەپ.
كۈلىدۇ بوۋاقمۇ شۇنچىلىك تاتلىق،
بىلگەندەك ناخشىنى، ئوماق ئەكىلەپ.

كەچ قالغان ئۇۋچىلار توۋلاپ ناخشىنى،
قايتىشار، تايغىنى ئارقىدىن يۈگـرەپ.

ئاتلارنىڭ ئۈستىدە قولىدا قامچا،
تارىسىلداپ ياڭرايدۇ مۇقام ئۈنىدەك.

ئاشىقلار ئايدىڭدا سەيلە ئەتكەندە،
چىقىدۇ ناخشىدەك ئۇلار سۆزلىرى.
شاۋقۇنلۇق دەريالار ھەمدەمدۇر ئاڭا،
خا كېچە ـ خا كۈندۈز ئويغاق كۆزلىرى.

بۇ شۇنداق بىر ماكان ـ ناخشا ماكانى،
ناخشىدا ئىزھاردۇر دىللار ساداسى.
بار ئۇندا خوشاللىق، بار ئۇندا ئازاپ،
بار ئۇندا ئىنتىلىش، دىللار نىداسى.

تۇغۇلغان مەن شۇنداق ناخشا ماكاندا،
ناخشىنى جېنىمدىن ئىزىز كۆرۈمەن.
ئۇ مېنىڭ شاتلىقىم، دىلىم سۆيگۈسى،
ناخشامدەك جاراڭلاپ دەۋران سۈرىمەن.

بۇ شۇنداق بىر ماكان ـ ناخشا ماكانى،
بۇ ئوتلۇق ناخشامنىڭ يوقتۇر پايانى.
ناخشىنى ئوقۇيدۇ توختىماي خەلقىم،
چۈنكى بۇ خۇش ئاۋاز ناخشا زامانى!

# كۆرەش بىلەن ياشىنىمەن ھاياتنى

مەھەممەتجان ئەمەت

ئەمگەكچىمەن، ئىككى قولۇم، كۈچۈم بار،
باش ئەگمەيمەن خورلاش بىلەن زۇلۇمغا.
ۋىژدان بىلەن ۋەھشىلەرنى سوقىمەن،
كۆرەش بىلەن ئەركىم كېلەر قولۇمغا.
كۆرەش بىلەن ياشىنىمەن ھاياتنى،
ۋىژدان بىلەن سۈغۇرىمەن قاناتنى.

غۇرۇرۇمدىن، ھەققانى ئوق ئاتىمەن،
تەھدىت سالسا كىم ھاياتى گۈلۈمگا.
كۆكسۈم ئۇرۇپ تالقان قىلىپ ئۆتىمەن،
توسقۇن- داۋان كەلسە ئۆرلەش يولۇمغا.
كۆرەش بىلەن ياشىنىمەن ھاياتنى،
غۇرۇر بىلەن سۈغۇرىمەن قاناتنى.

خىيالىمدا ئارزۇيۇم بار ھەر قاچان،
قاناتلىنىپ چوققىلاردىن ھالقىيدۇ.
ئارزۇيۇمغا غەيرەت بىلەن يېتىمەن،
ئۈمىتلىرىم كۈن نۇرىدەك بالقىيدۇ.
غەيرەت بىلەن سۈغۇرىمەن قاناتنى،
ئۈمىت بىلەن ياشىنىمەن ھاياتنى.

پۈرۈلتارمەن ئىككى قولۇم ـ كۈچۈم بار،
ھاياتىمدا ئېگىلمەيمەن يامانغا.
يېشىم تۆككەن رەقىبىمدىن قان تۆكۈپ،
رەڭ بېرىمەن كۆرەش بىلەن زامانغا.
چىڭىتىمەن كۆرەش بىلەن قاناتنى،
سۈغۇرىمەن قېنىم بىلەن ھاياتنى.

پۈرۈلتارمەن ئىككى قولۇم - كۈچۈم بار،
تايانمايمەن ھاياتىمدا ھېچكىمگە.
قەھرىم بىلەن شەمشىرىمنى چاپىمەن،
زورلۇق قىلىپ قويمىسا كىم ئەركىمگە.
كۆرەش ئىچرە سۇندۇرمايمەن قاناتنى،
ياشارتىمەن كۆرەش بىلەن ھاياتنى.

كىچىكلەرنى كىچىك كۆرۈپ ئۇرمايمەن،
ئېگىلمەيمەن زورلۇق قىلغان خېزىرغا.
ئىجازەتسىز قول سوزسا كىم ئېلىمگە،
تىغ ئۇرىمەن تەگدۇرمەيمەن زېھىرغا.
ۋەتەن ئۈچۈن بېرەلەيمەن ھاياتنى،
ۋەتەن ئۈچۈن قاقالايمەن قاناتنى.

# گۈلخان كەبى يېنىپ تۇرار ۋۇجۇدۇم

يۈسۈپجان ئېزىز

توسۇن تايدەك ئۆستۈم ئانا دىياردا،
كۈن نۇرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ قامەتلىنىپ.
ھاياتىمنىڭ بەختى كۈلۈپ دۇنيادا،
ياشاپ ئۆتتۈم ئىككى ئون يىل ئامەتلىنىپ.

پۈتۈم چۈشسە نەگە ئۇ، ئۆز ماكانىم،
شوخلىقىمدىن سەكرەپ ـ ئويناپ چاپىمەن.
ماڭا تىكسە چىل بۆرىلەر كۆزىنى،
زەردە بىلەن پەشۋىرىمنى ئاتىمەن.

ئەركىن ئۈسكەن مەن، ئەزەلدىن دالىدا،
ئۇقتا سىلىپ كۆندۈرەلمەس بىدىكلەر.
توختىمايمەن تورزاقلارنى قۇرسىمۇ،
چۈنكى مېنى چىللاپ تۇرار كۈدۈكلەر.

مەن ياپلايمەن يېشىل دالا-ياپلاقتا،
تاۋلاپ بەدەن تاغۇ - دەشتلەر باسىمەن.
تۇلپار بولۇپ قېتىلىمەن كارۋانغا،
جاسارەتتە مەنزىللەردىن ئاشىمەن.

كارۋان يۈرۈپ مەنزىلىمگە يەتكەندە،
شوخلىنىمەن - شاتلىنىمەن، كۈلىمەن.

ئەركىن كىشنەپ ئۇتلۇق سادا ياڭرىتىپ،
غەلىبىمىزنىڭ شات پەيزىنى سۈرىمەن.

كۆزلىرىمدىن چاقناپ تۇرار ئۇچقۇنلار،
باهار پەسلى بۇلۇت چاقماق چاقنادەك.
سەپەر ئۈچۈن سۆيگۈم ئەبەت توختىماس،
دەريا سۈيى ئۆركەش ياساپ ئاقاندەك.

گۈلخان كەبى يېنىپ تۇرار ۋۇجۇدۇم،
يۈرۈگۈمدە جەڭ - كۈرەشنىڭ ئوتى بار.
بەيگىلەردە تۇلپار كەبى ئۇزمىسەم،
غورۇرۇمنىڭ-ۋىجدانىمنىڭ سوتى بار.

# مەن بوۋامنىڭ ۋارىسى، نەسلى

## بارات زايىت شەھيارى

تۇرىدۇ قولۇمدا بىباها قامۇس،
كەلگەچكە دەۋرىمنىڭ نەۋباهار پەسلى.
ئىكىلەر يىراقتا ئۇمىتلىك كۆزۈم،
كۆرۈنەر ئالدىمدا غايەمنىڭ ۋەسلى.
مەن شۇنداق ئاززۇدا ياشايمەن ئەسلى،
چۈنكى مەن بوۋامنىڭ ۋارىسى، نەسلى.

ئۆستۈمەن مانا شۇ ئانا تۇپراقتا،
ئۇ مېنى پەپىلەپ بېقىپ چوڭ قىلغان.
سىڭدۈرۈپ قەلبىمگە مۇهەببەت - نەپرەت،
تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان ئوڭ قىلغان.
قانلىرىم تۆكۈلگەن بۇ يۇرتقا ئەسلى،
مەن شۇڭا بوۋامنىڭ ۋارىسى، نەسلى.

ئەل باغرى بۆشۈكۈم سەلتەنەت تەختىم،
ئۇ بىلەن ياشنىغان، گۈللىگەن بەختىم،
ئەنە شۇ خەلقىمگە بارىمنى ئاتاپ،
ناخشامدا مەدھىيلەش ئۆمۈرلۈك ئەهدىم.
خوش ناۋا بۇلبۇلمەن، كۈيچىمەن ئەسلى،
مەن كۈيچى بوۋامنىڭ ۋارىسى، نەسلى.

چىققانتى خەلقىمدىن قانچىلاپ ئالىم،
تونۇلغان ئالەمگە شانۇ - شۆهرىتى.
تونۇلغان بىباها قامۇس بىلەن ئۇ
ئىلىم پەن بابىدا ئىززەت - هۆرمىتى،
بىلىسىڭىز مەن ئالىم ئىزچىسى ئەسلى،
شۆهرەتلىك بوۋامنىڭ ئىجاتكار نەسلى.

# ئىككى شېئىر

## مەھەممەت قېيىيۇم

### سۆيسەڭ مېنى، ئانامنىمۇ سۆي

"ئامرىغىم" دەپ سۆيسەڭ تۈنجى رەت،
مەنمۇ ئىشقىم بەرگەنتىم ساڭا.
قىلمىغاچقا ئانامنى ھۆرمەت،
بەردىم ئەمدى سۆيگۈدىن جازا.

گۈزەل ئىكەن ئەسلى ئانامىمۇ،
ياش چېغىدا سەندىنمۇ خوپراق.
سەن ياراتقان ئەرنى — ئەر قىلىپ،
بوپتۇ رەڭگى سولغۇن بىر ياپراق.

بولغاچ ئەنداز ھۆسنى ئانامنىڭ،
سەن ياقتۇرغان يىگىت بولغانمەن.
سىڭدۈرمىسە ئانام گۈزەللىك،
ساڭا قانداق ياراپ قالايمەن؟

مېنـى دىسەڭ، كېيىم شۇ مېنىڭ،
— سۆيسەڭ مېنى، ئانامنىمۇ سۆي!
مېھرى ئۇنىڭ مەندىن يەتكىنى،
كۆيسەڭ ماڭا، ئانامغىمۇ كۆي.

كۆز قىرىن سالماس ھېچ، بولسا گەر ئەگرى،
بازارغا سالسىمۇ داملاپ تالايغا.

غۇنچە بوي قىـزلارغا قوشقاندەك ھۆسۈن،
تۈزلىكمۇ كۆچەتكە ھۆسۈن قوشىدۇ.
قىڭغىيىپ قالسا گەر بىرەر تۈپ دەرەخ،
ۋەيلۇنغا پالىنىپ، — ئەجەل توشىدۇ.

دەرەخنىڭ قىممىتى تۈپ — تۈز ئۆسۈشتە،
قارغايىنىڭ، قىلىنار شۇڭا تەرىپى.
كېلەڭسىز باژغانلاپ كەتسە ئالمىمۇ،
چاتىلار مانا بۇ ئۇنىڭ "شەرىپى".

سۆيگۈنۈم بار ئىدى، بىر چاغ پۈتۈشكەن،
دەپتىمىش ئاڭلىسام "بەك تۈزكەن" مېنى.
ئەگرىدىن يىرگىنىپ يۇرسە خالايىق،
ياقتۇرۇپ قالغاندۇ قانداق، ئەگرىنى؟

ياراشماس نە ئۈچۈن ئادەمگە تۈزلۈك؟
جىمىنى مەھلىيا قىلغان پەزىلەت.
بولدى قوي، كۆڭلۈم تۈز، ماڭغان يولۇم تۈز،
پەيلى يات كىشىگە ئۇرغۇيدۇ نەپرەت.

### نەپرەت

ئىپرەكمۇ تۈز ئۆسسە "ۋاي" دىگەي ھەممە،
لازىملىق بولغاچقا قەسىرە — سارايغا...

»»»»» ✕ ✕ ✕ «««««

# ئىككى شېئىر

## ئايشەم نىياز

### بۈ — بۈگۈن

بىر چاغدا شوخ ئىدىم ھەم زېرەك ئىدىم،
دىلىممۇ ئاق ئىدى، قونمىغانتى چاڭ.

ھاياتقا ئۈمىتلىك باقاتتىم، ئەمدى —
شۇ ئۈمىت قاياقتا يوقالدىكىن تاڭ؟

قەلبىمدە نى ئارزۇ — ئارمانلار بېغى،
مەن ئۇنى چېچەكلەر ئاچقۇزماق ئىدىم.

ئىجادىم ئىزىدىن گۈللەر ئۈندۈرۈپ،
خەلقىمگە خۇش پۇراق چاچقۇزماق ئىدىم.

تېگىشتىم ئارزۇنى ساختا ھەۋەسكە،
غۇبارسىز قەلبىمگە قوندى كىر - داغلار.
تۇردىمەن پۇشايمان ئىلكىدە شۇ تاپ،
ۋە لېكىن كەلمەسكە كەتتى ئۇ چاغلار.

زەئىپلىك گەجگەمدىن باسسىمۇ مەھكەم،
مەن ئۇنىدىن قۇتۇلۇپ قاچمىغىم كېرەك.
بۇ - بۈگۈن، تۈنۈگۈنكى نادان ئەمەسمەن،
تۇرمۇشتا توغرا يول تاپمىغىم كېرەك.

### يىگىت ئەسلى بىلگەن بولسىڭىز...

ئىللىق سۆزۈم، مۇئامىلەمنى،
يىگىت خاتا تونۇپ قالدىڭىز.
تۇتۇپ باقماي يۈرىكىمىزنى،
ماڭا تەكلىپ قويۇپ قالدىڭىز.

يىگىت، ئەسلى بىلگەن بولسىڭىز،
ئاسان ئىش يوق دۇنيادا ئۇنچە.
ئۇزۇن يولنى باسسا مۇھەببەت،
لەززەت بېرەر كۆڭۈلگە شۇنچە.

# پارچىلار

## مەھەممەت بارات تەشنايى

مەن بىر يولدۇز، تۈندە نۇرلار چاچىمەن،
نۇرۇم قىلىچ، تۇمانلارنى چاپىمەن.
ھالال تەردە سائادەتكە باققانغا،
"كېلىڭ دوستۇم!" دەپ يۈزۈمنى ياقىمەن.

×

چېلىشقا چۈشتۈم ياشلىق چېغىمدا،
ئۆمۈر تېشىمغا موھىر باسقىلى.
ئەجدادىم باسقان ئىجات ئىزىدىن،
ئارمان قىزىغا مارجان ئاسقىلى!

×

چېھرىمدە يالتىرار بەخت تامچىسى،
دەۋرىمنىڭ كۈلكىسى ماڭا مۇجەسسەم.
زەپەرىمنىڭ دەرياسى ياسايدۇ، دولقۇن،
بار مېنىڭ ئۇنىڭدا بەلگىلىك ھەسسەم!

×

كونا ناخشىلار توۋلىدىم كۆپ يىل،
ئەمدى يۆتكەي جۇشقۇن پەدىگە.
بولدى بەس! ئۆتكەن دەرتلىك كۈنلىرىم،
قاراي ئەمدى مەن نۇرلۇق ئەتىگە!

×

"ئىڭگە!" نى دېيىشىم بىلەنلا مېنىڭ،
سۆيگەنتى پاك جىسمىم ئانا تۇپراقنى.
ئۇنىڭغا سادىق بوپ ئۆتمىسەم ئەگەر،
ناپاكقا پاك تۇپراق ئاچماس قۇچاقنى.

×

ۋاقىت ئىز قوغلۇشۇپ سۇدەك ئۆتىدۇ،
مىنۇت، كۈن، ئايلاردىن يىللار پۈتىدۇ.
بىزلەرمۇ كېتىمىز پانى دۇنيادىن،
يەر شارى يېڭىدىن مېھمان كۈتىدۇ.

# يا'دامىلرىڭىز

**مەھەممەتجان ئوسمان**

تەپەككۇرۇم بۇغدىيىنى ھارماي ئورۇپ،
ئىجادىيەت خامىنىغا ئەپ كېلىمەن.
چەش قىلغىچە ھوسۇلۇمنى دانە ـ دانە،
تەرىم دېگىز، گويا بېلىق مەن بولىمەن.

شۇ چاغ جانان يالدامىڭىز ـ كەشتە ياغلىق،
يۈزلىرىمنى سىلاپ كېتەر ـ يۇمشاققىنە.
تەرلەر قۇرۇپ ھاردۇقۇمۇ چىقىپ قالار،
كىرىشىمەن بۇرۇنقىدەك ئىشقا يەنە.

كەلدىم كۈرەش ـ جەڭلەردە بۇ ئەستىلىكنى،
ھاياتىمغا مەنداش چىن ھەمرا قىلىپ.
تەرلىرىمنى سۈرتكەندە ھەم سىزەر قەلبىم،
يۈزلىرىمگە سۆيگەندەك سىز نازلىق بىلىپ.

ياستۇقتىكى، ياغلىقتىكى سىز تىككەن گۈل،
تەڭلا پورەك ئاچقان ۋىسال گۈللىمىزغۇ!؟
گۈل ئۈستىدە سايرىغان جۈپ قۇش ئوبرازى،
بەخت ئۈچۈن ناخشا ئېيتقان ئىككىمىزغۇ؟

مانا پۈتۈپ ماڭا بەرگەن يالدامىڭىز،
ئويلىرىمنى، يۈرىكىمنى قاماپ تۇرار.
شۇ مەنادىن چىقىپ ئىجات ئەيلىگەچ بىز،
ئەتىمىزنىڭ ھۆسنىدىن نۇر چاقناپ تۇرار.

# يۈرەك ساداسى

**ئىلھامجان روزى**

ئەجەللىنىڭ ھاڭىغا غۇلاپ ھەر كىشى،
ئۇخلايدۇ مەڭگۈلۈك يەرنىڭ تەكتىدە.
لېكىن مەن ئەبەدىي ئۆلمەس جەڭچىمەن،
چۈنكى مەن ئىجاتكار ئەلنىڭ نەسلى ـ دە!

يىقىلىپ تاغ مەيلى قۇرۇسۇن دەريا،
ئىجاتكار ئۆلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۇ ھايات!
باسقاچقا دىلارغا ئىجات تامغىسى،
ئۇ قەلب كۆكىدە قاقىدۇ قانات.

ئالدىمدا تۇرىدۇ ئىجات دۇلدۇلى،
كىشنەيدۇ سەھىپە ئۈستىدە چىپىپ.
ئۇ بىلەن ئەجداتىم ئالەمنى كەزگەن،
مەرىپەت بېغىدىن گۈل دەستە تىزىپ.

مەنزىلگە بورانىدەك چېپىپ بارىمەن،
بۇ ماڭا ئەجداتلار ئاچقان ئۇلۇغ يول.
ئادەممەن مەردانە كېتىپ بارىمەن،
چۈنكى مەن ئەھەدىدىن تەۋرەنمەس ئوغۇل.

خەلقىمگە ئەقىدەم مىسالى بۇلاق،
يۈرۈكۈم ماگىمدۇر، قانلىرىم ۋۇلقان.
بۇ يولدا قويۇنلار تەڭلىمسە نەشتەر،
كۆكرىكىم بولىدۇ بىر پولات قالقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاغ سۈيەت ئوغلانىمەن بوۋامنىڭ نەسلى،
خان تەڭرى بەستى بار بوۋام بەستىدە.
تىز مىلار ئۆمۈرتقام، سۆڭەكىم پولات،
چۈنكى مەن ئىجاتكار ئۇيغۇر نەسلى-دە!

چېپىلسا بېشىمغا جاھالەت تېغى،
قىسمەتكە شۇندىمۇ كۈلۈپ باقىمەن.

ئەل ئۈچۈن مىڭ قېتىم ئۆلسەممۇ لېكىن،
رازى بوپ تۇپراققا باغرىم ياقىمەن.

كۈلىمەن ھەسرەتتە، يىغلايمەن بىراق —
ئادالەت بايرىغى ئىگىلمەپ سۇنسا.
ئاقىدۇ كۆزۈمدىن ئۈنچىدەك ياشلار،
ھەقىقەت يۈزىگە چاڭ- غۇبار قونسا.

# پارچىلار

## ئىمام مۇھەممەت

سۆيگۈنۈم ئىلىم — پەن ئاتلىق بىردىلبەر،
كۆيىمەن ئىشقىدا ھەر شامۇ — سەھەر.
ئەجدادىم ۋارىسى بولۇپ بىر ئۆمۈر،
كەشپىيات كانىدىن قازىمەن گۆھەر.

×

ئاچ كۆزلۈك، نادانلىق بالاسىدىن قاچ،
كەشپىيات، ئەجرىڭدىن ئەۋلادقا يول ئاچ.
خەلقىنىڭ پىداكار ئوغلانى بولساڭ،
ئەجرىڭدىن ئىلمىڭگە دۇردانىلار چاچ.

×

ئۆزەڭنى سەگەك تۇت، بولماسەن غاپىل،
نادانلار ئىشىغا بولمىغىن مايىل.
مۇشكۇلات ئىلكىدە زەربىدار بولۇپ،
يۈكسەلگىن ھەر ئىشتا بولۇپ سەن قابىل.

×

ھاياتلىق دەريىسىم ياشناپ تۇرىدۇ،
ئالتۇندەك ياشلىغىم چاقناپ تۇرىدۇ.
ۋەتەنگە، خەلقىمگە قەلبىمدە سۆيگۈ،
دولقۇنلۇق دەريادەك قايناپ تۇرىدۇ.

# قىزارغان ياپراق

## ئەنۋەر ئەينىدىن

شەلپەردەك قىزىرىپ كۆز پەسلى،
يوپۇرماق تىترەيدۇ بەرگىدە.
ئىچۈككىن بىلمىدىم ھالىنى،
بارمىدۇ بىر ئەلەم قەلبىدە؟

يوپۇرماق خۇلقىدىن رازىمىش،
ئالەمنىڭ تۇزاقلىق بورىنى.

چۈنكى ئۇ ياڭراتقان چاۋاكتىن،
قىزارمىش بوراننىڭ سۇرىنى.

بوران، ئۇ ئارىلار كۆكەرەپ،
دالا ھەم مۇنبەت باغلارنى.
تەلۋە بىر كۈچ بىلەن سۇندۇرار،
نازۇك گۈل بەرگىنى، شاخلارنى.

شەلپەردەك قىزدىرىپ كۈز پەسلى،
بويپۇرماق تىترەيدۇ بەرگىدە.
ماماتلىق چاغلىرى ئۆرتەيدۇ،
كېزىپ بىر ۋەھىمە قەلبىدە.

# يۇلغۇن

**مەھەممەت ئەخمەت**

چىقىرىپ بېشىڭنى دەسلەپ تۇپراقتىن،
ئۆسسەن قوياشنىڭ نۇرىدا پەقەت.
بولغاچقا سەن چۆلنىڭ كۆركەم زىننىتى،
خىسلىتىڭ دىللاردا ساقلىنار ئەبەت.

بىر ئۆمۈر ياشايسەن چۆلدىلا تەنھا،
بارسەندە ئاجايىپ خىسلەت ئۆزگىچە.
قۇرىسا بىر شېخىڭ كۆكلەيدۇ مىڭى،
نەۋ باھار پەسلىدىن تاكى كۈزگىچە.

تۇپراق ۋە قوياشنىڭ ئىلھامى بىلەن،
ئۆسسەن شۇنچىلىك مەغرۇر ۋە تىمەن.
كار قىلماس ھېچقاندا بوران ـ چاپقۇنلار،
شۇ مەزمۇت بەستىڭگە قاراپ ھەيرانمەن.

خىسلىتىڭ دىلنى قىلىپ ئۆزگە رام،
مېنىڭمۇ بىر يۇلغۇن بولغۇم كېلىدۇ.
دوست بولۇپ سەن بىلەن ئانا تۇپراقتا،
بىخلىرىم ئىز بېسىپ نۇتا سۇرىدۇ.

# يېشىللىق ـ ھايات

**ئابدۇرېھىم سەئىدى**

يېشىللىق تەڭشىگەچ ئابۇ ـ ھاۋانى.
ھاياتلىق ئاپلىغان خىلۋەت دالانى.
ھاياتلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتىن،
تەبىئەت تاۋلىغان ئادەم ـ ھاۋانى.

يېشىللىق قوينىدا تۆرەلگەچ ئىنسان،
يېشىللىق بەھرىدىن كۆرگەن ھالاۋەت.
يېشىللىق ئىچىدىن ئالغاچ ئوزۇق ـ تەم،
ئۇ، ئەقىل ـ ئىدرەكتە تاپقان كامالەت.

خىزىرنى نە ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ دىسەك،
يېشىللىق ـ بۇ نامغا شەرھى بىشارەت.
يېشىللىق ئىچرە سىڭگەن ئەجرىدىن،
ياشايدۇ دېخانۇ ـ باغۋەن كارامەت...

ۋەتەن ـ خەلق رونىقى بوستانغا مۇھتاج،
شۇ بوستان بولمىسا يەتكەي ھالاكەت.
يېشىللىق، باغ ـ چىمەن خۇشتارى بولماي،
دىمەگىل مەندە بار ئىنسانى خىسلەت.

يېشىللىق ساپ قىلغاچ بۇلغۇنۇشلارنى،
ھاياتقا بەخش ئېتەر ئېنىك ئانادەك.
بىنالار قۇرۇلسا دەرەخ قويماق شەرت،
ئىش بارمۇ ھەم ئۇنى ئاسراشتىن بۆلەك؟

كېلىڭلار دوستلۇرۇم ئىكەيلى كۆچەت،
تەنلەرگە يايرىسۇن شىپا ـ ھوزۇرى.
مۇھىتنى پۈركۈتۈپ باغۇ ـ چىمەنگە،
ئۇزارسۇن ئېخىمۇ ئەۋلاتلار ئۆمرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




( ھېكايە )

**ٸابلەت جۇمە، ھەممەت ھېكىم**

رۇقىيە نىڭ ٸانىسى رازىخان ٸاچىنىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ كەتكە نلىكتىن، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە توغرا كەلگەن ئىدى. شۇڭا رۇقىيە بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراش تەييارلىق قىلدى. بۈگۈنمۇ ئۇ تۈن نىسپىدىن كېيىنلا ئويغىنىپ كەتتى. چۈنكى، تاڭ يورىشى بىلەن چوڭ يولغا چىقىپ، يولۇچىلار ئاپتۇۋۇزىغا ئۇلگۈرىشى كېرەك ئىدى. ھىسامىدىن بوۋايىمۇ موممىيىنىڭ تېزراق ساقىيىپ، ئازاپتىن قۇتۇلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلغاچقا، رۇقىيەگە ھەمنەپەس بولۇپ، ئېشەك ھارۋىسىنى بالدۇرلا قوشۇپ قويدى...

ئۇلار مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا چوڭ يولغا يېتىپ باردى، بۇ چاغدا خۇددى كىمخاپتەك يېشىل تون كىيگەن كەڭ دالا بارا - بارا سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان ئۇپۇق قوينىدا بەئەينى رەڭدار مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ، كۆركەم، گۈزەل تۈسكە كىرمەكتە ئىدى، بۇلۇتلارغا باش قويغان ئېگىز تاغ باغرىدىكى ئاسمانلىت يولدا كۈمۈش رەڭلىك بىر ئاپتۇۋۇز سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، قالغاچتەك شۇڭغۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئاپتۇۋۇز يېقىنلاشقانسېرى رۇقىيەنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىگە سىغماي قالدى، ئۇلار ئۈمىتلىك كۆزلىرىنى ئاپتۇۋۇزدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرغاندا، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى چوكان پەيدا بولۇپ قالدى ۋە رۇقىيەلەرنىڭ ئاپتۇۋۇزغا چىقىۋېلىشىدىن قىزغانغاندەك، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى - دە، ئاپتۇۋۇز كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار 40 — 50 مېتىرچە يول يۈرۈۋىدى، ئاپتۇۋۇز يېتىپ كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئاپتۇۋۇزغا چىقىپ، ئورۇن ئېلىپ بولغىچە رۇقىيەلەرمۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. شوپۇر، رۇقىيەنىڭ جىددىلەشكەن چىرايىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قارىشى بىلەنلا سەسكىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ، بۇ

ئايالنىڭ كۆشىمىز يۈزىدىكى كۆرۈمسىز تاتۇقلاردىن يىرگەنگەن ئىدى. ئۇ، رۇقىيەگە قايتا قاراشقا رايى بارماي، پەرۋاسىزلا ئاپتۇۋۇزنى ھەيدىمەكچى بولۇپ، رولغا يېپىشتى. رۇقىيە جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇ، قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاپتۇۋۇزنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتتى — دە، تاقەتسىزلىك ۋە يېلىنىش بىلەن دېدى:

— ئۇستام، بىزنىمۇ چىقىرىۋالسىلىچۇ، ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى ئىدۇق.

— ئادەم كۆپ، سىغمايسىلەر! — دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي.

— چىقىۋالساقلا بىر ئامال قىلىپ سىغىشىمىز، ئۇستام.

— ھوي ئاچا، گەپ ئۇقاملا؟ — ئۇ، رۇقىيەگە ئۈيدەك ئالىيىپ دېدى، — ئورۇن يوق، سىغمايسىلەر دېگەندىكىمەن، سىغمايسىلەر!

— ئۇنداق دېمەي چىقىرىۋالسىلا ئۇستام، — رۇقىيەنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى، ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — ئىككى باھا كىرا تۆلىسەكمۇ مەيلى...

— قانداق گەپ ئاڭلىماس خوتۇن سىلە، — دېدى ئۇ قولىنى شىلتاپ، قوپاللىق بىلەن، — يەنە دېسە، يەنە شۇ گېپىنى دەيدا، ئاپتۇۋۇز دېگەن ئۇرۇلۇك قاچىلايدىغان سوكەن ئەمەس، ئادەمنى چىقىرىۋەرسە بولمايدۇ، ئۇقلىما؟

ئۇ، تاماكىنى قانغىچە شورىۋالغاندىن كېيىن، قالدۇغىنى يەرگە — رۇقىيەنىڭ ئالدىغىلا زەردە بىلەن تاشلىدى — دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. بىراق، باياتىندىن بىرى بولۇنغان بۇ گەپ — سۆزلەردىن رۇقىيەگە ھېسداشلىقى قوزغىلىپ، سەۋرى قاچىسى چېقىلغان ئاپتۇۋۇز ئىچىدىكى بىر نەچچە دىلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل يولۇچى كەبىنكىنى مۇشلاپ ۋارقىرىدى:

— ئۇستام، توختىسىلا! ئاشۇ ئايالنى چىقىرىۋالايلى!

— ئۇلارمۇ ئادەمغۇ؟ ھايۋان ئەمەس!

بىر خىل غايىۋانە كۈچ شوپۇرنىڭ پۇت — قولىنى ھەركەتتىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— بۈگۈن مېنى ئامان — ئېسەن ماڭغىلى قويامسىلەر — يوق؟ — دېدى ئۇ يولۇچىلارغا قايرىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە.

— كىم سىلىنى ماڭغىلى قويمايتۇ؟!، — دېدى يولۇچىلاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ گەپلىرىچە، نەچچە يەردە توختاشلىرىغا بىز سەۋەبچى بولۇپتۇق — دە؟!

— ھە، توختاتتىم. گەپ بارمۇ؟ يەنە نەچچە يەردە توختىتىمەن تېخى!

— ۋاي سىلىگە گەپ يوق، ئۇستام. ئاۋۇ ئايالنى چىقىرىۋالسىلا، خاپا بولماي.

— ئۇ ئايالنىڭ ئانىسى كېسەل كەن، قېنى قايسىڭلار ئاپتۇۋۇزدىن چۈشۈپ كېتىپ ئورنۇڭلارنى بوشۇتۇپ بېرىسىلەر؟

— ئاۋال چىقسۇن، چىققاندىن كېيىن ئامال قىلمايمىزمۇ؟!

— مانا بىز ئورنىمىزنى بېرىمىز، چىقسۇن!

شوپۇر كۆڭلىدە ھېچكىم ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدىغۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن يولۇچىلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنى ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تەن بەرمىدى:

— بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ ماشىنىسى، نورمىدىن ئارتۇق ئادەم سېلىشقا بولمايدۇ!

ئەمدى ئاپتۇۋۇز ئىچىدە غەزەپ دولقۇنى

كۆتىرىلدى:

— شۇنچە يالۋۇرسىمۇ پىسەنتىگە ئالمايدىغان قانداق نەرسە بۇ!؟

— ھۇ، رەھىم - شەپقەتنى بىلمەيدىغان تاش يۈرەك!

— بىر ئادەمنى ئېلىۋالغانغا ماشىنانىڭ تارتالماي قالارمۇ - ھە؟

يولۇچىلارنىڭ بۇ سۆزلىرى شوپۇرنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇپ، لەۋلىرى لىپىلداپ، چېكە تومۇرلىرى جاگدۇدەك ئېسىلگەن ھالدا ۋارقىراقچى ۋە يولۇچىلارنىڭ ئەدىۋىنى بىرىپ قويماقچى بولدى - يۇ، لېكىن گەپ قىلسىلا ئۇلاردىن يەنىمۇ ئاشۇرۇپ دەككىسىنى يەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك لەسسىدە بوشىشىپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كېيىنكى قېتىم توختىماي مېڭىۋەرمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇنداق قارارغا كەلدىكى، يولۇچىلارنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىرىغا بۇ ئايالنى ئاپتۇۋۇزغا چىقارماي، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئاپتۇۋۇزنى ھەيدەپ مېڭىپ كەتسىلا، ھەممە دېشىۋارچىلىقتىن خالاس بولاتتى. بىراق، ئۇ ئەمدىلا ئوت ئالدۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئىككى نەپەر ياش يولۇچى ئاپتۇۋۇزنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى-دە، پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ، رۇقىيەنىڭ ئانىسىنى يۆلەپ چىقىرىپ، ئانا - بالىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئۆزى بولسا ئۆرە تۇرۇشتى. بۇنىڭدىن شوپۇرنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆچقان بولسىمۇ، بىراق ئاچچىق ئەلەم بىلەن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە مېيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى...

ئاپتۇۋۇز قوزغالدى. شوپۇر ئۆزىنى خۇددى قۇتۇلغۇسىز قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا باياقى مەسخىرە ئارىلاش سۆزلەر ئاز كەلگەندەك ئۇنى تونۇيدىغان بىر قانچە كىشى باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ، شوپۇر ئۈستىدە گەپ باشلىدى:

— ھامۇت خىزمەتكە ئورۇنلاشماستا يۇۋاش - يۇمشاق، چىقىشقاق يىگىت ئىدى. ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەزى دېگەنمۇ ئاجايىپ تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن.

— شۇنى دېمەملا، پىنسىيىگە چىققان دادىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، شاگىرت شوپۇر بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ مۇلايىم، خۇش - خۇي، ئوبدان بالا ئىدى. قاراڭلار، بايام ئاۋۇ ئايالغا قىلغان ئوساللىقىنى ئۇنىڭ.

ھامۇت ئازاپ، ئەلەم ۋە پۇشايمان ئىلكىدە ئولتۇرالماي قالدى...

ئاپتۇۋۇز ئىككى قېشىغا دەل - دەرەخلەر تىكىلگەن بىر ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. ئاپتۇۋۇزدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاشخانىغا، بەزىلىرى چايخانىغا ۋە يەنە بەزىلىرى ئۆستەڭ بويىغا كېتىشتى...

رۇقىيە بولسا ئانىسىنى ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان چىملىق ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، پىشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. ئاندىن تاماق ئەكىلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

— ۋۇي، رۇقىيە خانىمغۇ بۇ؟ - ھامۇتنىڭ يېنىدىكى بەلدىگە تاماق يەپ ئولتۇرغان ئىككى يىگىت ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەن رۇقىيەنى كۆرۈپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، - سىلىنى قايسى شامال بۇ يەرگـ

AltunOq

ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ؟ كەلسىلە بۇياققا ئۆتسىلە، خانىم!

ھامۇت « رۇقىيە خانىم » دېگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيدى؛ ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ قاراپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدىن بۇندىن 9 يىل بۇرۇنقى بىر ۋەقە چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە ئىدى:

بىر كۈنى سەھەرگە يېقىن ھامۇتنىڭ ئانىسى كاڭغا ئۇلۇق ئوت قالاپ قويۇپ، ئەتكەنلىك دولقۇنغا چىقىپ كەتتى. ھامۇت 2 ـ 3 كۈندىن بۇيان كىزىك بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ كېچىچە لاغىلداپ تىترەپ، بەدىنى قىزىپ دېگىدەك زادىلا ئۇخلىيالمىدى. پەقەت سەھەرگە يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئانىسىنىڭ ئىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى...

ھامۇت دېمىقىنىڭ ئېچىشىشى ۋە 3 ياشلىق سىڭلىسى ئامىنەمنىڭ ئۈنلۈك يىغا ئاۋازىدىن كۆزىنى ئېچىپ، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۆي ئىچى قويۇق ئاچچىق ئىس بىلەن تولغان، كاڭنىڭ تۆۋىدىكى كىگىز ـ پالازلارغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ دەھشەتتىن قورقۇپ كەتكەن ھامۇت سىڭلىسىغا قوشۇلۇپ ۋاقىراپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە سىڭلىسىنى ئېلىپ سىرتقا چىققۇ بىلىشنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردۇدى، بېشى قېيىپ « داراڭڭىدە » يىقىلىپ چۈشتى...

ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تامىرى ئاپپاق ئاقارتىلغان، يورۇق، ئازادە دوختۇرخانا ياتىقىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بىر كىشىنىڭ ( ئېھتىمال دوختۇر بولسا كېرەك ) « ھوشىغا كەلدى » دېگەن پەس ئاۋازى بىلەن تەڭ، ھامۇتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يەڭگىل نەپەس ئالدى ۋە خۇشاللىقتىن يىغلاپ تاشلىدى...

2 ـ 3 كۈندىن كېيىن ھامۇت ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆزىنى كىمنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەيران قالدى ۋە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى:

ئوقۇغۇچىسى ـ ھامۇتنىڭ مەكتەپكە كەلمىگىنىگە 3 ـ 4 كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن رۇقىيە خانىم ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇنى يوقلاپ ئۆيىگە ماڭدى ۋە كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسىگە دۇچ كەلدى: ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئاسمانغا كۆتىرىلگەن تۈتۈن، يالقۇنلاۋاتقان ئوت ئۇچقۇنى، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئەنسىز قىيا ـ چىيالار رۇقىيەنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئۇ كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قارىدى، بىراق ھەممە ئادەم دولقۇنغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، يېقىن ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى... ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمىدى، نەدىندۇر بىر يوغان تاشنى تېپىپ كەلدى ـ دە، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ، ئۆي ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلدى. قويۇق ئىس دەستىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ سىلاپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ، ئاۋال بىھوش ياتقان ھامۇتنى تاپتى ـ دە، سىرتقا ئەچىقىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئۆيگە ـ كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزىغا كىرىپ، ئامىنەمنى قۇچاغلاپ كۆتەرگىنىچە سىرتقا ماڭدى. بىراق، ئۇ ئىشىككە يېقىنلاشقاندا ئۆگزە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، رۇقىيە خانىمنى بېسىۋالدى...

ئۆيگە ئوت كەتكەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھامۇتنىڭ ئانىسى ۋە باشقا ئەزالار قاپ ـ قەتمەنلىرىنى كۆتىرىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كۆيۈۋاتقان ياغاچ ئاستىدىن رۇقىيەنى تارتىپ ئالغاندا، ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ئوت تۇ-

تۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، يۈزلىرى بېنزىن چاچقاندەك كۆيۈۋاتاتتى. كىشىلەر رۇقىيە خانىم بىلەن ھامۇتنى ھارۋىغا سېلىپ، گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى…

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، ھامۇتنىڭ كۆيۈك جاراھىتى ساقايدى، ئامىنەممۇ ياخشى بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ ئوت ئاپىتىدە يارىلانغان رۇقىيەنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، يۈز ۋە بەدەنلىرىدىكى كۆيۈكلەر سۇلۇق جاراھەتكە ئايلانغان ئىدى. ئۇ 3 ئاي دېگەندە ئاران ساقىيىپ، دوختۇرخانىدىن چىقتى. بىراق، ئۇنىڭ ئەۋۋەلقى گۈزەل چىرايى بۇزۇلۇپ، يۈزى ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگىدەك دەرىجىدە ھېلىلىدىن بەتتەر قورۇلۇپ، ئاچايىپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى…

شۇ يىلى رۇقىيە خانىم باشقا ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ھامۇت كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، بۇ مېھرىۋان ئۇستازى بىلەن خوشلاشقان. شۇنىدىن كېيىن ئۇلار بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىشالمىغان ئىدى…

ھامۇت خىيال قۇچىقىدىن ئويغىنىپ، بايىقى يىگىتلەر بىلەن خوشال — خورام، قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان رۇقىيە خانىمغا قايتىدىن تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بايىقى كۆرۈمسىز، ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئاددىي يولۇچى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلىم غەزىنىسىگە تولغان، ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز، ھاياتنى ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتقۇزۇۋالغان پەزىلەتلىك، ئالىجاناپ بىر شەپقەتچى تۇراتتى!

ھامۇت ئورنىدىن دەس تۇردى، قىلغان ئىشلىرىغا توۋا قىلىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ ئەپۇ سوراش ئۈچۈن رۇقىيە خانىمغا ئۆزىنى ئاتتى……

(بېشى 33 — بەتتە)

تىراكتور تولغىماش يوللار ئارقىلىق خۇددى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىۋاتقاندەك، كۈچ بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان ئۇلۇغساي دەرياسى تىك جىرالارنى بويلاپ تۆۋەندە قالدى…

كۈز شامىلى مېۋىلىك باغلارنىڭ، كەڭ چىمەنلىكلەرنىڭ، دەريا ۋادىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس نەمخۇش پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. سانىيە ئۇنىڭدىن نەپەس ئالغاندا، گويا ئانىسىنىڭ تىنىقىنى پۇرىغاندەك ۋۇجۇدى بىر ئاز تېتىكلەشتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كۆزلىرىنى قىسىپ، نۇرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىراقتىكى قامەتلىك تاغلارنىڭ ئۇچىما چوققىلىرىغا تىكىلىپ قارىدى — دە، خۇددى شۇ ياققا قاراپ ئۇچماقچى بولغاندەك، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەۋرىنىپ تۇرغان پاك ۋە يۇمران تېنىنى بارلىق كۈچ بىلەن تۆۋەنگە ئىرغىتىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ رەڭدار كۆينىكى خۇددى توز قانىتىدەك يېيىلىپ، تىك جىرادىكى تاشلار ئارىسىدا لەپىلدەپ، ئۇلۇغساي دەرياسىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى…

1984 — يىلى، ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى، قەشقەر.

# يولسۇق تەلەپ

(ھېكايە)

ئابلىمىت ئوسمان

رازىق ئاكىنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. يېڭى كەلگەن كۈنى بۆلۈم مەسئۇلى ئۇنىڭغا: «ئىلگىرى سىز مەدەنىيەت يۇرتىدا ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن ئىكەنسىز؛ قابىلىيىتىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلىك تەسلىكتە سىزنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بۆلۈمىمىز ئاممىۋى مەدەنىيەتكە دائىر خىزمەتلىرىنى ئىشلەيسىز. تولپارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى كەلدى... ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماي، ياخشى ئىشلەڭ» دېگەن ئىدى. رازىق ئاكىمۇ بۇ گەپلەردىن سۆيۈنۈپ: «خاتىرجەم بولۇڭ، ئىشەنچىنى يەردە قويمايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. ئۇ، ئەشۇ كۈندىن باشلاپ يېڭى خىزمىتىگە چوڭقۇر ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ كەتتى؛ بۆلۈمىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، بۇ ھەقتىكى پىلانلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتى... بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى. ئەتىگىنى ئىشخانىغا كىرىپ، بىر كۈنلۈك ئىشنى قەيەردىن باشلاش ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرۇشىغا، بۆلۈم باشلىقى بىر قۇچاق ماتېرىياللارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى ــ دە:

— ئالدىمىزدا شەھىرىمىز بويىچە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى بولماقچى، باشلىنىش مۇراسىمىدا مەن سۆزلىمەكچى ئىدىم. مۇنۇ ماتېرىياللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدىن پايدىلىنىپ، كېلىشتۈرۈپ بىر سۆز تېكىستى يېزىپ قويسىڭىز قانداق؟ ــ دەيتتى.

ئەتىسى پارتكوم ئىشخانىسىدىن بىرسى كېلەتتى:

— بۈگۈن يېرىم كۈن ئىش توختىتىپ تازىلىق ئېلىپ بارماقچىمىز. ھازىر سۈپۈرگە، چېلەك قاتارلىق تازىلىق سايمانلىرىنى تارقاتماقچى ئىدۇق. بۆلۈم باشلىقلىرىغا دېسەم، سىزنى ۋاكالىتەن ئېلىپ قويسۇن دېدى، دەرھال چىقىپ ئېلىۋالسىڭىز...

ئۆگۈنى يەنە بۆلۈم باشلىقى كىرىپ كېلەتتى:

— ئۇھ... ئەجەپمۇ ھېرىپ كەتتىما. بۆلۈمىمىزدىغۇ ئادەم ئاز ئەمەس. لېكىن ئىزدىگەندە تاپقىلى بولمايدۇ... ھە... ماڭاقاراڭ. بۈگۈن ئامانلىق بۆلۈمىدە بىر يىغىن ئېچىلماقچى ئىكەن. قولىڭىزدىكى ئىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، بۆلۈممىزگە ۋاكالىتەن شۇ يىغىنغا قاتناشسىڭىز.

شۇنداق قىلىپ، رازىق ئاكا بۆلۈمىنىڭ «سەپپېرلىك كادىرى» غا ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈنى قايسىبىر يىغىننىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتىلسە، ئەتىسى يەنە قانداقتۇر بىر جەدۋەلنى ئىشلەپ چىقىش تاپشۇرۇلاتتى. بارا - بارا سىرتتىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ئىشلىرىمۇ گېزىت - ژورنال، خەت - چەك باشقۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يۈكلىنىشكە باشلىدى.

رازىق ئاكا ئەزەلدىن خىزمەتتە ۋايساپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئىشقا سەھەر كېلىپ، كەچ قايتاتتى. تۇتۇنغان ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىسا، كۆزى ئۇيقۇغا، ئىشتىھاسى تاماققا بارمايتتى. ئەمما بۇ يەردىكى ئىشلار بارا - بارا ئۇنى زېرىكتۈرمەكتە ئىدى. «كۈنۈم مۇشۇنداق يۈگۈر - يېتىملار بىلەن ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ قېنى ئۇ پىلانلىرىم؟...» دەپ خۇرسىنەتتى ئۇ. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پىلانلىرى ئەشۇ باش - ئاخىرى يوق ئىشلارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتاتتى... ئۇ قەدىناس خىزمەت ئورنى — مەدەنىيەت يۇرتىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ يەردىكى يىگىرمە نەچچە يىللىق ھاياتىدا رازىق ئاكا ئۆزىنىڭ كۆپ خىللىق ئىجادىي مېھنىتى بىلەن پۈتۈن شەھەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى؛ ئۇ كوچا تەشۋىقاتلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ رەسىملەرنى سىزاتتى، سەنئەت ئۆمىگى ئۈچۈن تېكىستلەر يازاتتى، مۇزىكا ئىشلەپ بېرەتتى... مانا ئەندىچۇ؟ ئۇ ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن بەنت، مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ۋاقتىدا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن بىر سەھنە ئەسىرىمۇ ھازىر شۇ چالا پېتى تۇرىدۇ.

رازىق ئاكا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى - دە، بىر كۈنى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ئۆزىڭىزگە بىر تەلىۋىم بار ئىدى... ئېيتسام...

— قېنى ئېيتىڭ، قانداق تەلەپ ئۇ؟ — باشلىق كۆرۈۋاتقان ماتېرىيالىدىن بېشىنىمۇ كۆتەرمەي تۇرۇپ سورىدى.

— مېنى كونا ئورنۇمغا قايتۇرۇۋېتىشكە بولارمىكىن، بۇ يەرگە ھېچبىر كۆنەلمەيۋاتىمەن، ئىمكانقەدەر...

باشلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ، رازىق ئاكىغا تەئەججۇپ ئىلكىدە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن: «قانداق ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان نېمىسەن؟ شۇنداق ئېسىل ئورۇنغا ئەكىلىپ قويساق...» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ياغلىقى بىلەن تۈكلۈك مەيدىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمىشكە ئۇياندىن كېلىپ، بۇياندىن كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— بۇ يەردە... ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن. — رازىق ئاكا تۈزلا جاۋاپ بەردى.

— نېمە؟ ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن دەمسىز؟ سىزنىڭچە بۇ يەردە قىلىۋاتقانلىرىمىز ئىش قاتارىغا كىرمەيدىكەندە!؟ — باشلىق تەرىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئىشىك ئېچىلىپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى كىرىپ كەل-

دى. بۆلۈم باشلىغى دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. سېكرېتار ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ۋە رازىق ئاكىنىڭ خاراموش ھالىتىگە قاراپ دېدى:

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، چىرايىڭلار باشقىچىغۇ؟

— مۇنۇ كىشىنى، سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار، تېخى يېقىندىلا يۆتكەپ كېلىنىۋىدۇق، مانا ئەندى كېتىمەن دەيدۇ. بەزى گەپلىرى... قوساقنى كۆپتۈرىدۇ، — دېدى بۆلۈم باشلىغى.

— ھە، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى سېكرېتار رازىق ئاكىغا قاراپ، — بۇ يەردە كۆڭلىڭىزگە تەككىدەك بىرەر ئىش ئۆتتىمۇ، ياكى تۇرمۇشىڭىزدا قىيىنچىلىق بولۇۋاتامدۇ؟

— ياق، سېكرېتار، كۆڭلۈمگە تەككىدەك ئىش بولغىنى يوق. بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئەزەلدىن شەخسىيىتىمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن بەك كۆڭلۈمگە ئېلىپ يۈرگەن ئەمەس. تۇرمۇشۇممۇ خاتىرجەم. مېنىڭ بۇ يەردىن كېتىشنى تەلەپ قىلىشىمدىكى مۇددىئايىم بىرلا. ھازىر ماڭا قولۇمدىن كېلىدىغان شۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن تېچ، قولايلىق بىر شارائىت بەكمۇ زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. مەن ئەنە شۇنىلا تەلەپ قىلىمەن. بۇ يەردە كۈنۈم...، — رازىق ئاكا گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى.

— بۇ يەردە سىز ئۈچۈن ئۇنداق شارائىت يوق ئىكەن‍دە، — دېدى بۆلۈم باشلىغى تەنە بىلەن. سېكرېتار ئۇنىڭغا "گەپ قىلماڭ" دېگەندەك قاراپ قويدى‍ دە، رازىق ئاكىغا دېدى:

— تەلىۋىڭىز يوللۇق. بۇ پىكىرلىرىڭىزنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىزدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، قارىغاندا بۇ ھەيۋەتلىك بىنايىمىز ئىچىدىكى ئىشلار ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈردەك تۇرىدۇ، سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، سىزنى جەزمەن خاتىرجەم قىلىمىز.

رازىق ئاكىنىڭ چېھرىدىكە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سېكرېتار بۆلۈم باشلىغىغا سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىز ئۇنىڭ تەلىۋىگە ئاچچىغلانماڭ. ھەقىقەتەن بىز بىر قىسىم كىشىلەرنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدۇق. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئالاھىدە كۈچ بەرگەن ئىختىساسلىق كەسپ ئىگىلىرى ئىدى. بىراق، بۇ بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا، ئۇلارنىڭ پۈت‍قوللىرى قاتمۇ‍قات تورلار بىلەن چىرمىلىپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ تورلار باشقا نەرسە ئەمەس، بىزنىڭ چاكىنا ئىشۋازلىقىمىزدىن، ناچار خىزمەت ئىستىلىمىزدىن پەيدا بولۇۋاتقان يامان ئىللەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى... ھېلىقى كىشىنىڭ ئىزدەۋاتقىنى سىز ئويلىغاندەك ئالىيقانداق خىزمەت ئورنى، شەخسىي مەنپەئەت ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بىھۇدە توسقۇنلۇقلارنىڭ بولماسلىقىنى، ئەركىن، غۇلاچ تاشلاپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت خالاس... سىز ئويلاپ بېقىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ...، — سېكرېتار ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەتىكى بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا قارىلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى دېگەندىن كېيىن، سىرتقا ماڭدى.

"...مەن ئۈچۈن تېچ، قولايلىق بىر شارائىت بەكمۇ زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. مەن ئەنە شۇنىلا تەلەپ قىلىمەن..." ئىشخانىسىغا يېنىپ چىققاندىن كېيىن، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە سېكرېتارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەشۇ بىر جۈملە سۆز تەكرارلانغاندەك بولدى. ئوچۇق دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ: "ئىختىساس ئىگىلىرىنى قاراپ تۇرۇپ، بىھۇدە ئىشلار بىلەن ناپۇت قىلىۋاتىمىز. بۇ ھالغا چوقۇم خاتىمە بېرىلىشى كېرەك" دېدى ئۇ ئۆز‍ ئۆزىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئاق جۇۋان

(ھېكايە)

**ئەختەم ئۆمەر**

قەمەردىنىڭ ھەقىقى يېشىنى راستى بىلەن ئېيتىدىغان بولساق، بۇ يىل ئەمدىلا 19 غا كىردى. لېكىن ھازىر ئۇ خوتۇنىدىن ئىككىنى ئېلىپ قويغۇدەك، ئەمدى ئۈچىنچىسىنى ئېلىش ئۈچۈن پەش سۆرەپ يۈرمەكتە. بۇنىڭغا ھەتتا ئېزىز جېنىنىمۇ ئاتاپ قويىدى.

قەمەردىنىڭ يېشىغا قارىغاندا، بويى ئادەتچە ئۆسەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئۆيلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭ بويى پاكار، چىرايى قارامتۇل، پېشانىسى دوقىراق، ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىدىن بولسا كېرەك، چېكە ۋە بويۇن تومۇرلىرى داۋاملىق ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىچىك تۇرۇپ ئىككى، يۈزلىرىنى قارا يېرىك ساقال بېسىپ، جەمىيەتتىكى پاكار، سەت ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ھەر قانداق ئادەم قەمەردىننى دەسلەپ كۆرسە ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىدىن بىزار بولىدۇ. لېكىن ياشلىق مەۋسۇمىدىن كەتمىگەن بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەجەبلىنىپمۇ قالىدۇ. ئۇ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى، چىرايىنىڭ قاملاشمىغانلىقىغا قارىماي، بىر-بىرىدىن يارىشىقان ئادەمگە يېقىپمۇ قالىدۇ. قەمەردىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوقىمىغان ساۋاتسىز كىشىلەردىن بولۇپ، ئاتىسى قۇدرەتاخۇن 40 ياشلاردىن، ئانىسى گۈلزارخان 30 ياشلاردىن ئاشقان ئىدى. ئادەم چوڭ بولىدۇ، ئوغۇل بالا 13 ياشتىن، قىز 9 ياشتىن ئاشقاندا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ يەر تېرىيدۇ، باي بولىدۇ. مانا بۇلار قۇدرەتاخۇن بىلەن گۈلزارخاننىڭ ئېڭىغا ئورنىشىپ كەتكەن پەلسەپە بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىزنىسى ئىدى. بىراق قانۇن بۇنىڭغا يول قويىدۇ دەمسىز؟ شۇ سەۋەپتىن ئۇلار بوش كەلمىدى. بالىلىرىنى نوپۇس دەپتىرىگە تىزىملاتقاندا، ئەپلەپ-سەپلەپ 2 ـ 3 ياشتىن چوڭايتىپ يېزىشقا تىرىشتى. قەمەردىن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، ئالدىنقى ئىككىسى ھەر خىل كېسەللىك سەۋەپلىرى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا ھازىر بالىلىرىنىڭ چوڭى قەمەردىن بولۇپ قالغان.

قۇدرەتاخۇنىنىڭ ئۆيى ئايغاش يېزىسىدىنمۇ خېلى يىراق بىر جاڭگالدا ئىدى. ئۇ كۆچۈم يېزىسىدىكى قاتار مەھەللىدە «قىستىلىپ» قالغاندىن كۆرە مۇشۇ كەڭرى جاڭگالدا ئولتۇرۇشنى ياقتۇرغان ئىدى. بۇ يەردە ئايغاش يېزىسىنىڭ 60 مودىن ئارتۇق

بىنام يېرى بولۇپ، مېغىزدەك ئوبدان يەر بولسىمۇ، دىخانلار مەھەللىگە يىراق كۆرۈپ ھەممىسىنى قۇدرىتاخۇنغا ئۆتتۈنۈپ بېرىۋەتتى.

قۇدرىتاخۇن ئۆزى قارابۇس، مىجەزى چۇس ئادەم بولسىمۇ، پىشقان دىخان. ئۇ باشقىلار بەرگەن يەرگە قاراپ قالمىدى. يەرنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىلەن ھېساپلاشماي بۇ يەرنى تازا كېڭەيتىپ، ئورمان قىلغۇچىلىكى بولسا ئورمان قىلدى، زىرائەت تېرىغۇچىلىكى بولسا زىرائەت تېرىپ، ئىككى كۆكلەمدىلا بىر تالاي يەرنى كۆكەرتىپ، خېلىلا كۆتىرىلىپ قالدى.

قەمەردىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىدى، ئاتىسى ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتتى. ئاتىسىنىڭ تەلەتى سۈرلۈك بولغاچقا، ئۇمۇ ئاتىسىنى دوراشنى لەززەتلىك ئىش دەپ بىلدى. چۈنكى ئاتىسى قاپىقىنى بىر تۈردىغان بولسا، ئۆيدىكىلەر «چاشقان تۆشۈكى ساراپ ئىزدەپ» بولۇڭ-بولۇڭغا كىرىپ كېتىشەتتى. قەمەردىن بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، دەستلەپكى چاغلاردا ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. بارا-بارا قورقمايدىغان بولدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەپچى بولغان: بىر قېتىم قەمەردىن ئانىسى قازاندىن سۇزۇۋاتقان پاقلاننىڭ ئۇچىسىنى كەپتەرگە قارايمەن، دەپ كاشاڭ بىلەنلا كولۇڭدىكى قوقاستا دۈم سالدى. مىزدىلىك پىشقان پاقلان گۆشى پۈتۈنلەي كۈلگە بۇلغىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇدرىتاخۇن ئۇنى سېرىق سۆگەتنىڭ كۆك كەسمىسىدىن بەش تال سۇنغىچە ئۇردى. قەمەردىننىڭ بەدەنلىرىدىن قان چىقىپ كەتتى، ئۇ تاياقنىڭ زەربىسىدىن قاچقانچە ئۆيدىن يوقالدى.

قۇدرىتاخۇن چاچقۇن ئادەم بولغىنى بىلەن قەمەردىننى «ئايىغى ياراشقان بالام» دەپ ھەممە بالىلىرىدىن ياخشى كۆرەتتى. قەمەردىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر ھەپتىگىچە قايتمىغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدا تۇرالمىدى. ھەم تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرمۇ-شەھەر ئىزدەپ بىر ئاي بولغاندا ئۇنى قەشقەردىن تاپتى. ئاتا-بالا ئىككىسى قۇچاغلاپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇ قەمەردىن ھەر قانچە ئاچچىقىنى كەلتۈرسىمۇ قوپال، يىرىك بارمىقىنى چىڭ بىر چىشلىۋېتىپ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ، قەمەردىنگە تىكىلىپ قارىمايدىغان بولدى. قۇدرىتاخۇن قەمەردىننى قەشقەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيلەپ قويدى. بۇ چاغدا قەمەردىن تېخى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

2

قەمەردىن بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى دۈشەنبە بازارغا بېرىپ، جۇشقۇنچە بازاردا بىكار لاغايلاپ يۈرۈپ زېرىكتى-دە، ئاق قاشقا، ئاران كۆز جەدە ئېتىنى مىنىپ ئايقاش يېزىسىنىڭ بوستانلىق يولى بىلەن ئۆيىگە قايتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۆككىدە باغ-ۋارانلار ئورۇۋالغان قاتار مەھەللىلەر بار ئىدى. ئىسسىقتا بېشى قايناپ كەتكەن قەمەردىن يولنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھوزۇرلۇنۇپ، ئاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈپ ماڭدى.

— ھوي، قەمەردىن نەگە بارغانتىڭىز؟ — قەمەردىن يانغا بۇرۇلۇپ، باغ ئىچىدە قېرى ئورۈكنىڭ سايىسىدىكى كاتتا ئولتۇرۇپ تاۋار كۆرپە سىرىۋاتقان گۈلنىساخاننى كۆردى. گۈلنىساخان نىياز قارىنىڭ

كەنجى قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى يۈرەك كېسەلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى بالا بىلەن تۇل قېلىپ، هازىر ئاتىسىنىڭكىدە تۇراتتى. قەمەردىن گۈلنىساخانىنى كۆرۈپ، ئاتتىن سەكرەپچۈشتى-دە، باغ ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ:

— بازارغا بارغان، ئىسسىقتا بولالماي يېنىپ كېلىشىم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— هەر هەپتىسى بازاردىن قالمايدىكەنسىز، بازارلىقتىن بىرسىگە ئاشىق بولۇپ يۈرەمسىز نېمە؟

— ياقەي، مەندەك دوقمىباش سەهرالىقنى بازارلىق يارىتامدۇ، — دېدى قەمەردىن هىجىيىپ.

— باققا كىرمەمسىز، تۇغاچ پىشىپكەتتى، ئۇسساپ هالىڭىز قالمىغاندۇ بەلكىم.

— ئاغزىڭىزغا ناۋات ئاق جۇۋان، شۇنى دېمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم، — دېدى قەمەردىن ۋە ئېتىنى يېتىلەپ باققا كىردى.

— زۇۋانىڭىز دارغا تارتىلغاي ئىلاهىم، — گۈلنىساخانىنىڭ ئاچچىغى كەلدى. قەمەردىن دەرهال «ئاق جۇۋان» دەپ سالغىنىنى چۈشۈنۈپ:

— هە ئاپلا، بوپتۇ دەۋىتىڭا، يادىمىدا يوق، دەپ ساپتىمەن.— ئۇ ئېتىنى ئامۇت دەرىخىگە باغلىدى، ئاندىن كاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى نىياز قارى ئاكاملار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— هەممىسى بازارغا كەتتى، ئۆيدە مەندىن باشقا هېچكىم قالمىدى، — گۈلنىساخان قەمەردىنگە كۆرپە سېلىۋېتىپ دېدى، — قانداق دەيسىز؟

— ئەمدى بۇ يەرگە كىرىپ سىز بىلەن ئولتۇرسام، نىياز قارى ئاكاملار «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن بەدرەك» دەپ هاسىسىنى ئېلىپ سۈرۈپ كەتمىسۇن دەيمەنا، — دېدى قەمەردىن تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ.

— سىز مېنىڭ ئىنىم بىلەن دېمەتلىك تۇرسىڭىز، — دېدى گۈلنىساخان قاقاهلاپ كۈلگەن هالدا،— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسىز؟— كۈلكە ئۇنىڭ سېمىز، يۇمىلاق، ئاق سېرىق يۈزىگە بىر خىل گۈزەللىك بېغىشلاپ، تىنىق كۆزلىرى نۇرلۇنۇپ كەتتى.

— سىز مېنى ئىنىم ئورنىدا دېگىنىڭىز بىلەن، ئىككى خوتۇننى ئېلىپ قويىۋەتكەن ئوغۇل بالا بولمىسىز جۇمۇ، — قەمەردىن ئۆز-ئۆزىدىن مەغرۇرلۇنۇپ كۈلدى. ئۇنىڭ قارا ياپىلاق يۈزىدىكى پۈتۈن قورۇقلار كۆزى ئەتراپىغا ئولۇشۇپ، يۇمۇق كۆزىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالدى.

— هە، يوغان ئىش قىپسىز. تولا سۆزلىگەن ئېغىزىڭىزغا تۇغاچ يەڭا، — دېدى گۈلنىساخان بىر پەتنۇس تۇغاچنى داستىخانغا قويۇپ. قىپ-قىزىل مايلاپ قويغاندەك ۋىل-ۋىل پاقىراپ، سۈيى تېمىپ تۇرغان تۇغاچلار قەمەردىننىڭ ئېغىزىغا سۇ كەلتۈرۋەتتى. شۇڭا ئۇ «خوش» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ تۇغاچ يېيىشكە تۇتۇش قىلدى.

گۈلنىساخان ئايۋاش يېزىسىدا پۈتۈن ئاياللارنىڭ چىرايلىقى ئىدى. ئۇ هازىر بېشىغا مەرۋايىت دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، تۇم، قارا ئۆرۈمە چېچىنىڭ بىر ئۆرۈمىسى كۆكرەك بۇرمىلىك شېيۇڭ كۆينىكىنى كۆتىرىپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىدىن ئارتىلىپ قۇچىقىغا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ كۆرپە سىرىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يېڭىنى هەر قېتىم كۆرپىگە سانجىپ يىپىنى تارتقاند-

دا، تولغان كۆكسى لىغىلداپ كېتەتتى. كۆينىكىنىڭ ياقا ئىزمىسى ئېتىلمىگەن بولۇپ، ئاپپاق سۈزۈك كۆكسىنىڭ بىر قىسمى تۇگۈلۈكتىن كۆرۈنگەن ئايدەك جىلۋە قىلىپ قالاتتى. قىزىل كەڭ پۇشقاقلىق تاۋار تامبىلى تىزىغىچە سۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئاپپاق پاچاقلىرىغا قاراپ ھەر قانداق قېتىپ قالغان يۈرەكمۇ بىرھىسسىياتسىزلىققا كېلەتتى. گۈلنىساخان ھەم سېمىز، ھەم سۈزۈك يۇزلۇك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئايقاش يېزىسىدىكىلەر ئۇنى «گۈلنىساخان» دېگەندىن كۆرە «ئاقجۇۋان» دېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق بۇخىل ئاتاش گويا ئۇنىڭغا كەمسىتىلگەندەك بىلىنەتتى. بۇيەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ئەرلىك بولۇپ چىققان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنى ئالدىراپ ئەر ئالمايتتى. مۇنداقلارغا يىراق ياقا-يۇرتلاردىن ياكى ئايىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان كىشىلەرلا لايىق بولاتتى. گۈلنىساخانمۇ دەل شۇنداق بولدى. ئۇ تېخى ئەمدىلا 26 ياشقا قەدەم قويۇپ، ياشلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان چاغدا ئىككى بالا بىلەن تۇل قالدى. يىراق يۇرتلاردىن لايىق چىققان بولسىمۇ نىياز قارىم ئۇنىمىدى، يېقىنىدىن چىققانلارمۇ بىر ئەرلىك بولغان، يەنە كېلىپ ئىككى بالىسى بار تۇل ئايال بىلەن توي قىلىپ سۆزچۆچەككە قېلىشتىن قورقۇپ، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قەمەردىنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىككىنچى خوتۇنى بىلەن توي قىلغان چاغدا، ئەسلى گۈلنىساخانغا كۆيۈپ، پىشىپ يۈرەتتى. بىراق ئۇنى ئېيتىشقا پېتىنالماي، ھەسرەت چېكىپ يۈردى. چۈنكى گۈلنىساخانىنىڭ يېشى ئۆزىدىن چوڭ، بويىمۇ بىر گەز ئېگىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى بالا بىلەن تۇل قالغان. مانا بۇ تەبىئى ماسلاشماسلىقلار ئۇنىڭ ھەسرىتىنىڭ ئاچچىق تۈگۈنى. ئەگەر تەقدىر ئىلاھى مۇشۇ ئاچچىق تۈگۈننى ئېلىپ تاشلىسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان چاقنىغان دىللارغا ئارام بەخش ئەتكۈچى مېھىر لەززىتى قەمەردىنگە نېسىپ بولىدۇ. بىراق، قەمەردىن بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتەلىسىچۇ؟ گۈلنىساخان بۇنىڭغا ماقۇل بولامدۇ - يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم.

— راست، سىزدىن سوراي، - دېدى گۈلنىساخان تىكىشتىن توختاپ، — بۇ قېتىم ئالغان خوتۇنىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭىز راستمۇ؟

— راست بولماي ئەمسە. ئاجراشقىلىمۇ بىر - ئىككى ھەپتە بولدى.

— يەنە بۇنىڭ بىلەن نېمە دەپ كېلىشەلمىدىڭىز؟ - تېخىمۇ كوچىلاپ سورىدى گۈلنىساخان.

— نېمە دەپ كېلىشەلمىدىڭىز دەيدىكەنسىز؟ كۆڭۈل سۇ ئىچمىسە كېلىشەلمەيمىزدە. سىز خۇددى كىچىك بالىدەك سۆزلەيدىكەنسىز، - دېدى قەمەردىن ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن.

— ۋاي چوڭ ئادەمەي، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئەمدى قايسى جەننەتنىڭ پەرىسىدىن سۇ ئىچىدىكىن - تاڭ، بىرىنچى قېتىم ئالغان قىزمۇ مۇشتەك بارتى، ئۇنىمۇ 4 كۈندە پەكىرىنى ئۆچۈرۈپ ھەيدىدىلە. ئەمدى يەنە 15 ياشلىق چىرايلىققىنا ئوماق بىر قىزنى ئېلىپمۇ كۆڭۈللىرى سۇ ئىچمىگەن بولسا، بۇيرۇتۇپ سوقتۇرارسىز، - دېدى گۈلنىساخان تەنە بىلەن.

— ۋا - ھاي ... سىززە، بىرىنچى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توي قىلغاندا خوتۇننىڭ نېمىلىگىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىچە ئۇ قىزنى زورلاپ ئېلىپ بېرىپ، كېيىن يەنە «مىجىقكەن» دەپ زورلاپ قويغۇزۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆزىمىز ئېچىلىپ كەتتى، دەڭا.

— ئەمدى بۇ قېتىمقىسى قانداق بولۇپ كۆڭلىڭىزگە ياقماي قالدى؟

— قارىسام، بۇ قىز گاللۋاك، دۆت چىقىپ قالدى. ھېچ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالمايدۇ. — دېدى قەمەردىن.

— ۋاي - ۋۇي، قاراڭ ماۋۇ نوچىنى. توي خېتىدە يېشىنى چوڭ يازدۇرغىنى بىلەنچۇ، تېخى يېشى كىچىك قىز ئەمەسمۇ؟ تۇرمۇش يوللىرىنى بارا - بارا ئۆگىنەمەمدۇ؟ — گۈلنىساخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — دىلىخان خەقنىڭ مۇشۇ ئىشىنى كۆرسەمىزە ئەجەپ ئىچىم قايناپدۇ، بالىلىرى سەل چوڭ بولۇپ، ئاق-قارىنى پەرق قىلالماستىنلا تۇرمۇشقا چىقىرىپ قويۇپ، كېلىشەلمىسە، خۇددى ئۇلاغ سودىسى قىلغاندەك يەنە يېڭىۋاشتىن توي قىلىشىدۇ. كادىرلار بولسا بالىلىرىنى تازا ئوقۇتۇپ، ئاندىن تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىكەن.

— بۇغۇ شۇنداق، — دېدى قەمەردىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، — ئاتام يەنە نەدىن تاپساڭ خوتۇن تاپ، ئۆيلىنىۋېتىمەن، دەپ قىستاۋاتىدۇ.

— گۈلنىساخان قەمەردىننىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— ۋۇي، ئاتىڭىز پۇلنىڭ جىقلىقىدىن بېقىنىغا ئۇسسۇپ تۇرالماي قالغان ئوخشىمامدۇ؟ تېخى بىر قانچە يىللار بولدى، كۆرۈلۈپ قازىنى مايلاشقىلى، سىز تېخى مۇشتەك تۇرۇپ ئىككى خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتتىڭىز. ئىككى ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەي يەنە ئۆيلەمدىكەن؟ — دېدى.

— تاڭەي، بۇ خەقنىڭ ئىشىنى ھېچ بىلمىدىم.

— مېنىڭچە، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىپ ئۆيلىنىڭ. تولا خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇش يىگىت ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس. ئەشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز خوتۇن بىلىدىگى دەپ نام ئېلىپ قېلىپ، خەق قىزىنى بەرمەيدىغان بولىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى گۈلنىساخان.

— بەك زورلاپ تۇرۇۋالسا، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويىدۇم، ئاتا - ئانامنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن قورقماي ئالىۋېرىسەن.

— ئاتا - ئانىڭىز قوشۇلماي ئېلىپ، كېيىن ئۇمۇ كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈپ قويۇۋەتسىڭىز ئىشىڭىزنىڭ تۈگىگىنى شۇ! ئۆتكەنچى قېتىم بۇ يۇرتتا ھېچكىم سىزگە قىز بەرمەيدۇ، خەقمۇ قىزىنى ئاران چوڭ قىلىدۇ، توڭسا يېپىنىپ، ئىسسىقتا سىلىۋېتىدىغان ئەسكى چاپان ئەمەس.

— بۇ قېتىم توي قىلىدىغىنىم بىلەن خۇدا بۇيرىسا ئۆمۈرلۈك بولىمەن.

— ئەمەنچىڭىز شۇنچە چوڭمۇ؟

— چوڭ.

— شۇنچە ئىشەندۈرۈۋەتكەن قىزغا ئاتا - ئانىڭىز قوشۇلامسۇ؟

— قوشۇلمايدۇ.

— ئۇنىڭ كىملىگىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ئېيتىپ بەرسەم، سىزمۇ قوشۇلماسلىغىڭىز مۇمكىن.

— سىز ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ، ئىشەنگەن يەردە مەن قوشۇلۇپ - قوشۇلماي نېمە قىلاتتىم!؟

Altunoq

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟ — قەمەردىنىڭ كىچىك كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كەتتى .

— راست ، ۋۇي ئىمانچە مەندىن بەك سوراپ كېتىسىز ؟ مەن پەقەت ، ئۇ قىز قاندىراق قىز ، كىمنىڭ قىزى ؟ شۇنى بىلەي دەپ سوراپ قويدۇم، — دىدى گۈلنىساخان قەمەردىنىڭ خوشاللىقتىن پورۇلۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ .

— ئۇ قىز — نىياز قارى ئاكامنىڭ قىزى گۈلنىساخان .

— ھە ... ؟ — گۈلنىساخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئۇكام، چاقچاق قىلىۋاتامسىز نىمە؟ — گۈلنىساخان بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ ، كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — مەن تېخى سىزنى چاقچاق بىلمەيدىغان بالا دىسەم ، بۈگۈنزە ... — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى . چۈنكى قەمەردىنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىپ قالغان ئىدى . گۈلنىساخان ئەسلىدىكى ھەيرانلىغىدىنمۇ بەتتەررەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇكام، سىز دىگەن مېنىڭ ئىنىم قاتارلىق ، بۇنداق خام خىيالىڭىزنى تاشلاڭ . بۇنى خەق ئاڭلىسا ماڭا نى ئات ، نى نۇمۇس!؟

— ياق . ئەمدى مەن زادى چىداپ تۇرالمايمەن . ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە كۆيۈپ يۈرگىنىمنى ئىمەشقا بىلمەيسىز؟ مەن خوتۇنۇمنى شۇڭا قويىۋەتكەن . پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ خوتۇننى ئالغانىغۇ ؟ سىز چوقۇم ماقۇل دەڭ.

قەمەردىنىڭ قارامتۇل يۈزلىرى ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى، دوغىلاق گەۋدىسى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرىدىن كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە سۈرلۈك نۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

بۇ ئىش گۈلنىساخانغا شۇنداق تەسادىپى تۇيۇلدىكى، ئۇ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىگىنى پەرق قىلالماي: بىر ھازا گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە قەمەردىنىڭ بۇ ھالىغا ئاخىرى چىداپ تۇرالماي.

— بوپتۇ، قەمەردىن. سىز شۇنچە ئىرادىگە كەلگەن بولسىڭىز، ئاتا — ئانىڭىز قوشۇلسىلا، مەن قوشۇلدۇم، — دىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشقا قەمەردىنىڭ ئاتا — ئانىسى قوشۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قەمەردىندىن كېچىدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاندا، قەمەردىن بۇ رايىدىن چوقۇم يانماي قالمايدۇ، دىگەن ئوي ئۇنى تىنچلاندۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەمەردىن خوشاللىغىدىن سەكرەپ كەتتى. ئۇ شۇ خوشاللىغىدا گۈلنىساخانغا ئېسىلىۋىدى، گۈلنىساخان ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— ئالدىراپ كەتمەڭ، — دىدى. قەمەردىن ئېتىغا سەكرەپ مىندى — دە، قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى.

3

بۇ گەپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاياش يېزىسىنى زىل — زىلىگە سېلىۋەتتى. ھەممە خەخ بىردەك گۈلنىساخانغا نەپرەت ئوقۇدى. "بۇ ئاق جۇۋان نومۇس قىلماي، ئۆزىدىن نەچچە ياش كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىگە تارتىۋاپتۇ" دەپ سۆز — چۆچەك قىلىشتى. نىياز قارىم مەھەللىدە قۇيۇندەك تەكشى ئۇچۇپ يۈرگەن ئاھانەتكە چىدىماي، گۈلنىساخاننى تۇنجى قېتىم يۈزتۇرانە قاتتىق سۆز بىلەن ئەيىپلىدى ھەم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنى

www.uyghurkitap.com



ئاز دەپ قۇدرەتاخۇن ئەر ـ خوتۇن كېلىپ، نىياز قارىملارنى ساقاللىرىنى تىتىرىتىپ تۇرۇپ، بىرمۇنچە ھاقارەتلەپ قايتىپ كەتتى. ئۇ سوتقا ئەرز قىلماقچى بولمۇدى، قەمەر ـ دىن «ئۆلمۇالىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋالدى، «ئەگەر گۈلنىساخاننى ئېلىپ بەرمەيدىغان بولساڭلار ئۆلگىنىم ئۆلگەن» دەپ قورقىتىۋەتتى. قۇدرەتاخۇن نائىلاج بارمىقىنى چىشلەپ، ساقاللىرىنى تۇتامىلاپ، يېزا مەسچىتىدە: «دات! بالىنى كىچىك ئۆيـ لەپ قويغاننىڭ سازايى! بالاڭلارنى كىچىك ئۆيلەيمەن دەپ يۈرمەڭلار، بالا بۇزۇلىدىـ كەن» دەپ داتلىنىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتـ تى. يېزا مۆتىۋەرلىرى قۇدرەتاخۇنغا: «كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. بالا گۈدەك، بالىنىڭ بېشى ئايلىنىپ قاپتۇ. ھازىرچە تويـ نى قىلماقتىن باشقا ئامال يوق، بولمىسا باـ لىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، دەرتىنىڭ چوڭىنى تارـ تىپ قالىمىز. ھازىرچە توي قىلىپ بېرىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن «قايتۇرما» ئوقۇتۇپ، كۆڭلىنى ياندۇرۇپ، ئاجراشتۇرۋېتەيلى، ئىشنىڭ يولى شۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. نىياز قارىم دەرت كۈچىدا قۇدرەتاخۇن دىـ گەن بۇ يۈزسىز ئاغىنىسىنىڭ يۈزىگە ئاداـ جۇدا قارىماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدى. بىراق قەمەردىننىڭ مەھەللىسىدىن كەتمەي تۇرۇۋېلىشى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئېيىپلىـ شى بىلەن ئاخىرى توي بولدى. قۇدرەتاخۇن كېيىنچە داخان باخشىلارغا قايتا ـ قايتا پۇل خەجلەپ «قايتارما» ئوقۇتقان بولسىمۇ كار قىلمىدى.



مانا ئەمدىلىكتە قۇدرەتاخۇن قەمەردىن بىلەن گۈلنىساخاننىڭ بالىسى ـ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى نەۋرىسىنى بوينىغا مىنـ دۈرۈپ ئوينىتىدىغان، گۈلنىساخاننىڭ ئوخـ شۇتۇپ ئەتكەن مىزىلىك تائاملىرىنى دۈنياـ دىكى ھېچقانداق ئېسىل تائامغا تەڭ قىلماي ماختاپ ئولتۇرۇپ يەيدىغان بولۇپ قالدى.

# ئانا تىل نەزمىسى

**ئابدۇرىشىت سەلەي**

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئافزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
— قۇتلۇق هاجىم شەۋقى —

ئىخ، ئاناتىل، سۆيۈملۈك ئاناتىل! سىنىڭ بۈيۈك تەرىپىڭنى، يۈكسەك شانۇ - شەرىپىڭنى چەكسىز ئىپتىخار بىلەن كۈيلەشكە ئۈندىدى مېنى بۇ ئۇتلۇق دىل!

سەن تۈركى تىللار غەزىنىسىنىڭ بىباها گەۋھىرى! سەن ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك، ئىجاتكار خەلقىمىنىڭ تەپەككۇر جەۋھىرى! سەن ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ هىس - تۇيغۇلارنى تولۇق، توغرا ئىپادىلەشكە بايسەن! سەن مەدىنىيەت ئاسمىنىمىزدا پارلىغان تولۇن ئايسەن! سەن ئەينەكتەك سىلىق، يىپەكتەك يۇمشاق، قايماقتەك تىلىسەن! سەن كۆيدەك يېقىملىق، سۇدەك راۋان، بۇلاقتەك تىلىسەن!

تارىخىمىزنىڭ شانلىق سەهىپىلىرىنى هۆرمەت بىلەن ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ هەر بىر ئالتۇن قۇرى سىنىڭ هېكمەتلىك سۆز ئىبارەڭ بىلەن كۆركەم نەقىش ئېتىلگەن! ئۇ قۇرلاردا «كۈلتېگىن»، «بىلگە قاغان»، «تونيۇقۇق» ئابىدىلىرى يارقىن ئەكس ئېتىلگەن. ئىلىم - پەن قامۇسىنىڭ تىلشۇناسلىق بابىدا تۇتقان پەخىرلىك ئورنىڭنى ئەڭ تەرەققىي تاپقان تىللار بىلەن رۇشەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇ تىللار بىلەن خۇددى "بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك" تەڭ تۇرالايدىغان، هەتتا ئېشىپ چۈشەلەيدىغان خىسلىتىڭنى مىڭ يىل بۇرۇن ئۇلۇغ بوۋام مەخمۇت قەشقەرى دۇنياغا ئايان قىلغان شاهەسىرى — «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، سېنىڭ كەڭ مەنالىق، كۆپ ئىپادىلىك، گۈزەل، ئوبرازلىق، نەپىس تىل ئىكەنلىگىڭنى جاهانغا نامايان قىلغان بۈيۈك پەيلاسوپ، شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ «تۈركلەر شاهنامىسى» دەپ ئاتالغان ئالتۇن تۇم — «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ دانىشمەن سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر ناۋايى سەن هەققىدە ئالاهىدە توختالغان «مۇهاكىمە تۇل لوغەتەين» دېگەن ئەسىرىدە. سەن توغرۇلۇق جاهان تۈركولوگلىرى: رادلوپ، بارتولد، مالوپ، شۈەنجۇاڭ، ئىلمانىسكى، ژوررېن تورى، كاردىل بروكلىمان، گابايىن، بېسىم ئاتالاي، نەجىپ ئاسىملار يازغان كىتاپلار قۇچتى زور شۆهرەت ئىلىم - پەن قەسىرىدە.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى: «ئوغۇزنامە»، «ئەتەبەتۇل هاقايىق»، «قىسساسۇل ئەنبىيا»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «خەمسە»، «چاردىۋان»، «دىۋان نەغمە»، «مۇهەببەتنامە مېهنەتكام»، «سەپەرنامە»، «دىۋان نوۋبىتى»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «مۇهەببەت داستانلىرى»، «دەهرىل نىجات»، «غازات دەر مۈلكچىن»، «نوزۇگۇم»، «زەپەرنامە»، «تەزكىرە ئەزىزان»، «تارىخى موسقۇيۇن»، «تارىخى رەشىدىيە»، «تارىخى ئەمنىيە» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن يېزىلغان. پەرھات ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن، يۈسۈپ ـ زىلەيخا، ۋامۇق ـ ئۇزرا، مەھزۇن ـ گۈلنىسا، مەسئۇد ـ دىلئارا، رابىيە ـ سەئىدىنلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل يۈكسەك بەدىئى ئوبرازى سېنىڭ گۈزەل سۆز سەنئىتىڭ بىلەن شائىرانە سىزىلغان.

سېنى ئۆتكۈر قورال قىلىپ سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تەۋپىق، لوتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق جەڭگىۋار شائىرلار جاھالەتكە ئوت ئاچقان. تەجەللى، ئابدىقار ئەزىزى، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، نىم شېھىت قاتارلىق ئالىم، ئەدىپلەر سېنىڭ سۆز مەشئىلىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئاڭ ـ پىكرىنى يورۇتۇپ، مەرىپەت نۇرلىرىنى چاچقان.

ئىخ، ئانا تىل! سۆيۈملۈك ئانا تىل! سېنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا جەۋلان قىلغان جەسۇرانە پەرۋازىڭنى قانداقمۇ كۆيلىمەسمەن پەخىرلىنىپ دىل! سەن ئەسىرلەردىن بۇيان بولۇپ كەلدىڭ سەنئەتخۇمار خەلقىمنىڭ ناخشا ـ قوشاق تىلى! سەن بىلەن پۈتۈلگەن سەنئىتىمىزنىڭ شۆھرەتلىك گۈلتاجى ـ «12 مۇقام» نىڭ ئالتۇن تېكىستلىرى ـ مۇزىكىلىق ئويناق تىلى! سەن بىلەن خەلقىمىز كۈلپەت تاغلىرىنى غۇلىتىپ، ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەردە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگەن! سەن بىلەن جاھان ئەھلى سەنئىتىمىزنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرگەن!

قەلبى شېئىرى ھېسسىياتقا باي قوشاقچى ئانىلار سەن بىلەن مۇڭلۇق ئەللەيلەر ئېيتىپ، بوۋاقلار قەلبىگە گۈزەل ھاياتنىڭ شېرىن ئىشقىنى سالغان. ئىش ـ ئەمگەكتىمۇ ناخشا ـ قوشاقنى ئۆزىگە دائىم ھەمرا قىلغان غەزەلخان ئەمگەكچى ئاتىلار سېنىڭ كۈيۈڭ بىلەن يېقىملىق «لاي ـ لاي»تۇۋلاپ، تىلسىز ھايۋانلارنىمۇ تەسىرلەندۇرۇپ، يازنىڭ ئىسسىق تومۇزلىرىدا تاغدەك ـ تاغدەك خامانلارنى ئالغان. سەن بىلەن يۈكسەلگەن داۋۇتجان كۈيى، پاتەمنىڭ ئۈنى! سەندە مۇجەسسەم مۇقام ناۋاسى، بۇلبۇل ساداسى! سېنى ئاڭلىسام ياپرايدۇ دىلىم! سېنى كۈيلىسەم سايرايدۇ تىلىم!

سەن بىلەن شان قۇچتى: «تۇگىمەس ناخشا»، «تارىم شامالىرى»، «غۇنچەم»، «چېنىقىش»؛ «ئۈممەت دولقۇنلىرى»، «تىيانشان باغرىدا»، «كۆكلەم»، «ئىزدىنىش»؛ سەن بىلەن كەيدى شۆھرەت تاجىنى: «قايىنام ئۆركىشى»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «كۆرەشچان يىللار»؛ سەن بىلەن كۆرسەتتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى رىۋاجىنى: «ۋىسال سەھەرى»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، «گۈلمەرۇي»، «ئاق روماللىق پەرىزات»، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «جىننەستە»، «بەخت ناخشىسى»، «چەۋانداز»، «يۇلغۇن چېچىكى»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «گىرىدىسەن يوللار».

ئىخ، ئانا تىل، سۆيۈملۈك ئانا تىل! سېنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى بولۇپ، دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان پەزىلىتىڭگە ئاپىرىن ئوقىماس قايسى بىر دىل!

سەن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق سارىيىدىكى گىگانت تۈۋرۈكسەن! سەن ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت رىشتىسىنى خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىسىگە تۇتاشتۇرغۇچى خاسىيەتلىك كۆۋرۈكسەن! سەن بىلەن بىلدىم ئىپلىمىز ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىنى: چۈي يۈەن، لى بەي، لۇشۈن، گومورو، شېكىسپىر، بالزاك، پوشكىن، گوركى، تاگور، سەئىدىنى. سەن بىلەن كۆردۈم قۇللار ئىنقىلاۋىنىڭ بۈيۈك قەھرىمانى سىپارتاك سىماسىنى، رىيالى

لىقتىن ئايرىلىپ مەغلۇپ بولغۇچى دۈشمەن تەقدىرىنى، خەمسىلەر بوۋسىنى گىرانىدى ئۇبرازىنى، مۇتەئەسسىپلەر ۋەكىلى بىلىكوپ تىپىنى، روھى غالىبىيەتچىلىك مەستانىسى ئاكىيو پاچەئەسىنى. سەن بىلەن چۈشەندىم كىشىلىك دۇنيانى، ياشاشتىكى مۇددىئا- مەقسەت، مەنانى.

سەن جاھان ئەللىرىنىڭ ھەر قانداق تىلىنى ئۆز ئاھاڭى بويىچە توغرا تەلەپپۇز قىلالالايسەن! كۆڭۈلنىڭ سادىق، ئادىل تەرجىمانى بولالايسەن. شۇڭا جاھان تىلشۇناسلىرى سېنى "ئۇيغۇر تىلى يىپەكتەك يۇمشاق تىل" دەپ يۇقىرى باھالايدۇ. سېنىڭ نۇرنۇڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان تىللارنىڭ تۆرىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالالايدۇ!

ئىخ، ئانا تىل، سۆيۈملۈك ئانا تىل! سېنىڭ ئىشقىڭدا، مۇھەببىتىڭدە يالقۇنلىنىپ يانار دىل!

مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ سېنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزۇڭ بىلەن ئاغزىمنى ئۆمەللەپ "ئانا" سۆزىنى ئىدا قىلدىم. بۇ ئۇلۇغ ئىدانىڭ مېنى ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ ئىنسان— ئانىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ساڭا بولغان سەممىي سۆيگۈنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم!

مەرىپەت گۈلىستانىغا قەدەم قويۇپ، سەن مۇقەددەس ئانا تىل بىلەن "ئەلىپبە" دىن ساۋات چىقاردىم. ئىپتىدائى مەكتەپتىن ئالى بىلىم يۇرتلىرىغىچە سەن ئانا تىل بىلەن ئۇستازلىرىم بەرگەن بىلىم بۇلىقىنىڭ لەززەتلىك شەربىتىدىن ئەقلى قۇۋۋەتكە تولۇپ، ھاياتقا، دۇنياغا تەلپۈنۈپ، ئىلىم - پەنگە، ئەدەبىي - سەنئەتكە ئىنتىلىپ تالماس قانات چىقاردىم. سەن بىلەن كۆڭۈل خەزىنەمنى ئىلىم - پەن جەۋھەرلىگە تولدۇردۇم! تەپەككۇر قۇشلىرىمنى ئىجاتباغلىرىغا قوندۇردۇم! سېنىڭ خاسىيەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچۇڭ بىلەن دەرس مۇنبىرىدە ياش ئەۋلاتلارنىڭ دىل قۇلۇپىنى ئاچتىم. ئۇلارنىڭ قەلبىگە بىلىم ئۇنچىلىرىنى چاچتىم. سەن ئانا تىل بىلەن مىڭلىغان ئىقتىدارلىق شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتۇم. ۋەتەنىمنىڭ، خەلقىمنىڭ ئالقىش - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، بەخت كۆكلىرىدە ئۇچتۇم. مەن سەن بىلەن چەكسىز بەختلىكمەن! سەن بىلەن شاھلارنىڭ زەر تەختىدىنمۇ ئۈستۈن تەختلىكمەن! مەن سەن ئاتا قىلغان تىل بىلەن ھاياتنى، سەنئەتنى، ئىلىم - پەننى مەڭگۈ ئۇلۇغلايمەن! مەن سېنىڭ مەرمەردەك تازا، ئاققۇدەك پاك، ۋىجدانىدەك ساپلىقىڭنى ئەبەدىي قوغدايمەن.

سەن تارىخىمىزنىڭ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ، ھاياتىمىزنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارى! سەن بىلەن ياشنايدۇ ئېلىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالى— ئىلىم - پەن، سەنئەت باھارى.

ئىخ، ئانا تىل! سۆيۈملۈك ئانا تىل!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەلەمداشلارغا

## يالقۇنجان ئىسلام

يۇرتىمىزنىڭ ئەي گۈلى رەنالىرى،
يازغۇچى، شائىرلىرى دانالىرى.
مىر غىزارنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇللىرى،
شېئىرىيەتنىڭ تاھىرى، زوھرالىرى.
نەزمىدە سىزلەر بىلەن چاقچاقلىشاي،
تەنتەنە ـ كۈلكە كۈلگە ئورتاقلىشاي.
شان ـ شەرەپنىڭ مۇنبىرىدە دوستلىرىم،
گۈل تاقاي كۆكسۈڭلىگە، قۇچاقلىشاي.
بولسىمۇ مەندە مۇشۇ ئىستەك ئۇلۇق،
تىل خەزىنەم ۋە لېكىن نامرات قۇرۇق.
جىن چىراق قانداقچىگە قىلالىسۇن،
تەردېمنى كۈن بىلەن ئاينىڭ يورۇق.
بۇيرىماس ئەمپكە دەپ يولداشلىرىم،
كەڭ جامائەت، دوستلىرىم، سىرداشلىرىم.
پائىلا تۇن، پائىلا تۇن، پائىلتۇن،
ھە مانا چاقچاقلىرىمنى باشلىدىم.

### قۇربان ئىمىنگە:

باشلىغان بۇ يولغا بىزنى باشتا سىز،
پېشتەدەم سىز ھەممىمىزدىن ياشتا سىز.
بىرلە كىم بىر باغۋەننىڭ خىسلىتى،
شۇنچە لايىق سۆيۈنۈپ داڭلاشتا سىز.

### نۇر مەھەممەت ئېركىگە:

بىردۇئا ئەيلەيكى دوستلار ئېركىگە،
ئېركى نامى شاھ ئىرۇرجان مۈلكىگە.
بولدى مەرھۇم نەزمىسى بىر ھۆرگۈزەل،
رام قىلىپ ئالغان مېنى ئۆز ئىلكىگە.

### سۇزۇك ئەپەندىگە:

پېشقەدەم ئۇستازىمىز بىزنىڭ سۇزۇك،
تونۇمايمەن سىزنى ئەفسۇس مەن تۇزۇك.
زەپ ياراشتى شېئىرىيەت دىلدارىنىڭ،
قولىغا سىز سالغان ئەشۇ ياقۇت ئۈزۈك.

### ئابدىرېھىم توختىغا:

ئەڭ بۈيۈك مەقسەت يولىدا ھارمىغان،
قىلىدۇ تۆھپە ۋەتەنگە ئارمىغان.
سۆزىدۇ ئۇنچە دېڭىزنىڭ تەكتىدىن،
بەلگە ھىممەت كەمىرىنى باغلىغان.

### ھامۇت ماخمۇدىغا:

كەلىمدى پۇرسەتمۇ يۈز كۆرۈشمىدۇق،
قىزىتىپ سۆھبەت ـ پاراڭ كۈلۈشمىدۇق.
بىز ياشايمىز بىر شەھەردە ۋە لېكىن،
نە ئۈچۈن بېرىش ـ كېلىش قىلىشمىدۇق ؟

### مۇھەممەت ئىمىن قۇربانىغا:

ئاقىرىپتۇ قارغا ئوخشاش چاچلىرى،
قاپتۇ يەتمىشكە تاقاپمۇ ياشلىرى.
چۈشىمەلە ئاتتىن ئىجات مەيدانىدا،
مەزمۇت يەنە ئالغا قەدەم تاشلاشلىرى،

## سىيىت زۇنۇنغا:

ئەجرى قىلسا چۆل گۈلۈستان بولغۇسى،
قويسا تاشلاپ باغ گورۇستان بولغۇسى.
ئەل ـ ۋەتەنگە تۆھپە يار ئەتكەنلىنىڭ،
تەرىپى تىللاردا داستان بولغۇسى.

## ئابلا ئەخمەدىگە:

باغلىغان بەل بىر ئۇلۇغ خىزمەتكە سىز،
بولدىڭىز نائىل شەرەپ، ھۆرمەتكە سىز.
ئاددى، ساددى، ئاقكۆڭۈل، قاتتىق تەلەپ.
مەس ئەمەس نامۇ ـ ئاتاق، شۆھرەتكە سىز.

## ئابلىمىت ھاجىغا:

ئۆزلىرى يازغان ھىكايە «تۇتىيا»
مەن ئۈچۈن تەنگە قۇۋۋەت، كۆزگە زىيا.
ئۈمىدىم دىل تەشتىگىدە ياشنىسا،
پىشقۇاشتىن يەنە بىر مېھرى گىياھ

## ھوشۇر ئىبراھىمغا:

كەلدىڭىز دەۋرىمگە ئالقىش ياغدۇرۇپ،
ھۆر زامان ئىشقىنى دىلدا ياندۇرۇپ.
بىلەن "چېلىش تەنتەنىسى" شات كۈلدىڭىز،
شان ـ زەپەر تاجىنى باشقا قوندۇرۇپ.

## ئابدۇسەمەت خېلىلغا:

زەر بۆشۈك سىزگە زەرەپشان بويلىرى.
ھەم زەرەپشان شاۋقۇنىدەك كۈيلىرى.
ياخشى گۈل سولاشسىمۇ ئۆزى لېكىن،
چىمەندىن كەتمەس ئۇنىڭ خۇشبۇيلىرى.

## مەمتىلى زۇنۇنغا:

چولتىلىقنى چاندۇرۇپ قويدى قەلەم،
ئۇستىكارنىڭ ئالدىدا، دىلدا ئەلەم.
ئۆرتىدى ئاھ! مەن غېرىبچان جىسمىنى،
شېئىرىڭىز، دىرامىڭىز بوپ شاھ سەنەم.

## مىرزاھىت كېرىمگە

شېئىرىڭىزنىڭ خېلى ۋەزنى، جېنى بار،
يوق ھىساپتا سامىنى، توق دېنى بار.
دىلىڭىزدا ئەل ـ ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى،
خەلقىڭىزنىڭ شاتلىقى بار، غېمى بار.

## ھاجى ئەخمەتكە:

نامىڭىزنى بىرلە ھۆرمەت ياد ئېتەي.
نەزمىڭىزدىن دىلنى خەندان شاد ئېتەي.
شېئىرىڭىز بولسا كۈچارنىڭ شىردىنى،
ئىشقىدا ئۆزۈمنى مەن پەرھاد ئېتەي.

## ئابلىمىت سابىرغا:

ئوقۇدۇم «بىخ» نى سۆيۈپ مەن زوقلىنىپ،
مەنىمۇ بىخ ياردىم قەلەمدە روھلىنىپ.
بىخىڭىزدىن سۇرۇپ ئاتسا چېچەك،
ئىشقىدا سايرايمەن خەندان ئۇرۇپ.

## ئابلىز ئۆمەرگە:

قالدى پارلاپ ئۆمرىڭىزنىڭ ئىزلىرى،
ئىزىڭىزغا تەلپۈنەر ئەل كۆزلىرى.
كۆككە باقسام ھېچ كۆرۈنمەي قالدىغۇ،
يىللاپ نىچۈك ئىجادىڭىز يۇلتۇزلىرى؟

## ئابدۇرېھىم ئىسمايىلغا:

ئوقۇغانچە شېئىرىڭىزنى ھەر قېتىم.
ئاشىدۇ سىزگە ئەقىدە، ھۆرمىتىم.
نەزمىڭىز بولدى تارازا مەن ئۈچۈن،
ئۆلچىنەر ئۇنىڭدا قەدرى ـ قىممىتىم.

## ئەسقەر ھۆسەيىنگە:

راستىن ئېيتسام شېئىرنى سىز ئاز يازدىڭىز،
ۋە لېكىن يازغاندىمۇ ساز يازدىڭىز.
بەزى شائىر تەرسە تاش قاپ تولدۇرۇپ.
سىز ئەجەر بىرلەنكى گۆھەر قازدىڭىز.

## ئۇچقۇنجان ئۆمەرگە

ئىش بىلەن مەشغۇل مۇھەررىر كۈن ـ تۈنى،
ئۇلغىيار بارغانچە ئۇچقۇن يالقۇنى.
"چەشمىلەر» دىن يايرىدى دىل، بولسىدى،
شېئىرىڭىزدا ئەندى دەريا شاۋقۇنى.

## سەمەت دوگايلىغا:

تەگمىدى تېخى قولۇمغا «غۇنچىمەن»
بولغا قاراپ بولدۇم بىتاقەت شۇنچە مەن.
يەتكىچە «نۇرلۇق قەلبلەر» ۋەسلىگە،
ئولتۇرارمەن تەلمۈرۈپكىم قانچە مەن.

## جېلىلىغا:

ئەل ـ ۋەتەننى سىز گۈزەل يار ئەتتىڭىز،
ئىشقىڭىزنى شېئىردا ئىزھار ئەتتىڭىز.
نەزمىڭىز بوپكى خوتەننىڭ قاش تېشى،
شېئىرىيەت قەسرىنى رەڭدار ئەتتىڭىز.

## مەھەممەتىسىدىق تۆمۈرىگە

سالسام نەزەر لىرىكىڭىزنىڭ تۈرقىغا.
قانمىدى كۆڭلۈم ئۇنىڭ ناز ـ خۇلقىغا.
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن شۇ ھۆر بۇگۈن،
قايسى پىنھان باغدا كەتتى ئۇيقىغا؟

## تۇرسۇن نىيازغا:

پەيزىۋاتنىڭ قوغۇنىن داڭلايدۇ ئەل،
سىزگە شۇ قوغۇن كەبى قانمايدۇ ئەل.
شېئىرىڭىزدا تەمى بار ئاق كۆكچىنىڭ،
ھىكايىڭىزنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ئەل.

## نىمىتۇللا ئەبەيدۇللاغا:

نىمىتۇللا سىز تىۋىپ، شائىر يەنە،
باشقا ژانىرلارغىمۇ ماھىر يەنە.
خۇشپۇراق تارقاتقۇچى بارى سابا،
بىلمىدىم نە كويدا سىز ھازىر يەنە؟

## ۋاھىتجان غوپۇرغا:

مەن ئىدىم سىزدىن بۇرۇن چىققان قولاق،
بولدىڭىز مۆڭگۈز ئېشىپ مەندىن بىراق.
يوق ھەسەت كۆڭلۈمدە ۋاھىتجان پەقەت،
ئالغا بېسىڭ سىزگە ياقاي يېشىل چىراق.

## ئابلىكىم روزىغا:

نەۋ باھارنىڭ قالغىچىنى سايرىتىپ،
كەلدىڭىز ياش غۇنچىلارنى يايرىتىپ.
قۇچتى ئالقىش «ئىمىزگە» گىز شۇ بەزمىدە،
پەرۋىش ئىتىڭ ئىلھام گۈلىنى ئايىنىتىپ.

## تاھىر تالىپقا:

نەزمىڭىزدىن سۆيۈنەر بەكمۇ دىلىم،
نامىڭىزنىڭ زىكرىسىگە بەنت تىلىم.
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان باغچىدا،
ئەتتىڭىز سىز ھالۋا ـ تاتلىق بىر ئىلىم.

## دىلبەر قېيىۋمغا:

شېئىرىڭىز ئۈز كۆرسىنەر ئەل كۆزىگە،
ئەيلىگەن مەپتۇن كۆڭۈلنى ئۆزىگە.
تىرىشىپ ئالغا بېسىڭ يىللارسىرى،
خال چېكىپ سەنئەت قىزىنىڭ يۈزىگە.

## ماھىگۈل پەخىرىدىنگە:

سىز مەشقىنى خېلى بالدۇر باشلىغان،
ئارىلىقتا ئۇنى ئازراق تاشلىغان.
ئەندى سۇلدۇرماڭ، ئۈمىدىم ماھىگۈل،
شۇ چېچەكنى مىڭ چاپادا ياشنىغان.

## نۇر روزىغا:

توققۇزاقتا بىر ئەدىپ باردۇر يەنە،
ئاڭا ھۆرمەت ئېھتىرام ياردۇر يەنە.
ياقتى "مۆمىن» كۆڭلىگە ئەلنىڭ ئەجەپ
سىزگە نۇر روزى خەلق رازىدۇر يەنە.

# رۇبائىلار

## تۇرسۇن نىياز

ھاياتتا پەرۋانە، نۇرغا ئاشىقمەن،
مەجنۇندەك سۆيگۈگە مەڭگۈ سادىقمەن.
تۇغۇلۇپ تولغاق يەپ گەرچە ئۆز ئانام،
ئاخىرقى ھىساپتا ئەلگە تالىقمەن.

ئالتۇندىن بىباھا — بىرلىك دىگەن سۆز،
"مەن-مەن" دىن ئەتىۋا ئۆملۈك دىگەن سۆز.
ئۆملۈكتىن، بىرلىكتىن گۈللەيدۇ ھايات،
ھەممىگە كاپالەت — تەڭلىك دىگەن سۆز.

كۈن ئۆتەر، ئاي ئۆتەر، يىللارمۇ ئۆتەر،
ھەر يىلدا ئۆمرۈڭنىڭ بىر گۈلى كېتەر.
گۈل تۇزۇپ بەرگىدىن تاشلىسا ياپراق،
شېخىدا سايرىغان بۇلبۇلمۇ كېتەر.

"ۋىللىدە"، ئوت ئېلىپ ياندى جىن چىراق،
نۇرىدىن ئۆي يورۇپ قاچتى تۈن يىراق.
"چىراققۇ ئەل ئۈچۈن نۇر بەردى، مەنچۇ؟"
ھېمىشە كاللامدىن كەتمەس شۇ سوراق.

چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتىڭ ياشلىقىم،
ۋەسلىڭدىن مەي ئىچتى قەلەم قاشلىقىم.
قېرىلىق يەتكەندە كۆرۈنمەيسەن ھېچ،
ئەمدى سەن نەلىدە "ئارزۇ" ئاتلىقىم؟

ئەل ۋەتەن شاتلىقى - مېنىڭ شاتلىقىم،
ئۆتتى شۇ ئارزۇدا گۈلدەك ياشلىقىم.
"سەن- مېنىڭ، مەن - سېنىڭ"، دىمىگىن زىنھار،
چۈنكى مەن ئەل ئوغلى، سۇمبۇل چاچلىقىم.

بەختىم شۇ: ئەجرىمدىن كەپتۇ ئامىتىم،
دىمەيمەن: يوق ئەمدى ياتقا ھاجىتىم.
دوستلارغا ئىگىلگەن بويىنۇم مەجنۇنتال،
دۈشمەنگە قارىغايدۇر قەددى - قامىتىم.

ھۆرمىتىڭ ئاشتى راست، ئۆسكەندىن كېيىن،
ئەل ھوقۇق - كۈچۈڭنى كۆرگەندىن كېيىن.
"رازىدۇر ئىشىمدىن خەلقىم قانچىلىك؟"
سور ئۇنى مەنسەپتىن چۈشكەندىن كېيىن،

ئۆملۈكسىز، بىرلىكسىز مەنىسىز ھايات،
بۇ سىرلىق پەن ئەمەس ئاددى بىر ساۋات.
شۇ ساۋات ئىلكىدە تەبىئەتمۇ ھەم،
قۇشلارغا ئۈچۈشقا بەرگەن جۈپ قانات.

قەپەزدىن شاتۇتى سورىدى سوئال:
— سەن مېنى نىمانچە قىلمىسەن قامال؟
— سەن ئۆزۈڭ كىرگەنىڭ ئىختىيار قىلىپ، —
دىدى ئۇ، — مەندە بار ئەمدى نە ئامال؟

تاغ غۇلاپ، سوقۇشسا، ئەگەر ئىككى تاش،
كۆزۈڭدىن بىھۇدە تۆكمە ئىسسىق ياش.
چۈنكى تاش بەستىدە بولسا ھىسسىيات،
جىراغا چۈشۈپلا بولمايتتى "ئاداش".

دىدى تال: ئېيتقىنچۇ، دوستۇم ئى ياڭاق،
نەخىسلەت بار سەندە، ياشايسەن ئۇزاق؟
دىدى ئۇ جاۋابەن خوشىنىسى تالغا:
خىسلىتىم شۇكى مەن تامادىن يىراق.

بېخىلدىن پۇل سورىماي، سورىغىن جېنىنى،
ئۇ تۇتقۇزماس ئۇ ساڭا بىر تال قىلىنى.
بىر يۇتۇم سۇ چىقسا ئەگەر ئۆيىدىن،
ئۇ يالاپ يۈرمەيتتى تاۋاق تېشىنى.

بەختىم شۇ: ئۆمرۈمدە ۋىژدان ساتمىدىم،
يالغاندىن كۆز بوياپ شۆھرەت تاپمىدىم.
تېز پۈكسەم پۈكتۈمكى خەلقىم ئالدىدا،
دۈشمەنگە يالۋۇرۇپ جاننى باقمىدىم.

بىر پىتنە تارالسا، كىشى ئاغزىدىن،
تەڭ چىقار يىلانمۇ ئۇنىڭ باغرىدىن.
يىلانغا ھەمتاۋاق بولغاچقا چايان،
ماسلىشار ئۇنىڭغا چىقىپ دالدىدىن.

ھەر پەسلى باھاردا ياشنار گۈل - گىيا،
ياپ - يېشىل تون كىيەر پۈتكۈل تاغ - دالا.
گۈل ئۆسمەس بولمىسا سۇ، ھاۋا، تۇپراق،
ئەجرىسىز تۇپراقمۇ بولماس تۇتىيا.

باھارسىز ھېچ يەردە باغۇ - چىمەن يوق،
چىمەنسىز دەشتىنى سۆيگەن لىۋەن يوق.
كۆكتىمكى نۇرانە ئايدىمۇ داغ بار،
ئېيىپسىز، نۇقسانسىز بىرمۇ چېچەن يوق.

باھاردا باغلارغا تولغان گۈل - چېچەك،
بېرىدۇ ئەتىكى مىۋىدىن دېرەك،
چېچەكسىز مىۋە يوق، غايىسىز ئىنسان،
غايىگە يول ئاچار دىلدىكى تىلەك.

دېدىكىم: تەخسىكەش قۇۋدۇر تۈلكىدىن،
قورقماس ئۇ، يا ئۇيات ياكى كۈلكىدىن.
مەن دەيمەن: ئۇنىڭمۇ تەقدىرى ئوخشاش،
ئىلىنار تۈلكىدەك بىر كۈن بۆرىدىن.

مېنىڭمۇ سېنىڭدەك بىغەم يۈرگۈم بار،
تويغىچە يەپ - ئىچىپ، ئويناپ كۈلگۈم بار.
بىراق، ئەل بەختىدىن ئۆزگە بەختىم يوق،
شۇ سەۋەپ، ئەل ئۈچۈن ئىشلەپ ئۆلگۈم بار.

ھېرىشتىن - چارچاشتىن قىلچە زارىم يوق،
كۆڭلۈمدە باشقىچە مۇددىئايىم يوق.
ئارزۇيۇم بىر ئۆمۈر ئەل ئۈچۈن ئىشلەش،
بۇ مەقسەت - ئارزۇسىز تەندە جانىم يوق.

بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆزىنى يۇمغىنى،
كۆكتىن بىر يۇلتۇزنىڭ ئېقىپ چۈشكىنى.
بىر نادان، زالىمنىڭ گۆرگە كىرگىنى،
بېشىڭدىن ئاپەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى.

ئەلنىڭ چىن سالىمى — ئىززەت-ھۆرمىتىڭ،
بۇ سېنىڭ ئىنسانلىق قەدرى - قىممىتىڭ.
تېگىشسەڭ سەن ئۇنى پۇل بىلەن مالغا،
توزىيدۇ توزغاقتەك قۇرغان جەننىتىڭ.

ئېغىزدا ئات چېپىپ، شە ئالماق ئاسان،
چۈنكى تىل ئۈستىدە يوق دەريا - داۋان.
ئۆتەلمەس ئېرىقتىن ئاتلاپ يۈرەكلىك،
بەزىدە شۇ پونى ئاتقان "قەھرىمان".

"پۇۋ" دىسەڭ ئۇچقىلى توزغاق ئەمەسمەن،
ۋە ياكى ھاماقەت، ئەخمەق ئەمەسمەن.
قەرزىم بار، ئەجرىم بار خەلقىم ئالدىدا،
تۆھپىسىز كەتكىلى قامغاق ئەمەسمەن.

نام-ئاتاق، شۆھرەتتىن كەچتىم بولدى (بەس!)
ئۇ ۋىژدان، خىسلەتنى قىلار ئىكەن مەس.
مەس يۈرۈپ ئەل - يۇرتتىن قارغىش ئالغىچە،
مەيلى مەن يەردىكى بولاي ئاددى خەس.

ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس،
بىلسىمۇ نوقسانىدىن باشقىنى كۆرمەس.
ئۇنداقلار ئوخشايدۇ ھىسسىز بىر گۈلگە،
شېخىدا ئايىنىغان تىكەننى سەزمەس.

دوستلۇقنىڭ مەقسىدى — ئەمەس نەپ ئېلىش،
ياكى نەپ تەگمىسە، غاجاپ گەپ تېپىش.
شۇنداقمۇ دوستلاردىن باركى دۇنيادا،
ئۇلارغا كەسپتۇر ئالداپ يەپ - ئىچىش.

بۈگۈندىن ۋاز كەچسەڭ ئەتىنى ئويلاپ،
" ئەتە » مۇ " ئۈگۈن » نى كېلىدۇ باشلاپ،
چېكى يوق ئالەمدە " بۈگۈن»،" ئەتە » نىڭ،
ۋە لېكىن ئۇ سېنى قېرىتار كوللاپ.

چايانىنىڭ چېقىشى ھەركىمگە ئايان،
كۆرۈنمەس ئۇ شۇڭا ئادەمگە ئاسان.
چايانىنىڭ خۇي - پەيلى دەيلى بىز بىراق،
ئىنساننىڭ ئىنساننى چاققىنى يامان.

يانتاققا يامىشىپ ئۆسكەن چىڭگىلەك،
ماختاندى: كۆر دوستۇم! مەن قانداق زىرەك؟
يانتاقمۇ سۆز قاتتى ئاڭا يولىدا:
"مەنمۇ خوش، زىرەككە بولغاچ يان تىرەك»

رەنجىدى بىر كۆنى مۆڭگۈزدىن قۇلاق:
— ئۆسۈپسەن قېشىمدا تاپتىڭ چوڭ چاتاق.
— قاخشىما جان دوستۇم،— دىدى مۆڭگۈز ھەم،
— سەنمۇ گاس بولمىساڭ يەمەيتىم تاياق.

گۈل دىدى قوياشقا: مىڭ رەخمەت ساڭا،
نۇرۇڭدىن ئەڭ گۈزەل رەڭ بەردىڭ ماڭا.
ئېيتتىكى قوياشمۇ: ئۇنتۇما ئى گۈل،
ساڭا جان، قان بەرگەن تۇپراقنى يانا.

بىلمەمەن ئۆزۈڭنى گۆھەر چاغلىدىڭ،
شۇ سەۋەپ تاشقا ھەم نەزەر سالمىدىڭ
تاش تەگسە گۆھەرنىڭ سۇنمىغى نىمە،
سەن نىچۈن بۇ ئىشتىن ساۋاق ئالمىدىڭ؟

ياشىدىم، ياشايمەن يەنە ئۆلگىچە،
جىسمىمنى ئەۋلاتلار يەرگە كۆمگىچە.
رازىمەن ئەل ئۈچۈن كەلگەن ئەجەلگە،
"مەن» ئۈچۈن چوت سوقۇپ تىرىك يۈرگىچە.

ئەل قەلبى - رايىدىن گۆھەر سۆزگىنىڭ،
شائىرلىق بابىدا كامال تاپقىنىڭ.
سۆز بىلەن ھەركىمنىڭ بولمىسا ئوخشاش،
گۆھەرنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چاققىنىڭ.

بۇلبۇلغا سايراشقا چىمەنلىك كېرەك،
ئىنسانغا ياشاشقا ئەركىنلىك كېرەك.
ئەركىنلىك ئۆزىچە كەلمەيدۇ كۈلۈپ،
بۇ يولدا تاغدەك زور تەمكىنلىك كېرەك.

كۆردۈم كۆپ"مەن-مەن»دەپ ياشاپ يۈرگەننى،
ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئەلا بىلگەننى.
كۆرمىدىم قەن بەرسە، ئۇنى ئاچچىق دەپ،
تۇز بەرسە، شاتلىنىپ تاتلىق دىگەننى.

بىر قاراپ كۈلكەڭدىن بەختىڭنى كۆردۈم،
دوستلارغا ئاتەشتەك قەلبىڭنى كۆردۈم.
كۈلكىمۇ ھېمىشە ئەمەسكەن ئوخشاش،
ئۇنىڭدىن بەزىدە ئەسلىڭنى كۆردۈم.

بولدى قوي، سۆزلىمە ئۆلۈپ كەتتى ئۇ،
تەھتىگە تۇپراقنىڭ كىرىپ كەتتى ئۇ،
سەن ئۇنى يامان دەپ تىللىغان بىلەن،
ئەل ئۈچۈن ھەممىنى بىرىپ كەتتى ئۇ.

كېسىلسە بىرتال شاخ دەرەخ غولىدىن،
كۆكلەيدۇ بىرگە ئون كەسكەن يېرىدىن.
ئېچىلماس ئىنساننىڭ بىرگۈلى بىراق،
توزىسا بىر قېتىم قۇرۇپ شېخىدىن.

بولمىسا باھاردا جۇدۇن يا بوران،
چېچەكنىڭ مېۋىگە كىرمىگى ئاسان،
لېكىن، شۇ نوتىغا يۈك بولساغورا،
شېخىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ھامان.

ھەيرانمەن: «ئال» دېسەم يايراپ كەتتىڭىز،
«كەڭ قوساق، سېخى» دەپ ماختاپ كەتتىڭىز
ئەپسۇسكى، «ئا» بىلەن «ب» تام خوشنىمۇ؟
«بەر»، دېسەم نېمىشكە تىللاپ كەتتىڭىز؟

ئېيتتى كىم: ئوغرىنى دېمىگىن ئىنسان،
ئۇ ئالار پۇلۇڭنى تاپسىلا ئىمكان.
مەن دەيمەن ئەكسىچە: پۇل بېرىپ ساڭا،
كەينىدىن جان ئالغان ھېلىگەر يامان.

تونۇگۇن بىر دوستۇم يۈرگەن كۆرەڭلەپ
ھەممىنى «تەخسىكەش» پالان - پوكۇن، دەپ.
بۈگۈنچۇ، سەپسالسام سەمرىپ كېتەپتۇ،
ئۇمۇ شۇ تەخسىدە «ھالال» تاماق يەپ.

قۇدۇقتا كۆكىراپ ياتقان چاپاقا،
دېگەيمىش: بۇ يۇرتقا ئۆزۈم پادىشا
- كېپىڭ ھەق، پادىشا بولمىساڭ راستىن،
يەمەستىڭ سەن مېنى، - دېگەيمىش پاشا.

توختىماي تىنىمسىز سوقۇدۇ يۈرەك،
توختىسا بىر مىنۇت نەنمۇ بى كېرەك.
جانىمىز تەن نوخشايدۇ قاخشال دەرەخكە،
ئۇنىڭدا ئېچىلغاي نەدە گۈل - چېچەك؟

نەسلىدىن ئادەتتۇر تۆلكىگە قۇۋلۇق،
ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ كەلمىگەي خوۋلۇق.
ئاز دېمە بىزدىمۇ مۇنداق تۆلكىلەر،
قۇترىسا ئىزىدىن ياغىدۇ شۇملۇق.

بوۋاقنى بەزلەشكە ئەپچىل بۆلەنچۈك،
ئەماغا يار - يۆلەك دائىم دېيەنچۈك.
قىسقاچ ئۇ قولتۇققا ئەشۇ تاياقنى،
سۆزلەيدۇ بەزىدە ساقتىن يۈرەكلىك.

تۆھمەتخور تېگىدىن غەيۋەتكە ئامراق،
مەقسىدى: ئۆزىگە يانتاياق تاپماق.
توخۇمدىن تۈك ئىزدەش كۆنگەن ئادىتى،
تاپىدۇ يوق يەردىن بىردەمدە پۇتاق.

ئۇچىدۇ ھەر قاچان چىۋىن گەندىگە،
گەندىمۇ شىپادۇر ئۇنىڭ رەنجىگە
بىزدىمۇ ئۇچرايدۇ چىۋىن مىجەزلەر،
ھەيرانمەن ئۇلارنىڭ رەزىل پەيلىگە.

ئالدىمدىن ئۆتتى كۆپ ئىسسىق- سوغاقلار،
مايسىراپ بەزىدە ئۆچتى چىراقلار.
چىراقسىز تۈن كېچە كېمىگە، نەكېرەك؟
ئويغاتتى غەپلەتتىن ئاچچىق ساۋاقلار.

جاھاندىن بەزىدە كۆلگۈم كېلىدۇ،
ئۇچرىسا بىر خاتا، تۈزگۈم كېلىدۇ.
يە ئامال، ھەممە جىلغ ئوخشاش ئەمەسكەن،
شۇ سەۋەپ ئۈن - تۈنسىز يۈرگۈم كېلىدۇ.

بەزىلەر ئەلگە جان تىكىپ ياشايدۇ،
ھەق ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ ياشايدۇ،
بار يەنە بەزىلەر پاشىغا ئوخشاش،
ئەلنىڭ قان - تەرىنى ئىچىپ ياشايدۇ.

كىم باتۇر، كىم قورقاق سىنار چەك - سەپەر،
چۈنكى ئۇ مەشرەپتەك ئەمەس بىخەتەر.
قورقاققا چىن ئامراق، ھورۇنغا شەيتان،
باتۇرغا يولداشتۇر دائىم شان-زەپەر.

×

"كۈن" دېمەك، بىھۇدە ماختاپ مېنى سىز،
رازىمەن: داغ يۈزلۈك بىر ئاي دېسىڭىز.
"گۈل" دېسەم بىر زامان سىزنىمۇ ماختاپ،
"گۈلدىمۇ تىكەن بار" دېگەن ئۆزىڭىز.

×

تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ياغاچنى قۇرۇت،
ئىنسانىنى دەت يەيدۇ، ئۆتكەننى ئۇنۇت.
ياماندىن ئىبرەت ئال، خاتادىن ساۋاق،
كۆزۈڭدىن ھەسرەتنىڭ يېشىنى قۇرۇت.

چوڭ ئەمەس، مۇڭگە قۇرۇت چۈشكىنى،
خەتەرلىك غولىغا تېشىپ كىرگىنى.
ئاشكارا دۈشمەنىنىڭ ئاتقان ئوقىدىن،
ياماندۇر دوستلارنىڭ كولاپ يۈرگىنى.

×

مېھنەتسىز ئىنسانىنىڭ ھورمىتى بولماس،
ھۆرمەتسىز كىشىنىڭ قىممىتى بولماس.
بىلىم كۈچ، بىلىم نۇر، بىلىم زەر - گۆھەر،
بىلىمسىز ناداننىڭ ھىممىتى بولماس.

×

بىرسى: "سەن گۈل" دېسە، قىلىپ خوشامەت،
ئىشىنەر راستىنلا نادان - ھاماقەت.
ھاماقەت بولمىسا، دېمەسمىدى ئۇ:
"بۇ سۈپەت مەندە يوق، قىلما ھاقارەت"

1983 -، 1984 - يىللار

# ئانا تىيانشان

## يۈسۈپجان ھېيت

ئالدىمدا ئاپپاق قار يېپىنغان چوققا،
ئاسمانغا تاقاشقان مەغرۇر كۆمۈش تاغ.
تىك خادا تاشلاردا ناۋات رەڭ نوكچا،
باغرىدا زەركەشتە باسقان چىمەن باغ.
باغلاردا قاينايدۇ تىرىكچان ھايات،
قىش پەسلى دېمەككى، كېلىپ - كېتەرچاغ.

ئاپپاق قار تاغلارغا مامۇقتىن يەكتەك،
ئۈستىدە ئەگمىگەن بۇلۇتلار رومال.
كۆك مۈزلار ئاستىدا گىيالار سەگەك،
باھاردىن خۇشخەۋەر بېغىشلار شامال.
ئۈستى مۇز، ئاستىدا قىزغىن بىر ئېقىن،
ئويلايمەن، ئاجايىپ قىسمەتقۇ بۇ ھال؟

ئەبەتلىك بەخشەندە ئەمەس ئاڭا مۇز،
ھاڭلاردا بىسى مەزگىل ھۆۋلىغان بوران.
مەغپىرەت ئەتكەندە ئىسسىقنى تومۇز،
مۇزلاردىن يامرايدۇ بوستانغا قىيان.
دەريالار شاۋقۇنلۇق، تېرەندۇر ئېقىن،
نەقەدەر سۆيۈملۈك بۇ ئانا ماكان؟

بوز تاغلار ئارچىزار يېشىل قارىغاي،
ئورمانلار كەشتىدەك كۆركەم، ئۆز سۈرەت.
ھەر قانداق رەسسامغا نېسىپ بولمىغاي،
تەبىئەت تەسەددۇق ئەتكەن بۇ ھالەت.
سوغۇققا بوي بەرمەي، قەددى تىك تۇرار،
دىيارغا بېغىشلاپ ھۆسۈن، سەلتەنەت.

www.uyghurkitap.com



باغاشلاپ سۆيگەندە ئۇنى زەر قوياش،
نەۋباھار ياپىدۇ شاھانە يوپۇق.
رەڭگا ـ رەڭ نۇرلارغا چۆمۈلۈپ قۇم ـ تاش،
تەبىئەت بويىنغا ئاسىدۇ تارتۇق.
بۇ سەۋەپ دۇنياسى ساپ تەردە مول ئاش،
كۆرەرسەن ھالاۋەت ئەجرىگىدىن ئارتۇق.

ئانامدۇر تىيانشان خان ئەۋلادى تاغ،
كارۋان بوۋامدىن تونۇش يول ـ داۋان.
ئارچىزار ئورمانلار ئاتامغا بەلۋاغ،
شىجائەت ئۆتكۈلى چىدامغا نىشان.
زەپەرگە ھۆر ۋىسال ئاچار كەڭ قۇچاق،
يۈكسەك چىن ئىرادە كۆتۈرۈپ ۋۇلقان.

بۇ ئانا بۆشۈكۈم سۆيۈملۈك دىيار،
چوققىلار مىڭگەشكەن تاغلار تىزمىسى.
دۇنيانى مەھلىيا قىلغان دىلخۇمار،
قاتمۇ ـ قات يەر ئاستى بايلىق خەزىنىسى.
تارىختا شۆھرىتى ئالەمگە داڭدار،
مۇقەددەس تىيانشان بۈركۈت ئۇۋىسى.

قەرزدار ئوغلۇڭ مەن ئاناتىيانشان،
ھاياتىم ـ بارلىقىم تەسەددۇق ساڭا.
يەلكەمگە مىڭ پاتمان ئۈمۈت ئارتىلغان،
قەرزىمنى ئاقلاشقا ھەر دەم جان پىدا.
بۈركۈتنىڭ ئوبرازى دىلغا ئىلتىجا،
ھەر چىمدىم ئاق توپاڭ ماڭا تۇتىيا.

>>>>>>>>>~~~~~~>>>>>>>>>

# شېئىرلار

## ئابدۇسەمەت خېلىل

### سىگنال

(ساتىرا)

ئىدارىنىڭ باشلىقى ئەكرەم،
ئاتاپ يازدىم ساڭا بىر قوشاق.
يازغىنىمدىن ئەسلەپ ئۆزەڭنىڭ ـــ
قىلمىشىدىن ئالارسەن ساۋاق!

ئوسكەنىسېرى ئەمەل ـ مەرتىۋەڭ،
گىدىيەپسەن بەكمۇ سەتلىشىپ.
سالام بەرسە ئىلىك ئالمايسەن،
"باشلىقمەن"ـ دەپ ھەددىڭدىن ئېشىپ.

ئىشخاناڭغا ئەيمىنىپ ھېچ كىم،
ئاسانلىقچە باسالماس قەدەم.
ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەندە بىراۋ،
زەربە يەيدۇ سېنىڭدىن شۇ دەم.

"ياخشى"ـ دەيسەن خوشامەتچىنى،
بېرىپ تۇرسا پات ـ پات زىياپەت.
ئۇ يالمايسەن ئاۋامدىن قىلچە،
بولۇپ قالدى بۇ ساڭا ئادەت.

توغرا پىكىر بەرگەن كىشىنى،
ئۆچ كۆرىسەن ئەزەلدىن بىرى.
ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ جەزمەن،
كۆزدىن ئۇنى قوغلايسەن نېرى.

يۇقۇرىغا قىلىپ خوشامەت،
ئىشلىتىسەن تۈۋەنگە بىسىم.
قۇرۇق گەپتە ئالدايسەن خەقنى،
بىلمىنلارنى ئاچسالڭ ھەرقېتىم.

كىشىلەرنى ئايرىپ تۇرىسەن،
قايسى "سېنىڭ" قايسى "بىخىل" ـ دەپ.

قارنىڭ تېخى تويىمدى ئەجەپ،
ئالدانغانىنى ئالداپ شىلىپ يەپ.

قاقتى - سوقتى قىلىش يولىدا،
جۇدەپ كەتتىڭ قاتۇرۇپ باشنى.
"سوغات» ئۈچۈن بەرسە مۇبادا،
قاتتىق دىمەي يەيسەنغۇ تاشنى.

نەپ تەگمەسە ساڭا بىراۋدىن،
"ئەسكە»- دەيسەن ئۇنى شۇھامان.
پەيتى كەلسە چېقىۋالمسەن،
بولۇپ گويا زەھەرلىك چايان.

ھەر بىر ئېيتقان سۆزۈڭدە دائىم،
ئادىللىقنى قىلمسەن دەۋەت.
بولغاچ ئىشىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ياغدى ساڭا ھەر ياندىن لەنەت.

خۇدىڭنى تاپ، كۆزۈڭنى ئاچقىن،
ئەتراپىڭغا ئوبدان نەزەر سال!
يار لىۋىدىن تارتقىن ئېتىكىنى،
بەردىم ساڭا جاراڭلىق سىگنال.

## رۇبائىيلار

ئۆستۈردى مېنى ئاناۋەتىنىم،
ئۇنىڭغا تۇتاشۋۇجۇدۇم -تېنىم.
ئۇنىڭسىز ماڭا يوقتۇر نىجاتلىق،
ئۇنىڭسىز ئاقماس تومۇرداقېنىم.

ئايرىلالمايمەن ئېزىزۋەتەندىن،
جېنىم چىققىچە ھەتتاكى تەندىن.
ئۆلگىنىم ياخشى دۇنيادا، ھىجران-
قايغۇسى بىلەن تىرىك يۈرگەندىن.

پەرھاتتەك مەزمۇت باغلاپ بىلىمنى،
تۆكۈپ بىر ئۆمۈر كۆمۈش تېرىمنى.
تاغلارنى كېسىپ كەۋسەر ئاققۇزۇپ،
گۈلگە پۈركەيمەن ئۆسكەن يېرىمنى.

نىگارىم يوق ۋەتەندىن بۆلەك،
"ۋەتەن!» - دەپلا سوقىدۇ يۈرەك.
گۈلدىن-گۈلگە نىشانسىز ئۇچقان،
ئەمەس ئۆزەم چېپار كېپىنەك.

# شېئىرلار

## ئابدۇللا ياقۇپ

### مەن شاتلىقتا مەھلىيا ئادەم

ئەتلەس كۆينەك كىيىپ كەلدى ياز،
كەڭ ئۇپۇقتا قوياش قىلدى ناز.
قەلبىم شۇدەم چالدى نەغمە - ساز،
مەن شاتلىقتا مەھلىيا ئادەم.

ئوچاق ئاچقاچ يىپ - يېڭى چاغلار،
قاراڭ كۆركەم نەقەدەر باغلار.
دىل قەسرىمدىن يۈيۈلدى داغلار،
مەن شاتلىقتا مەھلىيا ئادەم.

قۇت پەردىسى كۆرسۈتۈپ جامال،
سۇندى ماڭا غۇنچىگۈل - نىھال.
باقسام ئىكەن يۈزى ئاي - ھىلال،
مەن شاتلىقتا مەھلىيا ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەۋر قاتتىق تەندە قانغا ـ قان،
قىنغا سىغماي ياپراپ كەتتى جان.
مەنلا ئەمەس كۆلدى يەر ـ جاھان،
مەن شاتلىققا مەھلىيا ئادەم.

قوياش بولۇپ يانسۇن بۇ ھايات،
ئالەمگە نۇر چاچسۇن بۇ ھايات.
ۋىسالىغا قانسۇن بۇ ھايات،
مەن شاتلىققا مەھلىيا ئادەم.

## ئانا تۇپراققا

ئانا تۇپراق، بىلەمسەن ساڭا،
يۈرۈگۈمنىڭ ئامراقلىقىنى.
ئانا تۇپراق، بىلەمسەن ساڭا،
چىن سۆيگۈمنىڭ قايناقلىقىنى.

مەن ئۆزەمنى گۆھەر دەپساناي،
بولسام ئەگەر سەندە ياتقان تاش.
بولسام سەندە يانغان بىر چىراق،
مەن ئۆزەمنى بىلەي بىر قوياش.

سەن تۇرۇغلۇق جانان نە كېرەك؟
جانان بىلىپ تۇپاقىنى سۆيەي.
گۈلخان بولۇپ يانسا كۆكرۈگۈم،
رازمەنكى شۇ ئوتتا كۆيەي.

كۆزەللىگىڭ قىلسا مەھلىيا،
شۇ چىرايلىق ۋەسلىڭگە باقاي.
دانە ـ دانە مىسرالىرىمنى،
ساڭا ئالتۇن ئۈنچە قىپ تاقاي.

قەھرىتاندا توڭلىساڭ مۇزلاپ،
ئىسسىق قۇچاق ئاچاي مەن ساڭا،
كەلسە كۆكلەم ساداقىتىمنى،
ئۇرۇق قىلىپ چاچاي مەن ساڭا.

قات ـ قېتىمدا قالسۇن يىلتىزىم،
دەرەخ بولۇپ غوللىسام سەندە.
كۆكلەپ چىقاي يەنە بىخ سۈرۈپ،
كۈچ ـ قۇدرىتىڭ ئۇرغۇسۇن مەندە.

خوشاللىق يوق ماڭا ئۆزگە ھېچ،
خوشاللىغىم سەن بىلەن ياشاش.
روھىم مېنىڭ قۇچقاي ئاسايىش،
تىنىق توختاپ قويسام ساڭا باش.

## سەرلەۋھە

دىدى بىرسى: " ياخشى بىرشېئىر—
يېزىشنى سەن قىلغاندا ئارزۇ؛
ئىلھام كېلىپ قەلەمنى ئالساڭ،
ئاڭا قانداق قويىسەن ماۋزۇ؟»

دىدىم ئاڭا: دەۋرىم بەختىيار،
لەۋلىرىمدە ۋىسال تاتلىغى،
بولۇر شۇڭا ياخشى شېئىرىمنىڭ،
سەرلەۋھىسى " ھايات شاتلىغى "

## سەن ۋە ئوغلۇڭ

قېرىساڭمۇ باركەن پەس ھەۋەس،
يۈرەركەنسەن دائىم مەس ـ ئەلەس.
ساقىلىڭنى چىلاپ رومكىغا،
ئەل كۆزىدىن بولماپسەن پەخەس.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىز بېسىپ ئوغلۇڭ،
خۇي ـ پەيلىڭنى يۈرۈپتۇ دوراپ.
ھەر ئاخشىمى "نىمىشقا ئىچتىڭ؟"—
دەيدىكەنسەن ئۇنىڭغا جوراپ.

نىچۈن ئوغلۇڭ بولسۇن ئەيىپكار،
قىلمىشىڭنىڭ يۇقسا قارىسى.
بەزى سەندەك "ئالا ئىمنەكنىڭ
چالا قۇيرۇق بولار بالىسى"

## دەيمەن شۇڭا

تاپان يالاپ ئۆگەنگەن پەسكەش،
قول ئۈزەلمەس ئىكەن تەخسىدىن.
ۋىجدانىنى يوقۇتۇپ ئىتقا —
ئايلىناركەن ئادەم نەسلىدىن.

خۇشامەتنىڭ كەلگەن پايدا — نەپ،
ئوخشايدىكەن سېسىق ئالمىغا،
ئۆلسەم مەيلى تىك تۇرۇپ ئۆلەي،
ئايلانغىچە ئىتقا — لالمىغا.

## سەن ئەگەردە

بوپتۇ شۇنچە ئەل بىزار سەندىن،
ئەلگە ئازار بەرگەنلىكىڭدىن.
ئەلنى قەستلەپ ئەلنىڭ ئىزىدىن،
ئەخلەت — چاۋار تەرگەنلىكىڭدىن.

ئەل ئۈستىدىن قىلىپ شىكايەت،
دەيسەن: „دەيدۇ ئەل مېنى يامان“
نېچۈن يامان دىسۇن ئەل سېنى،
سەن ئەگەردە بولمىساڭ چايان

## پەرزەندىم

ئۇچراشقاندا سورىدى دوستۇم،
دەستلەپ قىلىپ „بالاڭ بارمۇ؟“، دەپ.
لېكىن دوستۇم سوراپ قويمىدى،
„مالۇ — مۈلكىڭ، كالاڭ بارمۇ؟“، دەپ.

بەرگىنىمدە دوستۇمغا جاۋاپ،
پەرزەندىمدىن سۆيۈندۈم چەكسىز.
ئادەم ئۈچۈن ھەممە بايلىقتىن،
پەرزەنت ئەلا تۇرارکەن شەكسىز

پەرزەنت دىگەن ئىكەن تەندە جان،
ھاياتلىقنىڭ ئۆچمەس چىرىغى.
پەرزەندى يوق كىشىنىڭ ئاخىر،
قۇرۇپ تۈگەر ئىكەن ئۇرۇغى،

بولار ئىكەن پەرزەندىم ھاسا،
بارا — بارا مۈكچەيسەم قېرىپ.
كۆزۈم يۇمسام قەۋرەم بېشىغا،
شۇ پەرزەندىم قويار گۈل تېرىپ.

# ئىككى شېئىر

### تەلئەت تۇردى

## بۈگۈن

بىر — بىرىدىن ياخشى كۈنلەر كەڭ قۇچاق ئاچتى بۈگۈن،
رەڭمۇ — رەڭ گۈللەر ئېچىلدى، خۇشپۇراق چاچتى بۈگۈن!

سايرىدى كاككۇك ۋە بۇلبۇللار راسا خەندان ئۇرۇپ،
دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە كۈيلەر تولۇپ تاشتى بۈگۈن.

خۇشخەۋەرلەر ياغدى ئەلگە كۈندە بايرام، كۈندە توي،
بارچە خەلقىم شادىمان گۈلباغدا سايراشتى بۈگۈن.

ھەر كىشىنىڭ سۇ ئىچىپ كۆڭلى باھاردىن قانغىچە،
كۈچ ـ قۇۋۋەت، زېھنى ـ پاراسەت ھەممىلەپ ئاشتى بۈگۈن.

## ئانا يۇرت مېھرى

ئىخ، ئانا يۇرتۇم سېنىڭ يارىڭ بولاي،
جان تىكىپ ئىشقىڭدا جانانىڭ بولاي.
سېنى دەپ چەكسەم جاپا بەختىم مېنىڭ،
ئامرىغىم، مەڭگۈ ۋاپادارىڭ بولاي.
سەن نىمانچە بەك سۆيۈملۈك، مېھرىبان،
قىل قوبۇل، مەنمۇ قەدىردانىڭ بولاي.
كىم شىپا مېھرىڭگە قانسۇن ئۆمرىدە؟
ئەل قاتارى مەنمۇ دىلدارىڭ بولاي.
نى ئىسسىق ئارزۇلىرىم بار سەن ئۈچۈن،
ئۆلمىسەم ئاسماندا چولپانىڭ بولاي.

يەتكۈزۈپ ھەتتاكى ئايدىن خۇشخەۋەر،
ئەركىلەپ باغرىڭدا مېھمانىڭ بولاي.
گۈل بېغىمسەن، نەكېرەك جەننەت ماڭا؟
بۇلبۇلۇڭ ھەمدە غەزەلخانىڭ بولاي.
بارلىغىم تەقدىم ساڭا ئالتۇن دىيار،
جان تىكىپ قوينۇڭدا پالۋانىڭ بولاي.
ئەي ئېزىزانە ماكانىم قەشقىرىم،
تەلمۈرۈپ تۇرغان خېرىدارىڭ بولاي.
جان ئانا، جانىم ئاناگەر خالىساڭ،
ھەر قاچان ئالدىڭدا قۇربانىڭ بولاي.

# رۇبائىلار

## ئىمىن سوپى

تىترىتىپ زېمىننى چاقىسىمۇ چېقىن،
توختايدۇ ئاۋازى بىردەمدىن كېيىن.
بى ھەيۋەت بولسىمۇ بۇلاق كۈيلىرى،
ئۈزۈلمەي ئاڭلىنار ئۆمۈرلىك، لېكىن.

×

ھەر قاچان خەۋپتە يىگانە كۆچەت،
قۇرۇيدۇ قۇم كۆچۈپ باسسا ئۇ پەقەت.
ۋە لېكىن قۇرىماي ياشنايدۇ ئورمان،
يىلتىزى بىر ـ بىرىگە تۇتاشقاچ ئەبەت.

×

ئۆلۈم بەرھەق (ئۆلمەيدىغان كىشى يوق)
نىمە ئارمان، ئۆلسەم ئەگەر ئورۇنلۇق.
ئۆز ئېلىمگە خىزمەت قىلسام ياققىدەك،
ياتار ئىدىم گورۇمدىمۇ كۆڭلۈم توق.

×

يىگەن چېغىم ئەنجۈرنى مەن تويۇنۇپ،
دىدىم: "ئەجەپ ئىسسىل ئىكەن زوقلۇنۇپ"
لېكىن، سۆزۈم ئاخىرلاشماي كۈمۈش شاخ،
"ئەڭ ئىسسىلى تەرىڭ" دىدى ئۈن قوشۇپ.

×

ئامراق ئىدۇق سەبىلىكتە ئىككىمىز،
بىللە ئىزدەپ چىلك چىگىلىگەن رىشتەمىز.
مەن ھەيرانمەن، كىيىپ مەنسەپ تونى سەن،
بولدى گويا ئاسمان ـ زېمىن پەرقىمىز.

مەجنۇن تال سۆز قاتتى قارىغايغا قاراپ:
«نە سەۋەپ ئەلسىنى ياخشى دەرماختاپ»

ئۇ دېدى: «سەۋەپ شۇ: كەلسە جۇت-بوران،
بوي ئېگىپ تۇرمايمەن سەندەك ئىغاڭلاپ»

# ئىككى شېئىر

مۇھەممەت تۇراپ

## پەرۋانىگە خىتاپ

ئولتۇرۇپ يازماقتىدىم ئىلھام كويى،
تۈن كېچە بىر بوپتىكەن سائەت تىلى.
ئاشىغى نۇر ۋەسلىگە پەرۋانىلەر،
ئۇرغاچ چىراققا ئۆزىنى كۆيدى قىلى.
ئارىدىن چىقتى سار اسىم، غۇل - غۇلا،
— ئاھ مۇراتقا يەتمىدۇق، — دىدى بىرى.
چۇچۇدۇم ئاڭلاپ سادانى ئويلۇنۇپ،
نىمە گەپ بىلمەككە ئىشنىڭ تەكتىنى.
قايتىدىن ياقتىم شۇ چاغدا شامنى مەن،
مەقسىدىمنىڭ ئاخىرىغا يەتكىلى.
قارىسام، پەرۋانىدىن بىر نەچچىسى،
خېلى ۋاخ بوپتۇ جاھاندىن كەتكىلى.
ئەشۇ چاغ سورىدى مېنىڭدىن بىرسى سۆز،
— ئەي كىشى، ياتمايسەن ھەركۈن ئاخشىمى.
سەنمۇ بىزدەك ئىشقىۋازمۇ ئېيتقىنا،
ئۇيقىدىن كۈتكىن بۇ تۈننىڭ ۋاقتىنى.
مەن دىدىم: سەندەك بىكاردىن ئۆلگىچە،
بارلىغىم تەقدىم ۋىسالنى تاپقىلى.

## مەھبۇپ بىلەن...

ئويغۇتۇپ بىر چاغ ئايالىم قىلدى دوق،
— ياتسىلا، ئاز قاپتۇ تاڭمۇ ئاتقىلى.
ھەر كۈنى يازغانلىرىنى ئەتىسى،
بولمىسا ياكى بازاردا ساتقىلى.
نىمە ئىش، قىيناپ بۇ جاننى بىلىمچۇ،
قاپتۇ ئاز، كۆزگە جىگىمگە پاتقىلى.
قىلمىدىم تەنبىھگە قىلچە ئېتىۋار،
— ئۇخلىمىشىڭنى ئۇخلا، — دىدىم، — بېتىۋال.
ئۇخلىغانلار پايدا ئالسا سەنلا ئال،
مەخسىدىڭگە ئويقۇ بىلەن يېتىۋال.
قىلدىم شۇ چاغ ئۆز - ئۆزەمگە بىر خىتاپ:
ئىجادىڭدىن قەدىر - قىممەت تېپىۋال.
مۇرادىم شۇ، ئارزۇ-ئۈممىت، مەقسىدىم شۇ،
ئەلگە ئەشيار گۈلزاردىن باغ ياساش.
«شەرق ئوغلى» بىدار-ئويغاق ئىجاتكار مەن،
كېرەك ئەمەس ھېچ سېمىزلىك ۋە ياداش.
ئىلىم-پەننىڭ لەۋھەسىنى چوققىغا،
مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ مەن تىك قاداش.

# ۋىسال ئىشقىدا

ئابدىرىشىت ئىيساق

گۈل ئىشقىدا كۆيگەندەك بۇلبۇل،
كۆيدۇم شۇنچە ۋىسال ئىشقىدا.
بېغۇ بار، چىن ۋىسال سۆيگۈسى،
نۇر چاچقاچقا يۈرەك قېتىدا.

ۋىسال ئىشقى ئۈممەت ئىمىشەنچەم،
بىھا ئادەتنىڭ گۈلى رەناسى.

مەن ۋىسالنى سۆيمىسەم قانداق،
ھاياتىمنىڭ بولسۇن مەناسى؟

شۇڭا دوستلار ۋىسال ئىشقىدا،
يۈرىگىمدە يانىدۇ گۈلخان.
ۋىسالىمغا يەتكۈزەر مېنى،
بۇ قوياشلىق بەختىيار دەۋران،

# داستىخان ئۈستىدە

## تۇراپ ھەسەن

— يەڭلا دەيمەن، زورلىغانىنىڭ زورى بار،
— زورلىماڭلا، بولالمىدىم ئانىسى.
— ئۇن بەش تاغار گۈرۈچ ئالغان ئەزىمەت،
ئالا — ئالماي تويغانلىرى نېمىسى؟

— ھا...ھا...ھا... شۇمۇ گەپمۇ قەدىناس،
گالدىن تاماق ئۆتمەيدىكەن كۆز تويسا.
سەن كۆپرەك يە، سىزنىكىلەرنىڭ بېسىلسۇن،
يىگىت دىگەن ھېچگەپ ئەمەس، قىز تويسا...

بۇ چاقچاقتىن نۇرخان مۇزدەك تاتاردى،
كونا ئاغرىق قايتا قوزغاپ يۈرەكنى.
ئۆتكەن كۈنىنىڭ قارا تۇتەك پەردىسى،
توستى بىردىن كۆز ئالدىنى، پەلەكنى......

يەتمىشىنچى يىلى، تۇنجى بالىدا،
سىزنىڭ بولغان ئىدى گۈرۈچ ئېشىغا.
ئۆيدىن تۇگۈل بازاردىمۇ تېپىلماي،
باردى ئاخىر سېكرىتارنىڭ قېشىغا.

"گۈرۈچ يوقتى!— باشنى قاشلاپ سېكرىتار،—
جۇرۇك،— دىدى، — ئامبارچىنى تاپىلى"
ئامبار قۇرۇق، گۈرۈچ (شال) دىن ئەسەر يوق،
سېكرىتارنىڭ تىترەپ كەتتى ساقىلى:

"چوڭ ئامباربۇ، تېگىنى تىز سۈپۈرۈڭ،
ئەجەپ ئەمەس چىقسا ئاز— پاز شال" دىدى.
چىقتى تەستە توپا ئارىلاش تۆت جىڭ شال،
"ھالىمىز شۇ، ئاز بولسىمۇ ئال" دىدى.

ھاۋانچىدا سوقۇپ، ئاقلاپ، ئاخشەمى،
ئەتتى نۇرخان قاملاشتۇرۇپ پولۇجان.

كىلىش بىلەن گۆش، بېھىنىڭ خوش ھىدى،
يىغدى قولنى داستىخاندىن غوپۇرجان.

— يەڭلا دەيمەن!
— ياق، ياق خوتۇن، ساقلاپ يە،
سەن يىسەڭمۇ مەن يىگەندەك، سىزىكسەن.
شەخسى تۇگۈل ئوپچىدىمۇ گۈرۈچ يوق،
ماڭا باقماي ئېلىۋەرگىن، ئۆزۈكسەن.

يىغلىۋەتتى نۇرخان بوزلاپ بۇلۇتتەك،
غوپۇرجانىنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ.
گالدىن قانداق تاماق ئۆتسۇن ئۇ چاغدا،
تۇرسا باغرى يوقسۇزلۇقتىن ئېزىلىپ.

شۇ تەقلىتتە تۇغدى نۇرخان بىر ئوغۇل،
بىر قولى كەم، دىدى كۆپلەر: كۆزەيگەن.
تاشنى قاتتىق دەيدۇ، لېكىن تاشتىنمۇ،
يوقسۇزچىلىق دەردى قۇمدەك ئېزەركەن...
......................................................

ئايالىغا قاراپ كۈلدى غوپۇرجان:
"خوتۇن، مۇنچە تاۋى نازۇك بولماڭلا.
چاقچاق قىلدىم، ھازىر جاھان ئۆزگەردى،
يىغلايدىغان ۋاقتىمۇ بۇ، ئويلاڭلار.

يۈرگۈزۈلۈپ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى،
ئالدىنقى يىل سېلىۋالدۇق يېڭى ئۆي.
بۇلتۇر ساتقان ئون مو كېۋەز پۇلىغا،
ئالدۇق ئات، ئۆي، ئېشەك ھارۋا، يەتتە قوي.

بۇ يىل سورتلۇق ئون مو تاڭسەن—بۇغدايدىن،
ئالدۇق راۋۇرۇس ئون ئۈچ مىڭ جىڭ مەھسۇلات.

ئون مىڭ جىگىنى سىتىپ بېرىپ دۆلەتكە،
ئۈچ مىڭ سوم پۇل كىرىم قىلدۇق شات-خۇشات.

شال تەركەنتۇق يەنە ئىگىز ئورنىغا،
ئون بەش تاغار كۈرۈچ بولدى قاراڭلار.
مۇنداق چاغدا خوشال بولماي ياش تۆكسەڭ،
خەق دىمەمدۇ: نىم بولدى بۇ ساراڭلار ؟!»

—يىغلىمىدىم، ئەمما چولاق تۇنجىمىز....
—ھېچقىسى يوق، ھەممىسى ساق، مەكتەپتە.
شوخ، تىرىشچان، ئۇچتە ياخشى، غەم يىمە،
باللارنى گۈزەل ئىستىبال كۈتمەكتە...

شۇ ئارىدا كىرىپ كەلدى ئۈچ ئوغۇل،
بىر — بىرىنى قوغلۇشۇشۇپ، تاراقلاپ.
بۇلۇت تارقاپ، ئانا چېھرى ئېچىلدى،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئايدەك چاراقلاپ.

داستىخان سىپ نۇرخان يەنە ئاش تارتتى،
چاي ئورنىغا يىڭى قىتىق كەلتۈرۈپ.
پولۇ... پولۇ... دەپ چۇقۇراپ ئوماقلار،
ئاش يىيىشتى قوۋۇزنى تول-دۇرۇپ.

دادا شۇ چاغ دىدى: «ئويلا ئانىسى،
بولۇپ قالدۇق بىز خېلىلا بايلاردىن.
نەزەر سالسام ئۆركەشلىگەن دەريالار،
قوشۇلاركەن جىرالاردىن، سايلاردىن.

قەد كۆتەردى كوللىكتىپ ھەم شەخسىلەر،
لېكىن بىزدەك بېيىغانلار كۆپ ئەمەس.
كۈن تەس چاغدا تەشكىل قاراپ تۇرمىغان،
ئەمدى بىزلەر قاراپ تۇرساق خوپ ئەمەس.

ئەڭ ياخشىسى ئون بەش تاغار گۈرۈچتىن،
ئون تاغارنى دۆلەتكە تېز ساتايلى.
يەڭگىللىتىپ كوللىكتىپنىڭ يۈكىنى،
ۋەتەن ئۈچۈن ئاز — پاز ھەسسە قاتايلى».

«ساتساق ساتتۇق!-دىدى نۇرخان ئويلۇنۇپ-
ئۆزۈڭكىمۇ يارىشىدۇ كۆز قويسا.
ئۆمۈر قوۋناق، تۇرمۇش ئۆتەر بەختىيار،
بىزگە ئوخشاش مىليون-مىليون كۆز تويسا...»

❀❀❀❀❀❀❀❀❀

# ناخشا تېكستلىرى

### ساتتار توختى

## ئۇستاز مۇھەببىتى

ئانا مەكتەپ گۈزەل گۈلباغ،
ئاشۇ باغ باغۋىنى ئۇستاز.
قانار ئەجرىڭ بىلەن پەندىن،
يۈرەكلەر ئارمىنى ئۇستاز.

بولۇپ شەيدا گۆدەكلەرگە،
تۆكەرسەن تەر كۆچەتلەرگە.
يېتىلدى سەن بىلەن كۈرمىڭ
ئىلىم — پەن پالۋىنى، ئۇستاز.

ياشانساڭمۇ تىمەن شۇنچە،
ئۆزەڭ سولماس چىمەن شۇنچە.
ئۇلۇغلايدۇ سېنى مەڭگۈ
بۈيۈك سەپ كارۋىنى، ئۇستاز.

## ئىشچان يىگىت

يەر ئاچتىلى ئىشچان يىگىت،
قىلدىڭ ماكان چۆل — دەشتىنى.
ئەجرىڭ بىلەن چۆل ھۆسنىگە
باسماقتا كۆركەم كەشتىنى.

باش ئەگدى سوغ ھەمدە تومۇز،
سەندەك ئېتىز ئاشناسىغا.
سۇ باشلىدىڭ ئۆستەڭ چېپىپ،
قاندى زېمىن تەشناسىغا.

قۇمنى چېچەكلەتتى بۈگۈن،
پەرھات سۈپەت چىن ياشلىقىڭ.
خاماندا تاغ بولدى مانا،
ئەجرىڭگە لايىق ئاشلىقىڭ.

ئالدىڭ «يېڭى باي» دەپ ئاتاق،
تۆككەن ھىساپسىز تەر بىلەن.
پەخىرلىنەر ئەل ـ يۇرت ھامان،
سەندەك چېلىشچان ئەر بىلەن.

## تىراكتورچى قىز

كۆكتە گۈزەل تاڭنىڭ قىزى
چولپانمۇ كۈلمەستىن بۇرۇن،
ھەيدەپ تىراكتورنى چىمەن،
ئالدى ئېتىزلاردىن ئورۇن.

مۇنبەت چىلان توپراق ئېتىز،
ئاچتى تىراكتورغا قۇچاق.
جۇر بولدى قىزنىڭ كۈيىگە،
بەس ـ بەستە بۇلبۇللار شۇ چاغ.

ئاچقاندا يۈز گۈلگۈن سەھەر،
تېرىم ئۈچۈن تەقلەندى يەر.
تاڭ شەبنىمىدەك يالتىراپ،
قىز مەڭزىدە چاقنايتتى تەر.

«ھارماڭ» دېسەم تاتلىق كۈلۈپ،
چاپتى ئېتىزغا قىز شۇئان.
قەلبىمدە چەكسىز سۆيگۈدىن
قالدۇردى ئۆچمەس ئىز شۇئان...

# شېئىرلار

**مۇھەممەتئىمىن ئەخمەت**

## يار چىدامدۇ سۆيگۈ ـ پىراققا

ناخشا ئېيتار يىگىت تاڭغىچە،
يار بېغىدىن كەتمەي يىراققا.
يارمۇ چىقماس نېچۈن تاڭغىچە،
يار چىدامدۇ سۆيگۈ ـ پىراققا.

يارمۇ بىلۇر ئىشىق ئوتىنى،
باغ تەرەپكە باقار ئۇخلىماي.
چىقاي دېسە ئىلاجى قانچە،
كۆزىدىن ياشى ئاقار توختىماي.

تاڭ سۈزۈلۈپ، قىچقاردى خوراز،
ناخشا ئۈنى كەتتى يىراققا.
قىز چىدىماي تولغۇنار قىلدەك،
چىن سۆيگۈگە، ئاتەش ـ پىراققا.

ناخشا ئۈنى كەتسە يىراققا،
قىز چىدىماس سۆيگۈ ـ پىراققا.

## شەبنەم

كۆرگىن گۈزەل، ئوماق ئامرىغىم،
ياپراقتىكى گۆھەر تامچىنى.
قىز مەڭزىگە ياراشقان خالدەك،
شەيدا قىلغان بىزدەك قانچىنى؟

مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەيمەن،
سەھەردىكى شەبنەم پاكلىقى.
ماڭا لازىم بىلسەڭ ئەگەردە،
شەبنەم كەبى قەلبىڭ ئاقلىقى.

## چاي بىلەن

تومۇز ئىدى بوغدايزارلىق دېڭىزدا،
ئورما ئورۇپ ئۈزۈپ كەتتىم كاراپتەك.
دېخان قىزى تۇتقىنىدا قايماق چاي،
بىلمىدى ئۇ ماڭا تەلمىك شاراپتەك.

ئىچىۋەتكىم كېلىپ كەتتى شۇ دەمدە،
ئەشۇ قىزنى ئۆزى سۇنغان چاي بىلەن.
"ياشىسامەن، - دېدىم شۇ دەم ئىچىمدە،
كۆزى چولپان، ئەمگەكسۆيەر ئاي بىلەن."

*********

# ئىككى شېئىر

**ناسىرجان مۇھەممەت**

## تەر ۋە دېخان

هارارەت تەپتىدىن جاھان تاۋلىنار،
بەدەنگە ئۇرۇلار ئوتلۇق شۇ ئېقىن.
ئېتىزلار ئارىلاپ ئىشلەيدۇ دېخان،
پەرۋامۇ قىلماستىن ئىسسىققا لېكىن.

ئاچچىق تەر تۆكىدۇ قىلچە ئايىماي،
ئېتىزغا - ھەر بىر تۆپ مايسا تۈۋىگە.
بەدەندىن ساقىغان ئۈنچە - مارجاندىن،
قانىدۇ داۋاملىق زېمىن سۆيىگە.

شۇ تەردىن كۆلىدۇ، مايسا ۋىلىقلاپ،
شۇ تەردىن تاپىدۇ ھەممە تاتلىق تەم.
(ئېتىماس تىلغا ھېچ قوغۇن، تاۋۇز ھەم،
ئاشلىق ۋە مېۋىلەر… شۇ تەر بولسا كەم)

ئىشلەيسەن تەرلەرگە چۆمۈلۈپ، دېخان،
تاپقىنىڭ بارىنى سۇنىسەن ئەلگە.
قىلمايسەن بەرگەنگە مىننەت - شىكايەت،
يىلمىنەي ياشايسەن باشقىغا قىلچە.

بويۇڭدىن ئۆركىلەي دېخىنىم سېنىڭ،
ئۇلۇغلۇق، ھالاللىق ئۆزەڭگە خاستۇر.
زەررىچە تېپىلماس ساقتىلىق سەندىن،
شۇڭلاشقا، كەيگىنىڭ دۇراپ، لىباستۇر.

## پىلەك ۋە خەمەك

قەلبىمدە جۇش ئۇرار ئارزۇ ۋە تىلەك،
ئارزۇيۇم ئاتىدۇ غۇلاچلاپ پىلەك.
ئىشلەيمەن ئەل ئۈچۈن كېچە يۇ - كۈندۈز،
تالمايدۇ مەندىكى ئەمگەكچان بىلەك،

ياشنايدۇ باھاردىن سۇ ئىچىپ يۈرەك،
مېھنىتىم ئاچىدۇ رەڭمۇ - رەڭ چېچەك.
ساپ ھاۋا، كۈچ بەرگەچ دەۋرىم ھەرزامان،
پىلىگىم سالىدۇ ساناقسىز خەمەك.

# ئىككى شېئىر

### ئابلىمىت يۈسۈپ

## ياشلىق شەنىگە

ياشلىق گۈزەل، ياشلىق ئۇلۇغۋار،
ياشلىقىمنى سۆيۈپ ئۆتىمەن.
ياشلىقىمغا چىكىپ گۈل ــ نەقىش،
ئىلىم ــ پەنگە كۆيۈپ ئۆتىمەن.

ياشلىق قىممەت، ياشلىق بىباھا،
ئالتۇن ئاڭا بولالمايدۇ تەڭ،
ياشلىقىمنىڭ گۈزەللىگىدىن،
تاڭ شەپىغى ئالار گۈلگۈن رەڭ،

ياشلىقىمدىن نۇر لۇنۇپ چاقناپ،
گۈزەل ئۆمرۈم تولار مەڭگە،
شۇڭا دوستلار ئوتلۇق ناخشامنى،
بېغىشلىدىم ياشلىق شەنىگە.

## يۈرەك سۆزى

شەرەپ گۈلى تاقاپسەن يارىم،
كۆكرىكىڭگە ئىكسەم كۆزۈمنى.
مېھرىڭ بىلەن سالغىنـا قۇلاق،
ئېيتاي ساڭا يۈرەك سۆزۈمنى.

مەن ئىشلىسەم تەرلەپ تۈمۈزدا،
شامال بولۇپ سەگىتتىڭ مېنى.
ئېچىلغاچقا ئەجرىڭدىن گۈللەر،
بولبۇل بولۇپ سۆيدۈمەن سېنى.

قەلبىم بولسا بىر تىنىق ئاسمان،
سەن پارلىدىڭ ئۇندا ئاي بولۇپ.
بەخش ئەتتى خىسلىتىڭ ھوزۇر،
ئىچكىنىمدە شىرىن چاي بولۇپ.

تەرىپىڭنى ئاڭلىسام ئەلدىن،
ئۇرغۇپ تاشار قەلبىم شاتلىقى.
ئېيت ۋاپادار ئـەي دېخان قىزى،
بارمۇ يارىمنىڭ سەندەك تاتلىقى.

# بىلمەس ھەرگىز

### ئايتۇرا سادىر

كۈچ ــ قۇۋۋەت تاپتى كۆپ، ئېقىل ئىدىرىكىم،
ئەجداتلار ئىزىدىن، ھېكمەتلىرىدىن.
بىلىمنەمدۇ، ئېيتقىنا، راستىنلا شۇنداق:
"زىرائەت كۆكىدىن، ئادەم سۆزىدىن".

ئەزەلدىن ئىخلاسمەن ئىدىم شۇ سۆزگە،
قارايتتىم شۇنداقلا ھەممە شەيئىگە.
تاشلىسام مەن نەزەر ھايات ئىلكىگە،
ئوخشىماس ئىكەن ئۇ، بىراق تەمسىلگە.

مەن مۇشۇ نۇقتىدىن چۆكتۈم خىيالغا،
ئۆتۈشتى ئالدىمدىن نەچچە ئون يىللار.
قۇرۇتقان بەزىدە گۈل ــ چېچەكلەرنى،
نەچچە رەت باھاردا جۇدۇن ــ چاپقۇنلار.

شۇ ساۋاق تۇپەيلى زىرائەت ئۈچۈن،
«ھىساپ» مۇقىملايمەن كۆكنى ھوسۇلغا.
ھەم خوشال بولمايمەن تۆككەن تەر ئۈچۈن،
ئۇ بەرگەن مىۋىنى ئالماستىن قولغا.

ئادەمگە توختۇلاي ئەندى مەن كېلىپ،
سوزلەيدۇ بەزىلەر ھەققانىيەتتىن.
چىن ۋىژدان غورۇرى چۈشمەس تىلىدىن،
ۋە يەنە ئىنسانى ئېسىل خىسلەتتىن.

ئەپسۇسكى، تۇرمۇشتا باردۇر بەزىلەر،
ئۇنۇتار «باياتىن» قىلغان سۆزىنى.
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىماس پەقەت،
ئادالەت ئالدىدا يۇمۇپ كۆزىنى.

ئۇ، جاھانسازلىقنىڭ دەستۇرلىرىدىن،
ۋاراقلاپ ھېمىشە ئىزلەيدۇ ئېقىل.
يالغاننى ئۆزىگە قىلغاچ «ئەگكۈشتەر»،
ساپ ۋىژدان ئالدىدا بولمايدۇ خىجىل،

سەپ ـ سېلىپ قارىساڭ تازا چوڭقۇرلاپ،
كۆرۈنمەس ھېلىقى «غورۇر» لىق كىشى.
تۇرغىنى ئالدىڭدا بولىدۇ رۇشەن،
ساختىپەز ھەم سۆزمەن بىر مەددا كىشى.

ئەسلىسەك ھاياتنىڭ خاتىرىلىرىنى،
تاپىمىز ئەقىلنى شۇنداق ساۋاقتىن.
مەن يەنە ئەيتىمەن: بىلىنمەس ھەرگىز،
«زىرائەت كۆكىدىن، ئادەم سۆزىدىن».

(بېشى 119 ـ بەتتە)

چۇقماپتۇ. نەپسىنى رۇسلىۋېلىپ راسا دىمىنى ئاپتۇ ـ دە، يەنە سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلار بۇ باتۇر قۇشنىڭ غەيرىتىگە بارىكاللا ئوقۇپ، ئۇ شۇڭغىغان سۇغا قاراپ تۇرغىنىدا سۇ ئىچىدىن قىپ قىزىل كۆۋۈكلەرلا ئېتىلىپ چىقىپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلار يىغا ـ زارە قىلىشىپ غۇلغۇلا باشلاپتۇ:

— ئەنە، قىزىل كۆۋۈكلەر چىقىشقا باشلىدى.
— ئۇ بېلىق ئالغۇچىنىڭ قېنى.
— دېڭىز بېلىق ئالغۇچنى يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ.
— ۋاي ئىسىت! ئەندى باتۇر بېلىق ئالغۇچنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق.

قۇشلار ۋە ھايۋانلار ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن دېڭىز ئۈستىدە يەنىمۇ قاتتىق يىغا ـ زارە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندە قارىغىدەك بولسا، باتۇر بېلىق ئالغۇچ سۇغا كىرىپ كەتكەن جايدا قاندىقتۇر قارابىر نەرسە گاھى ـ گاھىدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ، ئاستا سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاتقىدەك ۋە ئۇ بارغانسېرى يېقىن كېلىپ بىردىنلا پۇتلىرى يۇقۇرىغا كۆتىرىلگەن پېتى بېلىق ئالغۇچ سۇ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇنى قۇشلار ۋە ھايۋانلار پۇتلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، تۇرغۇزۇپتۇ. قارىغىدەك بولسا، بېلىق ئالغۇچ ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان، كۆزلىرى قانغا تولغان، تۇمشۇغىنىڭ ئۇچىدا بولسا، دېڭىز تېگىدىن ئېلىنغان بىر چىمدىم لاي ـ توپا تۇرۇپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلار خوشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بېلىق ئالغۇچنىڭ تۇمشۇغىدىكى بىر چىمدىم توپىنى ئېلىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن يوغان ـ يوغان ئاراللارنى ياسىشىپتۇ.

كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن باتۇر بېلىق ئالغۇچنى قۇشلارغا پادىشا قىپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن نېمەتلەر كەڭ تاشا بوپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: دۇردۇن مۇسا.

# ئاجايىپ

(ھېكايە)

ئابلىز تۇرسۇن

ئۇ، خۇدانىڭ مۆمىن، يۇۋاش بەندىسى ئىدى. كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىشنى خالىمايتتى، بىر كىم ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغىچە بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمەيتتى، ھەمىشە ئويچان، جىمغۇر يۈرەتتى. بىراق، دەرسلەرگە كەلگەندە سىنىپ بويىچە ھەممە بالىلارنىڭ ئالدىدا ئىدى، ئويۇن ــ تاماشالار بىلەن خوشى يوق، كۈن بويى سىنىپتىن چىقماي كىتاپ كۆرەتتى، تىرىشىپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنەتتى.

ئۇ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەن بىر يىلدىن بېرى، ئائىلىسىدىن بىر فۇڭ چاغلىق بىر نەرسە كەلگىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھېچقاچان مەيۈس، روھسىز كۆرۈنمەيتتى، پۇل ــ پۇچەك جەھەتتە بوينى قىسىلىپ قالمايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئاتا ــ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىككەندەكلا يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، ئاتا ــ ئانىسىدىن قالغان مىراس ــ مۈلكىنى سېتىپ، ئوقۇشقا كەلگەن ئىكەن. شۇڭا بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلى كۆپ دېيىشەتتى. بىراق ئۇ، تۇرمۇشتا ناھايىتى ئىختىساتچىل ۋە ئاددىي ــ ساددە ئىدى. بىر سېنتىنىمۇ بىرلىسىز خەجلىمەيتتى. ئېغى ھەر يەكشەنبە كۈنى قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەيتتى.

ئۇنىڭ بىر قۇرلا ئاددىي كىيىمى بولۇپ، كەچلىرى يۇيۇپ ئەتىسى كىيىۋالاتتى؛ مەكتەپ ئاشخانىسىدىن بولسا ئەڭ ئەرزان باھادىكى تاماقلارنى يەيتتى… شۇڭا، سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى "گېرانىدى①" دەپ ئاتايتتى. بۇ لەقەم بارا ــ بارا ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى "ئەخەت" نىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، سىڭىشىپلا كەتتى.

بۇ لەقەم ئۇنىڭغا مۇنداق بىر سەۋەپتىن قويۇلۇپ قالغان ئىدى: بىر كۈنى پاكولتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەخەتنىڭ سىنىپىدىكىلەر بۇ شەھەردىن خېلىلا يىراقتىكى بوغدا كۆلىگە ساياھەتكە چىققان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ، شاتلىق، ھاياجاندىن يۈرەكلىرى سويۇنۇپ كەتتى. پاراخوتتا ئولتۇرۇپ، كۆلنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى… چۈش بولغاندا ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، خوشال ــ خورام ھالدا تاماق يېيىشكە كىرىشتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئېلىپ چىققان ھەر خىل نازۇ-نېمەت، سوغۇق ئىچىملىكلەر بىلەن ئوزۇقلانماقتا ئىدى. ئە-

5 مىنۇتلۇق ھېكايىلەر

① بۇ ــ بالزاكنىڭ «يېزىگىنى گىراندى» ناملىق رومانىدىكى پىخسىق باي.

خەت بولسا ئۇلاردىن سەل نېرىدىكى قويۇق ئۆسكەن چىملىقتا ئولتۇرۇپ، مەكتەپ نېنىنى غاجاپ يەۋاتاتتى. ئالدىدا يە بىرەر بوتۇلكا سوغۇق ئىچىملىك ياكى پىچىنە - كەمپۈت يوق ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن بىر قانچە ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئۆز داستىخانلىرىغا چاقىرغان ۋە قىزغىن تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق رەھمەت ئېيتىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يۇقۇرى تەرەپكە — قويۇق قارىغايلىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى...

— ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەممىمىزدىن بېيى شۇ بولمىسا، — رەيھان ئىسىملىك بىر قىز ئەخەتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ دېدى، — پۇلى تۇرۇپ خەجلىمەيدۇ. ۋاي پېخسىق، خۇددى گىرانىدىنىڭ ئۆزىلا - دە ئۇ!

ئادەتتە پۇزۇر ياسىنىپ يۈرىدىغان رەيھان، ئەخەتنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭچە ئەخەت بىلەن سالاملىشىش نومۇس ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئەخەتنى سىتودېنت بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس دەپ قاراپ يىرگىنەتتى. شۇڭا، بۈگۈن كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇنى بىر چۈشۈرۈشنى ئويلاپ، ئاشۇ لەقەمنى قويغان ئىدى...

× ×

ئەخەت بۈگۈن پوچتىخانىدا رەيھان بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. رەيھاننىڭ قولىدا پۇل ئالىدىغان چەك تۇراتتى. ئۇ ئۆيىدىن قانداق پۇل كېلىدىغانلىقىنى ئەخەتكە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياسالمىلىق بىلەن سالام قىلغانىدىن كېيىن، سورىدى:

— ھە، گىرانىدى، بۈگۈن قانداق بولۇپ پوچتىخانىغا كىرىپ قالدىڭىز؟

— ھە، ئانامغا پۇل... — ئەخەت قولىدىكى پۇل سالىدىغان چەكنى كۆرسەتتى.

— نېمە، ئانامغا پۇل سالىمەن دەمسىز؟ قىزىق گەپ بولدى - دە بۇ، ئاتا - ئانىڭىز يوق تۇرسا...

— شۇنداق، — ئەخەت كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، تىترەك ئاۋازدا دېدى، — مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق. بىراق... يەنە بىر ئانام بار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، رەيھان ھەيران قالدى ۋە سورىدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ئانىڭىزغا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، ئايدا دېگىدەك 10 كويدىن ئەۋەتىپ تۇرىمەن. بۇ قېتىم قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغاچقا 20 كوي سالماقچىمەن.

— ھە... مۇنداق دەڭ. خالىسىڭىز ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، بەلكىم سىزنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولار.

ئەخەت ماقۇل بولدى. ئۇ چەككە 20 كوي يېزىپ، ”ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى“ دېگەن كاتەكچىنى بوش قالدۇردى... رەيھان ئۆيىدىن كەلگەن پۇلنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پوچتىخانىدىن چىقتى - دە، ئاستا ماڭغاچ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇندىن 8 يىل ئىلگىرى ئۆز ئانام راك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، دادام ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلدى. ئۇ گەرچە ماڭا ئۆگەي بولسىمۇ، بىراق مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى، ھەرگىز تىللاپ - ئۇرمايتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى يولدىشىدىن 8 ياشلىق قىزى بولۇپ، ئۆگەي ئانام دادام

بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قىزىنى چوڭ ئانىسى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ ئەپ قالغان ئىكەن... كېيىن دادام ئىش ئۈستىدە ئېغىر يارىلاندى، ئۆگەي ئانام دادامدىن خېتىنى ئېلىپ قىزىنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دادام رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتتى... ئۆگەي ئانام گەرچە دادامغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ماڭا بەك كۆيۈنگەن. شۇڭا ئۇنى داۋاملىق ئۆز ئانامدەك ئەسلەپ تۇرىمەن. بىراق، ئۆز ئاتا-ئانامنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن... — ئەخەتنىڭ كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، لىۋىنى چىڭ چىشلىۋالدى.

— ئۇ ئايال ھازىر نەدە؟.. سورىدى رەيھان ئېغىر خۇرسىنىپ. ئەخەت يىراقتىكى قايسى بىر ناھىيىنىڭ نامىنى ئېيتتى. رەيھان ئەجەپلىنىپ ئىتتىك سورىدى:

— ئەجەپ بىزنىڭ ناھىيىدىكىنا!؟ ئىسمى نىمە ئۇنىڭ؟ نىمە ئىش قىلىدۇ؟

ئەخەت پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى:

— ئىسمى گۈلخان، ناھىيىلىك سودا ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ۋېلسىپىتساقلايدۇ.

— نىمە؟ نىمە دىدىڭىز ؟- رەيھان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، تەئەججۇپ ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى،- ۋاي، ئۇ- مېنىڭ ئانامغۇ؟

— ھە؟

# ئەنسىرەش

(ھېكايە)

## ھوشۇر ئىبراھىم

دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا قالدۇرۇلغان ھېلىمنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپكى يىلى ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى سىنىپنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى بىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئاجىز، مەكتەپكە ئېلىپ قېلىنىش سەۋەپلىرىمۇ خىلمۇ-خىل بولغاچقا، قانچە قىلسىمۇ ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇتۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىشى، دەرس ئاڭلاپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشى، كۆڭلىدە مۇجمەللىك ھېس قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشى، بىلمىدىغانلاردىن سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم ئىدى. بىراق، ئەزەلدىن بېسىپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە ئالاھىدە تەمەننا قويۇپ كەلگەن ھېلىم دەرس تەييارلىقى ۋە كەسپىي ئۆگىنىشلەرگە ئەستايىدىل بېرىلىپ كېتەلمىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈچمۇ-ئۈچ بېرىلىۋاتقان پىكىر-تەلەپلەرگە نىسبەتەنمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. پەقەت ئۇ: «يېڭىمياچىلىقتا شۇنداق بولىدۇ، باشتىلارمۇ بۇ خىل دوقالدىن خالى بولالمىغان» دېيىش بىلەن ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى بەزلەيتتى، خالاس.

ئايلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىلىم تەشنالىغىدا يۈرىگى چاك بولغان ئوقۇغۇچىلار ھېلىم ئۇستىدىكى پىكىر — تەلەپلىرىنى دەرىجە ئاتلىتىپ، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىغا سۇندى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان رەھبەرلىك بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، ھەقىقەتەن ئىشنىڭ قالاشمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟! كېسەلنى يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھال "ئوقۇتقۇچىلىقنى ئەپلەپ-سەپلەپ قالاشتۇرۇپ كېتەمەنمۇ؟" دەپ يۈرگەن ھېلىمدە تۇساتتىنلا ئەنسىرەش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويدى.

× ×

— ئەپەندى دېگەن شۇنداق بىزەڭ بولامدۇ؟ نىمىشقا ئاشخانىغا كىرىۋالىسىلەر؟ چىقىپ كېتىڭلار!

بۇرۇن ئوتتۇرا بويلۇق كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە بولسا سېمىزلىگىدىن دوغىلاق كۆرۈنەتتى، ياغاق يۈزلىرىگە ھۆپپىدە گۆش تولغان بولۇپ، مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار تاماقخانىسىغا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئالماشقىنىغا بىر يىل بولالماي، مىجەزى باشتىچىلا چۇسلۇشۇپ كەتكەن بۇ كىشى — ھېلىم بولۇپ، بۇلار ئاشخانا بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئالا — ئالمايلا، مۇزغا تاراڭغا ئاتقاندەك گۈكىرەۋاتتى. تېخى ئالدىنقى يىللا ئۆز ئالدىدا كۈچۈكلۈنۈپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي يۈرۈيدىغان ھېلىمنىڭ ئەمدىلىكتە مۇنچىۋالا قوپال گۈكىرىشى تولىمۇ ئەلەم قىلغان پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى ساۋۇت، بىر خىل ھەيرانلىق بىلەن ھېلىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى — دە، باشتىن — ئايىغىغا نەزەر سېلىپ ۋەزنىلىك قىلىپ دېدى:

— تاماقخانا باشقۇرۇشىڭىزنىڭ دېگەندەك ياخشى بولمىغانلىقى ھەققىدە بىرىلگەن ئىنكاسلارنى ئاشپەز ئۇستاملاردىن ئېنىقلاپ ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كىردۇق… قانداق، سىزنىڭچە كىرمەسەك بولاتتىمۇ؟

"مۇڭگى بارنىڭ خۇدىكى بار" دېگەندەك، كۈتۈلمىگەندە قىلىنغان بۇ گەپلەردىن نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ھېلىم، سۇغا چۈشكەن چالمىدەك لاسسىدە بوشۇشۇپ كەتتى.

دىمىسىمۇ ھېلىم تاماقخانا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئالماشقاندىن كېيىن، "يۇقۇرىغا تازىم، تۆۋەنگە بېسىم" قىلىپ، ھال كۈنىمۇ باشتىچىلا ياخشىلىنىپ، ئولتۇرۇپ — قوپۇشىمۇ گەدەن پەيدا قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇ، مەكتەپ مەمۇرى كېڭىشىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەرەپ ۋەكىلى ساۋۇت ئەپەندىنىڭ باياتىنقى سوئالىدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئەنسىرەپ قالدى…

# «خەت» لەر سىرى

(ھېكايە)

مەمتىمىن زىبىبللا

باجۇيجاڭنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن كۆرۈشكە چولىسى تەگمەي، بىر ئايدىن بېرى شىرەسى ئۈستىدە بىر دۆۋە خەتنى توپا بېسىپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزى بۇ خەتلەرگە چۈشۈپ، بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى.

— «بۇ خەتلەرنى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — كاتىپ ئۆزىلا كۆرۈپ، مەزمۇنىنى ماڭا دوكلات قىلسا، ئاندىن بىر تەرەپ قىلغىنىم تۈزۈك.»

كاتىپ، باجۇيجاڭنىڭ يوليورۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەتلەرنى بىر — بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن چوڭراق كونۋېرتلىق خەتنى ئالدى — دە، ئاۋايلاپ ئېچىپ قاراپ، ھەيران قالدى: بىر پارچە ئىش قەغىزىگە يېزىلغان يۆتكىلىش ئىلتىماسى، 10 يۇەنلىكتىن 15 تىزا.

كاتىپ بىر ھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى ۋە قانداق قىلىشنى ئويلىدى. ئۇ يەنە بىر كونۋېرتنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭدا كېلىنىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، باجۇيجاڭغا ئاتاپ توقىغان تۆت مېتىرلىق ئانار گۈللۈك گىلەمنىڭ پۈتكەنلىكى، شۇڭا، جۇيجاڭنىڭ كېلىپ ئېلىپ كېتىشى ياكى ئۆزى ئەكىلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە «يوليورۇق» سورالغان.

كاتىپ شۇ تاپتا باجۇيجاڭنىڭ روھى دۇنياسىنى تولۇق چۈشەندى. ئۇ ئەمدى خەتلەرنى كۆرمەسلىكنى توغرا تاپتى. ھېلىقى ئىككى پارچە خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئەينى بويىچە چاپلاپ، باشقا خەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باجۇيجاڭ چۈشتىن كېيىن كاتىپتىن خەتنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتە قىلدى.

— جۇيجاڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەخسى ناملىرىغا يېزىلغان خەتلەر ئىكەن، — دېدى كاتىپ، — شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئېچىپ كۆرۈپ باقسىلىرى ئىكەن.

— يېرىم كۈندە ئاران مۇشۇ پىلاننى تۈزدىڭىزمۇ؟ بوپتۇ، سىزگىمۇ مەن ھەممىنى تەييارلاپ بېرەي جۇمۇ!

— شەخسى نامغا كەلگەن خەتنى باشقىلارنىڭ ئېچىپ ئوقۇشى قانۇنغا خىلاپ. شۇڭا…

— بولدى، بولدى! قانۇن — پانۇن دېگەنلەردىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار.

باجۇيجاڭ تاماكۇنى ئۇزۇن يۆگەپ، ئاچچىق شوراپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى بىرىنچى خەتنى ئېچىۋىدى، نەق پۇل بىلەن ئىلتىماس؛ ئىككىنچى خەتنى ئالدىراپ ئېچىۋىدى، گىلەم كېپى…

باجۇيجاڭنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىنى تىزلا ئۇنتۇپ، يوغان قورسىقىنى شىرەگە تاقاپ ئولتۇرۇپ، ماۋۇلارنى ئويلىدى: ياسىن خۇمدان ئۆتكەن ھەپتە بۇ چوڭ كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويسا، شۇنچە كۆپ خەتلەرنى قاچان ئوقۇپ بولارمەن دەپ تاشلاپ قويۇپتىمەن، كاتىپ ھېلىمۇ ياخشى بۇنى ئېچىپ سالماپتۇ…

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆدەكتەك ئىغاڭلاپ
مېڭىپ، ئىشخانا ئىشىگىنى «گۈپ» قىلىپ ياپ-
تى - دە، پۇلنى تۆش يانچۇققا موك سالدى.
شۇنداق قىلىپ يېرىم كۈندە دىگىدەك
«خەت»، لەر ئىچىدىكى «نەپ» لىرىنى ئىلغى-
ۋېلىپ، «گەپ» لىرىنى بىر يەرگە جەملە-
دى... ئەتىسى سەھەردە كېرىلىپ - كېكىرىپ،
ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن باجۇيجاڭ، كاتىپقا
خىزمەت تاپىلاشقا باشلىدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا كەلگەن خەتلەر-
نى ئۆز ۋاقتىدا قولۇمغا بېرىدىڭ، بۇ ئامما-
نىڭ هال - ئەھۋالىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىشقا پايدىلىق. ھە، ھېلىقى ياسىن خۇم-
دانىنىڭ بالىسى ئۆتكەندە بىز يۆتكەپ قوي-
غان ئىدارىدىكىلەر بىلەن چىقىشالماپتۇ، ئۇ-
نىڭغا بۈگۈندىن قالدۇرماي، ناھىيىلىك ماشى-
نا ئەتىرىدىگە يۆتكەش خېتى يېزىپ بېرىڭ.
يەنە مۇسا گىلەمچىگە تېلېفون ئارقىلىق، مې-
نىڭ ئالدىمىزدىكى دۈشەنبە كۈنى كەچتە
ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ.
ناسىر شەنجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئوغلىنى قەيەرگە دىسە شۇ يەرگە ئورۇنلاش-
تۇرۇڭ. ماۋۇ خەتلەرنى سىز كۆرۈپ چىقىپ،
ئۇلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈڭ. هازىر كادىر
يۆتكەش توختىتىلدى...

ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كادىرلار ئىدا-
رىسىغا يېڭىدىن ئورۇنلاشقان ياش كاتىپ، ما-
نا ئەمدى جۇيجاڭغا كېلىدىغان «خەت»، لەر-
نىڭ سىرىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدى.

# خىيمىر

( ھېكايە )

## مۇتەللىپ ھەسەن

— ئۆلگىنى بارىدىغىزمۇ ؟

ئەسقەر ئايالىنىڭ خۇددى تۇلۇمدىن
توقماق چىققاندەك بۇ سوئالىدىن ھەيران
بولۇپ سورىدى:

— خوتۇن ، نىمە ئىش بولدى ساڭا ،
نىمىگە بۇنچىلا ئاچچىقلايسەن ؟

— خېمىر ... - ئاتىكەم شۇ سۆزنى ئېيت-
تىپلا ، پاگىمدە يىغلاپ تاشلىدى.

— خېمىر ... ؟ - ئەسقەر بۇ باش - ئا-
يىغى يوق گەپتىن گاڭگىراپلا قالغان ئى-
دى ، - گېپىڭگە ھېچ چۈشىنەلمىدىم ، نىمە
خېمىر ئۇ ؟

— ئانام ئەكبەرجاننى ئەۋەتىپتۇ ، ئۇ-
نىڭ ئېيتىشىچە ، بىزنىڭ ئاۋۇ ئۆيدە ئۆزد-
چە خېمىر پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنى بىرىسى
قەست قىلىپ تاشلاپ قويغانىمىكىن دەپ
ئەنسىرەپ ...

— ھەي ، شۇنىڭدىنمۇ ئەنسىرەپ يىغ-
لىغان بارمۇ ، ئانام ئۆزى يۇغۇرۇپ ئۇن-
تۇپ قالغاندۇ ھەقىچان ؟ !

— دەسلەپ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئى-
دىم . بىراق ، ئانام ھەپتىدىن بېرى تا-
غامنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ كېسىلىگە قاراپ، بۈ-
گۈن چۈشكە يېقىن قايتىپ كەپتۇ . خېمىر
يېڭىلا يۇغۇرۇلغان ئىكەن . ئانام
ئۆيدە تاماق ئەتمىسە ...

— دادام تاماق ئېتىپ يەمەكچى بولۇپ يۇغۇرغان بولغىيمىدى — يا؟

— 80 دىن ھالقىغان ئادەم قانداقمۇ تاماق ئېتەلىسۇن؟ دادام تاماق ئېتىش تۇگۇل، ئوڭلاپمۇ خېمىر يۇغۇرالمايدۇ.

— ......

ئەسقەر «خېمىر تاشلاپ قويۇپ قەست قىلىش» دىگەن گەپنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان، لېكىن بۇ سۆزگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. بۇ گۈنمۇ ئايالىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئىشەنمىدى — يۇ، ئەمما ئايالىنىڭ شۇ تاپتىكى تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن ھالىتىدىن سەل دەرگۇمان بولۇپ قالدى:

— ئاۋۇ ئۆيگە ئۆزىمىز بىر چىقىپ كۆرۈپ باقامدۇق؟

— ماقۇل، كەچ بولسىمۇ بارايلى. — ئاتىكەم يولدىشىنى ئالدىراتتى، — مېڭىڭ، تىزراق ماڭسىڭىزچۇ!؟

ئۇلار يولغا چىققاندا كەچ سائەت ئوندىن ئاشقان ئىدى.

× ×

— ئاداش، ئاش ئېتىپ قويىنامدۇق؟ — ئاسىيە ئۆزىدىن بىر ياش كىچىك نۇربىيەدىن سورىدى.

— نىساخان ئاچام ئۇن بەرەمدۇ؟

— چوڭ ئانام ئۆيدە يوق، ئۇننى ئۆزەم ئېلىۋىرىمەن.

— چوڭ داداڭلا تۇرسا قانداق قىلىمىز؟

— چوڭ دادام بىلەن ئەكبەر ئاكام قوي باققىلى چىقىپ كەتتى.

— ئەمىسە ئەتسەك ئىتەيلى.

ئاسىيە دەسلەپ ئازراق سەي توغرىدى، ئاندىن سىل پىيالە ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ يۇمىلاقلىغاندىن كېيىن، سۇيىيېغى بىلەن ياغلىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغىچە، نۇربىيە ئىشىك ئالدىدا كۆز — قۇلاق بولۇپ قاراپ تۇردى.

ئاسىيە ھويلىدىكى ئوچاقتا ئەمدىلا ئوت ياقاي دەپ تۇراتتى، نۇربىيە «نىساخان ئاچام كەلدى» دىگىنىچە ئىتتىك يۈگۈرۈپ كىردى. ئاسىيە چاققانلىق بىلەن توغرىغان سەينى ئېغىلغا تاشلىدى، ھېلىقى مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى خېمىرنى داس ئاستىغا يوشۇردى. ئاندىن ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك، چوڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى... نىساخان ئاچا بىر ھازاغىچە ئۆي يىغىشتۇردى، ئاندىن ۋاقتىنىڭ چۈشكە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تاماقنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئۇ سەي ئادالاپ، يۇيۇپ، توغراپ بولغاندىن كېيىن، خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن داسنى قولىغا ئالدى — يۇ، ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى. «دادىسى يۇغۇرغانمىدۇ بۇ خېمىرنى؟ ياق، ئۇ ئادەم خېمىر يۇغۇرالمايدۇ. ئەمىسە كىم؟ بىرسى قەست قىلغاندىمۇ يە...» نىساخان ئاچىنىڭ يۈرىكى «قارتىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ، ئاسىيەنى چاپتۇرۇپ، چوڭ دادىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، سورۇشتۇرگەن ئىدى، ئۇمۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بولدى... نىمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان نىساخان ئاچا، ئەندىشە ئىچىدە ئەكبەرجاننى ئانىسىنىڭ قېشىغا يولغا سالدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن سەل خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، لېكىن قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى، ئۇ تەشۋىشلىنىپ خىيال بىلەن ئالدىدىكى ھېلىقى خېمىرغا قاراپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز سىرتتىن بىر كىچىك قىز بالىنىڭ:

— ئاسىيەگۈل! — دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، نىمە دەيسىلە، ئاداش؟

— مەيەرگە چىقمىغىلار ، ئانام شەگە ماڭدى ، بىزنىڭ ئۆيدە ئاش ئىچىپ ئوينايمىز.

نىماخان ئاچا نۇربىيەنىڭ بۇ گەپلىرىگە دەستلەپ ئانچە دىققەت قىلماي كەتمەيدى ، لېكىن كېيىنكى " ئاش ئىچىپ ئوينايمىز " دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا ، كۆڭلىگە بىر ئىش كېلىپ ، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاسىيەنى توختاتتى :

— جېنىم بالام ، راستىڭنى ئېيتقىنا ، ماۋۇ خېمىرنى سەن يۇغۇردىڭمۇ ؟

ئاسىيە بايا چوڭ ئانىسىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن ئىدى ، شۇڭا ، قورقۇپراق :

— ياق، مەن يۇغۇرمىدىم ... — دېدى — يۇ ، ئىشىكتىن يەرگە قارىۋالدى.

نىماخان ئاچا بۇ يىل ئەمدىلا 7 ياشقا كىرگەن نەۋرىسىنىڭ خېمىر يۇغۇرالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ، نۇربىيەنىڭ بايەتتى گېپىنى ئاڭلاپمۇ ئىشەنچىسىزلىك بىلەن شۇنداقلا سوراپ باققان ئىدى . ئاسىيەنىڭ شۇ تاپتىكى روھى ھالىتىدىن گۇمانى كۈچەيگەن نىماخان ئاچا ، يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتىپ ، مۇلايىم ئاھاڭدا دېدى :

— سېنى ھېچنېمە قىلمايمەن بالام ، بۇ خېمىرنى سەن يۇغۇرغان بولساڭ ، ئاشقا قېتىۋەتسەك بولمىدۇ . راستىڭنى ئېيتقىنا ، سەن يۇغۇردىڭمۇ بۇنى ؟

— سېنى ئاخشاملىققا كېلىدۇ دەپ ... ، نۇربىيە بىلەن ئاش ئىچىپ ئوينايمىز دەپ يۇغۇردۇق .

× ×

نىماخان ئاچا ھېكايىسىنى تۈگەتتى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئىندىمەي ئولتۇرۇپ كەتكەن قىزى ئاتىكەمگە قاراپ ، تەبەسسۇم بىلەن دېدى :

— بىزغۇ ياشانغان ، ساۋاتسىز بولغاچقا ، بولمىغۇر خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپتۇق . بىراق سىلەر ياش ، يەنە كېلىپ بىرىڭلار كادىر ، يەنە بىرىڭلار ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ ، بۇنىڭغا ئىشىنىپ بۇ يېردىم كېچىدە پالاقلاپ كەلگىنىڭلارغا ھەيرانىمەن ، بالىلىرىم .

ئەستەر كۆزىنىڭ قىرىدا ئاتىكەمگە قارىغان ئىدى ، ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە يۈزلىرى قىزىرىپ ، بېشى تېخىمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى ...

# مىجەز

(ھېكايە)

## زاھىر ئابدىراخمان

مەن ئورۇنلاشقان ئىدارىدىكى تېخى يېڭىلا تونۇشقان بۇ دوستۇم تولىمۇ خۇشخۇي يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ماڭا بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى يېشىنىڭ مەندىن 3 - 4 ياش چوڭ ئىكەنلىكىگە قارىماي، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر دوستلۇق ھېسسىي ئويغاتقان ئىدى. بىز بوش ۋاقىتلاردا ئاساسەن بىرگە بولاتتۇق. ئۇ بەزى كۈنلىرى كەچتە ئۇدۇل ياتىقىمغا كېلەتتى - دە، كىنو - تىياتىرلارغا بىللە باراتتۇق. ئۇ خېلىلا سۆزمەن بولۇپ، بەزىدە ئۇ قايسى بىر سۆيگۈنىنىڭ ۋاپادارلىقى ۋە گۈزەللىكى ئۈستىدە ماختانسا، بەزىدە قايسى بىر دوستىنىڭ بېخىللىقىدىن رەنجىيتتى...

بولۇپمۇ ئۇ ماڭا ئىدارىمىزنىڭ ئىش تۈزۈمى، ئىش تەقسىماتى، قايسى باشلىقنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ قانداقلىقى، ئىدارىدا كىملەر بىلەن ئارىلىشىپ، كىملەردىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا - قايتا چۈشەنچە بېرەتتى.

— مېنىڭ دوستلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسەم يۈز قارىماي تەنقىتلەيدىغان مىجەزىم بار، بۇ سېنىڭچە قانداق؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

— ناھايىتى توغرا، «دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىغا قىزىقىپ.

— شۇنداق دوستۇم، سېنى ئاللا بۇرۇن چۈشەنگەنمەن. — ئۇ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان سېرىق چاچلىرىنى كەپكىسىنىڭ ئىچىگە تىقتاندىن كېيىن، قوللىرىنى دۇراپ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى - دە، دائىم مۈكچىيىپ تۇرىدىغان گەۋدىسىنى سەل كۆتىرىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، - لېكىن ھازىرقى بەزى ياشلارنىڭ مىجەزىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق غورۇرىنى ئۇنتۇپ، ھەدىسىلا باشلىقلارغا خوشامەت قىلىپ، جەڭگىۋار خىزمەت ئورنىدىكى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، باشلىقلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

— مۇنداقمۇ ئىش بار دېگەن، - دېدىم ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، سەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، - دېدى ئۇ تېخىمۇ كۆپۈپ، - ئىشخانا مۇدىرىنى ھەدىسىلا مەمەت ئاكا، سىلى، ئۆزلىرى دەپ كۈچۈكلىنىپ كەتتىسەن...

— خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، - دەپ سۆزىنى بۆلدۇم مەن ئۇنىڭ يۇقۇرقى گېپىگە كۈلگۈم كېلىپ، - بۇ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى مەمەت ئاكام ياش جەھەتتە بىزدىن چوڭ - دە!

— ھىم، چوڭ بولسىلا ھېساپ ئەمەس، ئۇنىڭ «ئاكا» غا لايىق ھۆرمىتى بولۇشى كېرەك.

— دېمەكچى بولغىنىڭنى ھېچ چۈشەنمىدىم.

— دېمەكچىمەنكى، مەمەت يوغانباشزادى يارىماس نېمە ئۇ، ھەي... بۇ قېتىمقى ئىسلاھات دېگەن شامالدا بېشىغا ئامەت قۇشى قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ «ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن» دېگەن قالپىقى ئەسقاتتى، دېگىنە. بولمىسا ئۇنىڭغا ھوقۇق نەدىتى دەيسەن؟ ئىچى ئاشۇ يۈزىدىكى چوقۇرىدىنمۇ ئۆتە مودۇر - چوقۇر بىرنېمە، قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنىقى يوق، خىزمەت ئىقتىدارىغۇ ئەسلا، باشلىقنى كۆرسىلا ھىجىيىدۇ. شۇڭا...

— يىگىتلەر، بىردەمدىلا دوستلىشىپ قالغان ئوخشىمامسىلەر!؟ ياخشى، ياخشى...

ئىككىمىز تەڭلا بۇرۇلۇپ قاراپ، داڭ قېتىپ قالدۇق. كەينىمىزدە مەمەت ئاكا بىزگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ھېچقانداق غەيرى سېزىم سېزىلمەيتتى.

مەن يېنىمدىكى دوستۇمغا ئىتتىك قارىدىم. ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، زورىغا ھىجىياتتى:

— سىز، ياق، سىلى... مەيجۇرېن، بۇ ياققا كەپتىكەنلا - دە، بىز كۆرمەي...... ئەستا... ئەجەپمۇ... ھى... ھى... ھى...! زامانى ئاخىر دېگەن شۇدە، كىمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلسا شۇ ئۇچرايدۇدەپ...

— سۆھبىتىڭلارغا دەخلى قىلىپ قويدۇم -

غۇ دەيمەن ، سىلەر ئوبدان ئەھۋاللىشىڭلار، خوش . ـ مەمەت ئاكا ئەدەپ بىلەن باشلىڭشىتىپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ كىتىپ قالدى .

مەن يەنە دوستۇمغا قارىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە مەمەت ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قىتىپلا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن مەمەت ئاكىغا قايىل بولغانلىقىمۇ ياكى نەپرەتلەنگەنلىكىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى…

# ئاقىۋەت

( ھىكايە )

## نۇرىمان ناسىر

بۈگۈن يىزىدىكى تۇققانلارنى يوقلاپ قايتىپكىلىۋاتاتتىم، شەھەرگە ـــ ئۆيىمىزگە ئىككى كىلومىتىرچە يول قالغاندا بەكلا ھىرىپ كەتتىم. ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، تەرلىرىمنى ئېرتىپ تۇرۇشىمغا، يول ياقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ياتقان بىر كىشىگە ئۇششاق باللارنىڭ ھەدەپ چالما ئېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

ــ ھەي باللار ، ئۇنداق قىلماڭلار! ـ دەپ ۋاقىرىدىم ئاچچىق بىلەن ، ـ ياتقان ئادەمگە بىكاردىن ـ بىكار نىمىشقا چالما ئاتىسىلەر ؟

ــ بۇ مەس ئىكەن ! ـ دەپ چۇقۇرىدى بىر بالا ۋە قولىدىكى يوغان بىر چالمىنى ئاتتى. بۇ چالما ئۇنىڭغا خىلى قاتتىق تەككەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ قىمىرقىلماي ياتاتتى. ئىچىمدە : "بۇ تونۇش ئادەمبولۇپ قالمىغىيدى ، بىرقاراپ باقاي » دىگەن ئوي بىلەن يېنىغا ئىتتىك بېرىۋىدىم ، قورققىنىمدىن ئارقامغا داجىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ يۈز ۋە لەۋلىرى كۆكۈرۈپ ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك چىقىپ تۇرغان ، كۆز قارچۇغى كەينىگە تارتىلغان 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت بولۇپ ، ئۇنىڭدىن بىرخىل زەھەرلىك دورىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇراتتى. مەن نىمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا ، ھارۋۇلۇق بىركىشى كىلىپ قالدى. ئۇنى توختىتىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم ، ئىككىمىز يىگىتنى ھارۋىغا ئالدۇق.

ــ بۇ راستىنلا زەھەرلىك دورا ئىچىۋاپتۇ. تېخى تىنىقى بار ئىكەن ، ـ دىدى ھارۋىكەش جىددىيلەشكەن ھالدا ، ـ دوختۇرخانىغا تېز ئاپىرايلى!

ئۇ ئاتلارنى قامچىلاپ ، سۈرئەتنى تېزلەتتى ۋە بىھوش ھالەتتە ياتقان بۇ يىگىتكە سوغ نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ، ئېغىر خۇرسىنىپ دىدى:

ــ ياش تۇرۇپ ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ قەستقىلىپ ، نىمە بالا كەلگەن بولغىيدى ساڭا؟! ئەگەر مۇشۇنداق ئۆلسەم ئەلنىڭ نەپرىتىگە قالارمەن دەپ ئويلىمىدىڭمۇ، ھەي… بۇ كۈنىنىڭ ياشلىرىزە…

بۇ سۆزلەر يۈرىكىمگە خۇددى خەنجەر ئۇرغاندەك تەگدى. چۈنكى، مەنمۇ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى يۇقارقىدەك سەۋەپ بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققان ئەمەسمى

دىم... بۇلارنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. پۇشايمانلىق ئويلار، ئازاپلىق خىياللار بىلەن دوختۇرخانىغا قانداق كېلىپ قالغانلىغىمىزنى بىلمەي قالدىم... دوختۇرلار يىگىتنىڭ جان ئۈزگەنلىگىنى ئېيتتى.

شۇ ئەسنادا دوختۇرخانا قورۇسىغا چىچىغا ئەمدىلا ئاق سانچىلغان، ئورۇقىغىنە بىر ئايال ئۆزىنى كاچاتلاپ، دات ـ پەرياد سالغىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە ھىلىقى يىگىتكە ئۆزىنى ئاتتى:

ـــ ئاھ، خۇدا! دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇم ئىدى. باغرىم، جىگىرىم ـ بالام، سېنىڭ ئورنىڭغا مېنىڭ جېنىمنى ئالسا بولمامدۇ؟ مېنىڭ ھاياتىم شۇ يىتىم بالام ئەمەسمۇ؟ ئاھ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟!

ئايالنىڭ مۇڭلۇق نالىسى بۇ يەردىكى ھەممىمىزنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئەزدى. ئۇ يىغلايتتى، قاخشايتتى، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى ھەرتەرەپكە ئاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنى ھېچقانداق كۈچ بەزلەپ توختىتالماس ئىدى...

خۇددى ئانام كۆز ئالدىمدا خۇداغا نالە قىلىپ، زار ـ زار يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىگىم مۇجۇلۇپ، ۋۇجۇدۇم "غۇژ" قىلىپ قورۇلۇش بىلەن كۆزلىرىمدىن تارامالاپ ياشلار تۆكىلىشكە باشلىدى...

ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ھۇشسىز ياتقان ئانىغا ئىچ ئاغرىتىپ، كۆزيېشى قىلىشسا، يەنە بەزىلىرى يىگىتكە قاراپ: "ئىسىت، ئەجەپمۇ ئارزۇلۇق بالا ئىدى ئۇ! دادىسى رەھمەتلىك بولسىمۇ ـ ھە؟ ھەي... ئۇنىڭغا ئۇ قىزدىن بۆلەك قىز يوق بولغىيمىدى؟!» دېيىشەتتى خۇرسىنىپ. ئىش ئايان بولدى. ئەسلىدە بۇ يىگىت تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ زەربىگە ئۇچراپ، مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئىش قىپتۇ ـ دە!

ئېخ، سۆيۈملۈك، قەدىرلىك ـ ئاتا ـ ئانىلار! ئۆز پەرزەنتىڭلارنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلىسىلەر. ئەپسۇس، بەزى پەرزەنتىڭلار تۇرمۇش سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك ئالدىدىمۇ ئىرادىسىنى يوقىتىپ، ئۈمىتسىزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئېزىز جېنىغا ئۆزى زامىن بولۇپ، يۈرىگىڭلارنى بېغىشىدىن ئۈزۈپ، مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قان ـ ياشلىق نالىسى، ئازاپ ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى ئۇلارنىڭ بوينىغا سىرتماق بولۇپ قالماسمۇ؟

ئانا! مەن بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدا يەنە بىر قېتىم تىزلىنىپ، سەندىن ئەپۇ سورايمەن، ئۆتكەنكى ئىشلىرىمغا تۇۋا قىلىپ، بۇندىن كېيىن ئۇنداق كۆڭلى قارىلىق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن!

## »ھۆرمەت« يۈزىسىدىن

( ھېكايە )

**مەترېھىمجان داۋۇت**

قۇربان ھېيىت يېقىنلىشىپ قالغاچقىمۇ، بۈگۈن بۇ گۆش دۇكىنى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىراق، قاسساپ دىگەت ئەزمىلىك بىلەن ئالدىرىماي ھەركەت قىلاتتى. ئۇ نىمىشقىدۇر پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ئىش ئۇنۇمىنىڭ ئاستىلىغىدىن بىتاقەت بولغان كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

قاسساپ يىگىت بۇ قېتىم سائىتىگە قارىۋالغاندىن كېيىن، قوللىرىنى كېرىپ، ئېرەنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ قويدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ:

— يولداشلار، ئەمدى چۈشتىن كېيىن كېلىڭلار، دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ قالدى. — دېدى — دە، كىشىلەرنىڭ غۇدۇراشلىرىغا پەرۋا قىلماي، دېرىزە قاپقىقىنى ئېتىشكە تەمشەلدى. شۇچاغدا ئۆچىرەتنىڭ ئالدىدا تۇرغان 50 ياشلاردىكى بىر ئايال ئىتتىك كېلىپ، قاپقاقنى تۇتىۋالدى:

— بالام، ئەتىگەندىن بېرى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئەمدىلىكتە ئالدىڭغا كەلدىم، ئۆيۈمدە مېھمانلار قالغان، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، 3 كىلو گۆش تارتىپ بەرگىن.

— نېمە دەيدىغاندۇ ما ئايال!؟ — قاسساپ يىگىت ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ھومىيىپ دېدى، — قاچان كەلگەن بولۇشلىرى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، چۈشتە ھەممە ئادەم دەم ئالىدۇ، ئۇقلىما؟

— بالام، ئۆيدىكى شۇ مېھمانلارنى دېمىسەم چۈشتىن كېيىن ئالسامۇ بولاتتى. بىراق ...

— بولدى، بولدى! — ئۇ، موماينىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى، — ھازىر دەم ئېلىش ۋاقتىدىن 2 مىنۇت ئېشىپ كەتتى.

— بالام، ئۇنداق قىلمىغىن، ئەلۋەتتە ساۋاپ بولار.

قاسساپ يىگىت بۇ موماينىڭ شۇنچە يېلىنىپ — يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، قاپقاقنى كۈچ بىلەن ياپتى...

ئۇ دۇكاننى تاقاپ، ئەمدىلا 10 قەدەمچە مېڭىشىغا، سالاپەتلىك بىر كىشى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ھوي، بەكرى كېچەك. سالامەت تۇرلىدۇ ؟ ھە، قانداق بولۇپ بۈگۈن قەدەملىرى بۇ ياققا يېتىپ قالغاندۇ سىلىنىڭ!؟

— ھە، تاھىرجان، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟ — دېدى سالاپەتلىك كىشى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىۋېتىپ، — بىر ئاز گۆش لازىم بولۇپ قېلىۋىدى... ۋۇي، دۇكاننى تاقاپ بولغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، ياق ... دەل ۋاقتىدا كەلدىلە، كېچەك. ھەي، مەن كېتىپ قالماپتىمەن ياخشى، دۇكاننى تاقىۋەتكەن بولسا قىمۇ، سىلىگە ئاچقىلى بولىدۇ دېسىلە. ھى...ھى... ھى...

— ۋاي بولدى، بولدى ... ئاۋارە بولماڭ، ئۆيدىمۇ ئازراق گۆش باردەك قىلاتتى.

— ئالاھىتەن ئاۋارە بولۇپ كەپلا، كېچەك. سىلىدەك ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىساق بولامدۇ دەيلا، ئەكەلسىلە سومكىنى.

ئۇ، سالاپەتلىك كىشىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، قولىدىن سومكىنى ئالدى — دە، ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرغان كىشىلەرۋە ئەلەم، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئالدىدىن شاپاشلاپ ئۆتۈپ، دۇكاننى ئاچتى.

شۇ ۋاقىتتا كىمدۇ بىرسىنىڭ كىشىلەرتوپى ئارىسىدىن مەسخىرىلىك شىۋىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— "ھۆرمەت" يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىدۇ — ھە، "ھۆرمەت" يۈزىسىدىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# « مېھماندوست »

( ھېكايە )

## دىلبەر ياقۇپ

تەبىئەت بۇ ئادەمگە قىلچىلىكمۇ گۈزەللىك ئاتا قىلمىغان ئىدى: بويى ئىگىز، قورايدەك ئورۇق، ياپىما قاپاق، ئورا كۆز، يۈزلىرىنىڭ مەگىز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان، رەڭگىدە قان دىدارى يوق، خۇددى 40 يىل كېسەل تارتقان كىشىگىلا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن تام خوشنىلاردىن بولمىساقمۇ، بىر يۇرتلۇق بولغاچقا، بۇ ئادەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ھەممە ئىشلىرىنى بەش قولدەك بىلىمەن. ئۇنىڭ ئىسمى سايىم، ياغاچچىلىق قىلىدۇ. ئۆيىگە كىرىپ قالسىڭىز ھەيران قالىسىز. چۈنكى، ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي ھەر خىل ياغاچ جاھازلىرى بىلەن تولغان. ئادەتتە ئۇ داۋاملىق ئالدىراپلا يۈرۈيدۇ، ئىدارىمۇ ـ ئىدارە، ناھىيىمۇ ـ ناھىيە قاتراپ، نۇرغۇنلىغان ئورۇننىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى كۆتىرە ئالىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئېلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇل خەجلەيدۇ، مېھمان چاقىرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئاغزىدا «مېھماندوست» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن قاچانلا قارىسىڭىز، مەقسەتلىك چاقىرىلغان «ئالاھىدە مېھمانلار» ئۈزۈلمەيدۇ...

بىر قېتىم بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە كادىرلارنىڭ ئاياللىرى قاتارىدا مەنمۇ مېھمان بولۇپ قالدىم. ئانىسى تولىمۇ يۇۋاش، مۇلايىم ئىكەن. 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ دۈمچەك بولۇپ قالغان بۇ ئايال ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، مېھمانلار ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى.

مېنىڭ بۇ موماينىڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئانا مۇشۇ ئادەمنى مىڭبىر جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشتى، ھۈنەرۋەن قىلدى، ئۆيلىدى. بىراق ھازىرغىچە بۇ بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ خىزمىتىدىن يەنىلا ئازات بولماپتۇ. نىمەدېگەن ئارتۇقچە جاپا ـ ھە؟!

ـــ ئۇستام، ئايالىلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ـ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـــ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە، ـ پەرۋاسىزلا جاۋاپ بەردى ئۇ. ـ قارىماملا، تازا بىر سەھرالىق تومپاينى ئاپتىكەنمەن، يا بىرەر مېھماننى ئۈزىتىشقىمۇ يارىمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىبرالىشىپ كەتمەكچى بولىۋاتىمەن...

مەن ئۇنىڭ «تومپاي» ئايالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم: بويى زىلۋا، مەگزى توغاچتەك، كۆز ۋە لەۋلىرىدىن ھەممىشە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، ئىشچان، چاققان ۋەسادىغىنە كەلگەن بۇ چوكان توي قىلىپ تېخى يېرىم يىل بولماي تۇرۇپلا، بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا بىر تومپايغا ئايلانغان ئىدى.

"ـــ تووۋا، ـ دېدىم ئىچىمدە، ـ بىرچىرايلىق چوكاننى ياراتماي قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ!؟ ھازىرغىچە 5 قېتىم ئۆيلەندى، مانا ئەمدى بۇ ئايالنىمۇ قويۇپ بېرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ۋاي قوۋۇرغام ... ئۆزى قانچىلىك بىر نىمە زادى؟» بۇ ئادەمگە تەككۈ-

زۇپ بىر نەرسە دېمەكچى بولدۇم — يۇ، بىراق مېھمانلار ئالدىدا ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدىم…

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بۇ ئادەم ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى.

— ھە، ئۇستام، ئەندى 6- خوتۇنىمۇ تېپىپ قويغانلا؟- دېدىم ئۇنىڭغا تازا بىرگەپ قىلىش نىيىتىدە.

— ياق تېخى، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ئەزەلدىن خوتۇندىن تەلىيىم يوق ئىكەن مېنىڭ. قارىماملا، 5 خوتۇندىن بىرمۇ بالام يوق، يېشىم 40 قا تاقىشىپ قالدى. بۇ خوتۇننى قويۇپ بېرەي دەپ گۇڭشېغا بارسام، جاگزا كېسىدىغان خادىم بىر مۇنچە سېسىق گەپلەرنى قىلدى…

— ھە، نىمە دېدى؟ ئۇخانىمنى ئۆيلىرىگە بىرەر قېتىم چاقىرمىغانىمىتىلە؟

— قارىماملا، ئايدا بىر خوتۇن يەڭگۈشلەيدىغان ئادەمكەنسىز. ئاياللارنى نىمە كۆرىسىز زادى- ھە!؟ بىلىپ قويۇڭ، ئاياللار سىزنىڭ ئوينىپ تاشلايدىغان ئويۇنچۇقىڭىز ئەمەس. قايتىپ كېتىپ چىرايلىقچە ئۆيىڭىزنى تۇتۇڭ، دەيدۇ، ئەلپازى يامان، ئۆيگە چاقىرسامۇ كەلمەيدىغاندەك.

— ھەي، مۇشۇنى يامان قىپتىلا، سىلى كۆپ خوتۇن ئېلىپ قويۇۋېتىدىغان، تولا مېھمان چاقىرىدىغان بولغاندىكىن، ئەشۇ خانىمنى بىرەر قېتىم مېھمانغا چاقىرىپ قويغان بولسىلا، مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمامتى ؟

— ھەي… قارىماملا، بۇ ئىش زادى ئەقلىمگە كەلمەپتۇ.

ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمدىكى ئاچچىق كىنايىنى چۈشەنمەستىن، ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىدىن كەلمىگەن «تەلىيى» ھەققىدە ۋايسايتتى.

— ئۇستام،- دەپ چۈشەندۈردۈم ئۇنىڭغا، — ھەركىم ئۆز بەختىنىڭ ئۆز تەلىيىنىڭ سەۋەپكارى. كونىلىقچە ئېيتقاندا، ئاللامۇ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ نىيىتىگە بېقىپ كۈن بېرىدىكەن. سىلىنىڭ كۆلدەك ھۇنەرلىرى بار، ئەمما سىلە تولىمۇ ئەخمەق ئادەم ئىكەنلا. ئويلاپ باقسىلا: ھۇنەر قىلىپ تاپقان كىرىمنى مېھمان چاقىرىش، خوتۇن ئېلىش بىلەنلا يوقىتىپ، يەنە ئۆزلىرىدىن كۆرمەي، خوتۇندىن تەلىيىم كەلمىدى دېسىلىرى بولامدۇ؟ ئادەم دېگەن قېرىيدۇ، چۆرىيدۇ. سىلىنىڭ يە بىرەر باللىرى ياكى قەدىناز ئاياللىرى يوق. ئۆمۈرلىرى مۇشۇنداق ئۆتەمدۇ؟

— ھەي، ئۇنى بىر دېمىسىلە. راستىنلا ئەقىلسىز ئىكەنمەن.

مەن ئارتۇقچە سۆزلەشنى ئەپسىز كۆردۈم. ئەمدى بۇ ئادەم پۇشايمان قىلغاندەك تۇراتتى.

—ھە، راست،- دېدى ئۇ نىمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ،- ئەتە بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بار ئىدى.

— يەنە نىمە مېھمان ئۇ؟- ئالدىراپ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— قارىماملا،- دېدى ئۇ غەلىتە ھىجىيىپ،- × ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆتىرە ئالماقچى بولۇپ، مەكتەپ باشلىقىنىڭ ئائىلىسىنى دوستلىرى بىلەن چاقىرغانتىم. شۇڭا، سىلىنى…

— رەھمەت،- دەپ قوپاللىقىنا بۆلدۈم ئۇنىڭ سۆزىنى،- تېخى ئۈلۈشكۈن ئۆيلىرىدە مېھمان بولدۇم. بۈگۈن بارالمايمەن، مېھمانلىرىنى ئۆزىتىۋەرسىلە.

ئۇ چىقىپ كەتتى. توۋا، دۇنيادا مۇشۇنداق «مېھماندوست» ئادەملەر يەنە بارمىكىنە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلار ئەدەبىياتى

## غايه

(ھېكايە)

### روزى نىيازى

ئۆيىمىز شەھەردىن ناھايىتى يىراق بولغاچقا، پەقەت بۇ قېتىمقى يازلىق تەتىلدىلا بۇ شەھەرنى تۇنجى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم.

ۋاي ـ ۋۇي! شەھەر دېگەن ئاجايىپ گۈزەل بولىدىكەن. مەن كىنولاردىن شەھەرلەرنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشىنى كۆرگىنىمدە، تولىمۇ قىزىقىپ ماختايتتىم. مانا بۈگۈن مەنمۇ پۇخادىن چىققىچە كۆرۈۋالدىم. ئۆيگە بارغىنىمدا، دوستلىرىم ئالدىدا تازا بىر ماختىنايكى، ئۇلار ئاغزىنى ئېچىشىپلا قالسۇن. چۈنكى، ئۇلار ئىچىدە شەھەرنى مەندەك تولۇق كۆرگەنلەر يوق دېيەرلىك تە...

دېگەندەك مەن شەھەردىن كەلگەن كۈنى كەچقۇرۇن، مەھەللىمىزدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى كۆلچەك بويىغا يىغىلىپ، بىردەم مېنىڭ تۈگمە ئورنىدا سىرىتمىسى بار لېيوتچىك پوسۇنىدىكى چاپىنىمنى سىلاپ كۆرسە، بىردەم چەتئەللىكنىڭكىگە ئوخشايدىغان ھاۋا رەڭ ئەينەكلىك سايىۋىنى بار شەپكەمنى تۇتۇپ كۆرۈپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئال قويۇشتى:

ـ شەھەر چوڭمىكەن؟

ـ چوڭ بولمايچۇ، بىزنىڭ مۇشۇ يېزىنى ۋە يېزىمىز يېنىدىكى ئاۋۇ سايلىقنى قوشسىمۇ ئۇنىڭ چوڭلۇقىغا يەتمەيدۇ، دېگىنە. كوچىلىرى خەرىتىدىكى سىزىقلاردىنمۇ كۆپ. شەھەردىكى ئاپتوبۇز، قوڭغۇز ماشىنىلار بېلىق كۆلىدىكى بېلىقلاردىنمۇ كۆپ ئىكەن.

ـ بىنالىرى بىز كىنولاردا كۆرگەندىكىدەك ئېگىزمىكەن؟

ـ ئەخمەقسەن-دە، يالغان نەرسىنى كىنوغا ئالامدۇ؟ ـ دېدىم يالقۇنىنىڭ بۇ گېپىگە نارازى بولۇپ، ـ ئېگىز ئىكەن، ئېگىز بولغانلىرىمۇ 20-25 قەۋەت ئىكەن.

ـ ۋاي ـ ۋۇي! ئادەملەر شۇنچە ئېگىز بىنالارغا چىقىپ بولغىچە ھېرىپ قالمامدىغاندۇ؟

ـ نېمە دەيدىغانسەن، ئۇلار دېگەن مېڭىپ ئەمەس، توك بىلەن باشقۇرىدىغان، تۆۋەندىن-يۇقۇرىغا، يۇقۇرىدىن-تۆۋەنگە ئېلىپ چىقىدىغان ۋە چۈشىدىغان «لىپىت» دېگەن نەرسە بىلەن چىقىپ-چۈشىدىكەن.

ـ قانداق ياخشى ـ ھە؟!

ـ پويىزنى كۆردىڭمۇ؟

ـ كۆردۈم. پويىز خۇددى مۇئەللىم سۆزلەپ بەرگەندەك ۋە كىنودا كۆرگىنىمىزدەك ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن. ھەر بىر پويىزنىڭ پاراۋۇزىغا 14 تىن 16 گىچە ۋاگون قاتار چېتىلىدىكەن. ھەر بىر ۋاگوننىڭ چوڭلۇقى بارغۇ، ماۋۇ ئۆيدەك كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئى-

چىدە تاماقخانا، هاجەتخانا، ماگىزىن ۋە
يېتىپ ئۇخلايدىغان كارۋات بار ئىكەن.
مەن ئەمدى سۆزلىمەي جىم تۇرۇۋالدىم.
باللارغا قارىسام، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغ ـ
زىنى ئاچقىنىچە ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ، يە ـ
نە بەزىلىرى گويا شەھەرنى ئۆز كۆزى بى ـ
لەن كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىدىن شاتلىق
ئۇچقۇنلىرى پارلايتتى، هاياجانلىناتتى...
ـــ شەھەردە مەكتەپلەر كۆپمىكەن؟ ـ
سورىدى باياتىندىن بېرى ئېغىز ئاچمىغان
داۋۇت.
ـــ شەھەردە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەك ـ
تەپلەرنى هىساپقا ئالمىغاندا، نەچچە ئون ـ
لىغان ئالى مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەكتەپلەر
بار ئىكەن.
ـــ ھە، راست، سېنىڭ تاغاڭ ئۇ شەھەرگە
قانداق بولۇپ بېرىپ قالغان؟
ـــ تېخىچە بىلمەمسىنا؟ ئالى مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپ كېلىپ، شەھەرگە خىزمەتكە ئو ـ
رۇنلاشقان.
ـــ تاغاڭ هازىر نىمە ئىش قىلىدىكەن؟
ـــ ئىنژېنېرلىق قىلىدۇ، شەھەر قۇرۇلۇ ـ
شىنى لايىھىلەيدۇ. تاغامنىڭ ئوغلى مۇرات ـ
نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمۇ ياخشى ئوقۇپ، چوڭ
بولغاندا دادىسىغا ئوخشاش ئىنژېنېر بو ـ
لۇپ، يۇرتىمىزدىكى ئاۋۇ تاشلاندۇق ساي ـ
لىقتاچوڭ شەھەردىن بىرنى قۇرۇشنى پى ـ
لانلىماقچى...
مېنىڭ سۆزۈم تېخى ئاخىرلاشمايلا، بالى ـ
لار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى:
ـــ تاغاڭنىڭ ئوغلى بىزنىڭ تاشلاندۇق
سايلىقنى تېخى شەھەر قىلماقچىمۇ؟
ـــ ئۇنىڭغىچە بىزمۇ چوڭ بولماي مۇشۇ
پېتىمىزچە تۇرامدۇق؟
ـــ بىزمۇ ئوقۇپ بىلىم ئالماي، ئالىم،
ئىنژېنېر بولماي، " تېرەككە چالما ئېتىپ"،
" ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش " دەپ يا ـ
تامدۇق؟
شۇ چاغدا ئېغىر ـ بېسىق، تىرىشچان ئاغى ـ
نىمىز داۋۇت ئالدىرىماي ۋەزمىن ئاهاڭدا
ماڭا قاراپ دىدى:
ـــ ئالدىرىماي تۇر ئاغىنە، بىزمۇ ها ـ
زىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەلگۈ ـ
سىدە چوقۇم ئالىم، ئىنژېنېر، تېخنىك بو ـ
لىمىز. بىز سىز يېنىدا ئۇزۇن يىللاردىن بې ـ
رى تاشلىنىپ سوزۇلۇپ ياتقان ئەشۇ ساي ـ
لىقتا سەن كۆرۈپ كەلگەنىدىنمۇ چوڭ، گۈزەل
شەھەر بىنا قىلىمىز!

# ئۇلارغىمۇ جان تاتلىق

(ھىكايە)

## تىلىۋالدى ياقۇپ

مۇرىلىرىگە سومكا ئاسقان 15 ياشلاردىكى
ئىككى ئوقۇغۇچى ئاللىقانداق بىر نىمە ئۇس ـ
تىدە قىزغىن تالاش ـ تارتىش قىلىشقىنىچە
مەھەللىگە كىرىپ كەلدى.
ـــ ئەسقەر، قارىغىنا ئاۋۇلارغا! ـ دەپ
كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن مەھەللىنىڭ دوق ـ
مۇشىنى كۆرسەتتى ئۇنىڭ ھەمرىيى. ئەس ـ
قەر بېشىنى كۆتىرىپ قارىدى، ئۇ يەردە بىر
توپ باللار چوڭ ئۈژمە دەرىخىگە بىر بالى ـ
نى يۆلەپ چىقىرىۋاتاتتى. ئۈژمىگە ياماش ـ
قان بالا خېلىلا ئىگىزگە چىقىپ بولغاندا،
ئۇنى يۆلەپ قويغان باللار كەينىگە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە قەدەم چېكىنىپ، «راخمان، ماڭا بىرنى ئېلىپ بەرسەڭ جۇمۇ!»، «ماڭمۇ...»، «ماڭمۇ!» دەپ چۇقان سېلىشقا باشلىدى.

— ئەنۋەر، قويغىنا سېنى! — دېدى ئەسقەر دوستىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ، — نىمىگە شۇنچە جىددىلىشىپ كەتتىڭ؟

— ھوي، سەن نىمىگە قارىدىڭ زادى، قارا دېگەنگە قارىماي؟ — دېدى ئەنۋەر تىرىكىپ.

— ئاۋۇ بالىلارغىچۇ!؟ خۇددى بۇرۇن كۆرمىگەندەك، بىزمۇ كىچىكىمىزدە ئوينىمىغاندەك قىلىپ كېتىدىكەنسىنا؟

— ئاخماق، مەن سېنى ئۇ بالىلارغا قارا دېگىنىم يوق! — ئەنۋەرنىڭ ئاچچىقتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى، — ئاۋۇ ئۆزىمىنىڭ ئۇچىدىكى قارا قۇچقاچلارغا قارا دەۋاتىمەن!

ئۆزىمىنىڭ ئاچىماق شېخىغا ئېسىلغان قاپاقتا قارا قۇچقاچ ئۇۋا سالغان ئىدى. بىر توپ قارا قۇچقاچ شاختىن – شاخقا قونۇپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ھېلىقى بالىنىڭ بېشىدا پىقىراپ ئۇچۇپ ۋىچىرلاپ سايراۋاتاتتى. بۇ سايراشلار خۇددى قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ – تالاڭ قىلىنىۋاتقان پۇخرالارنىڭ دات – پەرياتلىرىغا، يىغا – زارلىرىغا ئوخشايتتى... بۇنى كۆرۈپ ئەسقەرنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. مانا ئەمدىلا ئۇ، دوستىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندى.

— بىچارە قۇشلارنىڭ نىمە ئامالى بار دەيسەن!؟ — دېدى ئۇ دوستى ئەنۋەرگە قاراپ. ئەنۋەر ئۆزىمە شېخىغا ھەدەپ يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان بالىغا قاراپ ۋاقىردى:

— راخمان، تېز قايتىپ چۈش، ئۇكام!

ئاكىسىنىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان راخمان، ئىلاجىسىز قايتىپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە قاپىقىنى تۈرۈپ دومسايغىنىچە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا ئاستا كەلدى. ئۇنىڭ ھەمرالىرىمۇ چۇقۇراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — ئەنۋەر سەل ئاچچىقلاپ دېدى، — مەن ساڭا ئۆتكەندە قۇشلارغا چېقىلما دەپ ئېيتقانىغۇ؟ كەلگىنە، مەنمۇ سېنى شۇ قۇچقاچ بالىسىنى قىيىنىغىنىڭدەك بىر قىيناپ باقاي، قانداق بولىدىكەنسەن قېنى، — ئۇ، ئۇكىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتىرىۋىدى، ئەسقەر تۇتۇۋالدى.

— قۇچقاچنى تېخى ئالمىغان تۇرسام... — دېدى راخمان تىرنىقىنى تاتىلاپ، بۇرنىنى تارتىپ.

— ئالساڭ بولاتتىمۇ ئەمىسە؟! بىلەمسەن، ساڭا جان قانداق تاتلىق بولسا، ئۇلارغىمۇ شۇنداق تاتلىق. بۇندىن كېيىن قۇشلارغا چېقىلغۇچى بولما جۇمۇ! ماڭ يۈگۈر، كىرىپ دەرسىڭنى تەكرارلا!

راخمان ئاكىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى توغرا تېپىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەنۋەر بىلەن ئەسقەر بۇ يەردىكى بالىلارغا مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئۇكىلىرىم، سىلەرمۇ قۇش بالىلىرىنى تۇتماڭلار. تۇتۇپ ئوينىساڭلار ئۇلارنىڭ جېنى ئاجىز بولغاچقا ئاسانلا ئۆلۈپ قالىدۇ. قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇلار بىزگە زىيان كەلتۈرىدىغان بەزى ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا چېقىلماستىن، بەلكى ئاسراڭلار. ئۇلار ئەركىن ياشىسۇن. بېرىڭلار، باشقا ئويۇنلارنى ئويناڭلار.

بالىلار يەنە چۇقۇرىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئەسقەر بىلەن ئەنۋەر بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئۆزىمە شېخىدىكى قۇش ئۇۋىسىغا قاراشتى. بۇ چاغدا ئانا قۇچقاچلار بالىلىرىنىڭ ساق – سالامەت قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ، ئاللاقاياقلارغىمۇ يەم ئىزدەپ كېتىپ قېلىشقان ئىدى...

# پەرھات ـ شىرىن

## ئومەر باقى يەركەندى

شىرىننىڭ كۆڭلىدە پەرھاتنىڭ مۇھەببىتى ئورۇن ئالغانلىقى مەھىنبانۇغا ئېنىق ئىدى. مەھىنبانۇ ئىشىق مۇھەببەت تەسىرىدىن شىرىننىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىنلىكى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ پادىشالىقىنى تەرك ئېتىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى "بۇ ئىككەيلەننى بىر يەردە كۆرۈشتۈرۈپ سۆزلەشتۈرسەم، شىرىننىڭ كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تېپىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس" دىگەن يەرگە كەلدى. ئۇ شىرىننىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ بىز بۇ ئېرىقنى قېزىشقا قۇربىمىز يەتمەي بەكمۇ مالال بولغان ئىدۇق. ئادەم بالىـ ـسىنىڭ قولىدىن مۇنداق ئىشنىڭ كېلىشى ماھال بىر ئىش ئىدى. خۇدايىتائالا بەختى ـ دۆلەتنى بىزگە مۇيەسسەر قىلىپ، ئۇ يىگىتنى بىزگە نىسىپ قىلدى. ئۇنىڭ كۈچى بىلەن بىزنىڭ مۇراـ ـدىمىز ھاسىل بولدى. بۇنداق پەزىلەتلىك كىشىگە قانچە ئىززەت ئىكرام قىلساق ئازلىق قىـ ـلىدۇ. ئۇ بەختلىك يىگىت خەزىنە ۋە پۇل مالنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش قىلىپ بەرسەك. بېشىدىن جاۋاھىراتلارنى چاچساق، ـ دىگەنىدە بۇ سۆز شىرىنگە يېقىپ بەكمۇ خوشال بولدى.

ئۇلار مەھماندارچىلىق تەييارلىقى ئۈچۈن ئۆز كىشىلىرىگە پەرمان بەردى. پەرھاتقا ئاـ ـدەم ئەۋەتتى. ئوردىنى ياساپ جابدۇدى. بارغان كىشىلەر پەرھاتقا مەھىنبانۇنىڭ سالام ۋە تەكلىۋىنى يەتكۈزگەندە، پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ بىجانىدىل تازىم بىجا كەلتۈردى ۋە تەكـ ـلىپىنى قوبۇل قىلدى. پەرھات بىلەن شاپۇر خوشال ـ خورام بولۇپ يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار ئوردىغا يېتىپ كەلگەندە مەھىنبانۇ ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ ئىززەت بىلەن ئېلىپ كىردى. مەھىنبانۇ ئۆزى تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. پەرھاتقا كۇرسى قويدۇرۇپ بەردى. پەرھات كۇرسىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ شاپۇر قويۇلغان كۇرسىدا ئولتۇرغىـ ـلى ئۇنىماي ئەدەپ ساقلاپ كۇرسىنىڭ يېنىدا جاي تۇتقان بولدى. نەغمە ـ ناۋا بىلەن تەڭ زىـ ـياپەت باشلاندى. خوش ئاۋاز غەزەلخانلار ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتمەشتى. قەدەھلەر ئايلىنىشقا باشلىدى. ئالدى تەرەپتە ئاي يۈزلۈك پەرى چىراي قىزلار ئولتۇرۇشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرسى گۈزەللىكتە بەركامال، ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭداشسىز قىزلاردىن ئىدى. ئولتۇـ ـرۇش ئەھلىنىڭ يۈزلىرى مەي تەسىرىدىن قىزىرىپ خۇش كەيىپ بولۇشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ ھەر بىرى پەرھاتتىن مۇشكۈل مەسىلىلەرنى سورىشتى. بۇ مۇشكۈل سوئاللارغا پەرھات ناھايىـ ـتى ئاسانلىق بىلەن جاۋاپ بەرگەچكە، ئۇلار پەرھاتقا ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ئوقۇشتى.

---

بېشى ئۆتكەن سانلاردا

مېھرىبانۇ ھىجران غېمىنى تېتىپ باققان، پىراق دەستىدە كىزىپ باققان ئايال ئىدى. ئۇ پەرھاتنىڭ پېشانىسىدا بىر ئىلاھى نۇرنى، بېشىدا بىر شاھانە سۇپەرنىڭ بەلگۈسىنى كۆردى. شۇڭا ئۇ دەرھال تەختىدىن چۈشۈپ پەرھاتنى تەختكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن پەرھات بۇ تەكلىپنى مىننەتدارلىق بايان قىلىش يولى بىلەن چىرايلىقچە رەت قىلدى. مېھرىبانۇ ئىلاجسىز تەختتىن يەرگە چۈشۈپ ئولتۇردى. پەرھات بىلەن شاپۇرمۇ كۇرسىدىن يەرگە چۈشۈپ ئولتۇردى. مېھرىبانۇ پەرھاتنى خېلى كۆپ سۆزلىتىپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭدا پاكلىقتىن باشقا نەرسىنى تاپالمىدى. ئەمما پەرھاتنىڭ دەردى زىيادە بولۇپ، پىراقىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئاھ - پىغانىنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «مۇنداق ۋاقىتتا جانىنىڭ چىقىپ كېتىشى دېگەن بىر مىنۇتلۇق گەپ، مۇبادا بۇ يىگىت مەھبۇبىنىڭ پىراقىدا جان بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇۋالى مېنىڭ گەدىنىمگە بولىدۇ» - دەپ ئويلىدى ۋە شىرىننىڭ قېشىغا كىشى چىقارتىپ: «ئۇ پەرىۋەش كىرسۇن، مېھمانىنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىنى ۋىسال شامى بىلەن يورۇتسۇن» دەپ بۇيرىدى. شىرىن پەردىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، سەرۋىدەك قەددىنى نۇندەك ئىگىپ، ئاپتاپتەك نۇر چېچىپ، تۇزدەك جىلۋە قىلىپ، خۇشال-خۇراملىق بىلەن كىرىپ كەلدى. بارچە ئولتۇرۇش ئەھلى: «ھاي-ھۇي» بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئەمما پەرھاتنىڭ كاللىسىدىن ھۇشى ئۇچتى، ئۇ خۇددى بەزگەك بولغان كىشىدەك تىترەشكە باشلاپ، بىر سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كەلدى. شىرىن كېلىپ پەرھاتنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. قەدەھ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئولتۇرۇش ئەھلى مەست بولۇپ قېلىشتى. لېكىن پەرھات بىلەن شىرىن ۋىسال مەيىدىن مەست بولدى. بۇلار بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئولتۇرۇش تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلدى. شۇ چاغدا شىرىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز نازۇ ئىستىغنا كۆرسىتىپ، قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ، بۇلبۇلدەك شىرىن سۆزلەپ، قەدەھ تۇتۇشقا باشلىدى. قەدەھ نۆۋىتى پەرھاتقا كەلگەندە قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاتنىڭ بېشىدىن دۇر-جاۋاھىرلارنى چاچتى. شىرىن يۈز نازۇ كەرەشمە بىلەن پەرھاتقا قەدەھ تۇتۇپ:

ئى زارۇ بالاكەش ئاشىقىم، مەنسىز نېچۈك دۇرسەن؟
ئى جەۋرۇستەمگە لايىقىم مەنسىز نېچۈك دۇرسەن؟

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ، «مەن مەي ئورنىدا سېنىڭ غېمىڭ ۋە دەردۇ - ئەلىمىڭنى ئىچمەكتىمەن» - دېدى. پەرھات يەر بىلەن تەڭ بولۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قەدەھنى ئېلىپ ئىچتى. شىرىن ئارقىمۇ-ئارقا قەدەھنى تولدۇرۇپ مەي قۇيۇشقا باشلىدى. پەرھات ھەر قېتىم قەدەھنى قولىغا ئالغاندا يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، «ئى نازىنىنلەر شاھى! ئەگەر پۈتۈن دۇنيا پىيالە بولۇپ، سېنىڭ ئالدىڭدىكى ھەممە پەرىلەر ساقى بولسا، سېنىڭ يادىڭ بىلەن ئىچكەيمەن» دەپ قەدەھتە بىر قەترە قالدۇرماي ئىچەتتى. ئۇ ئاخىرقى قەدەھنى ئىچىپ بولۇپ ياندۇرۇپ بېرىپ، بىخۇتلارچە بىر ئاھ تارتتى - دە، يىقىلىپ ھۇشىدىن كەتتى، شىرىن پەرھاتنىڭ بېشىنى يۆلىدى، لېكىن پەرھات ھۇشىغا كەلمىدى. پەرھاتنىڭ ئاھ-پىغانىدىن تەسىرلەنگەن شىرىنمۇ ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قىزلار دەرھال شىرىننى ئەپچىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى. پەرھات تاڭ ئاتقاندا ھۇشىغا كېلىپ، خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز مەنزىلىگە راۋان بولدى.

شىرىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاتنىڭ يوقلىغىنى كۆرۈپ، پەرھاتنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاۋالقىدىن مىڭ ھەسسە زىيادە بولۇپ ئورناشتى.

مەھىنبانۇ تەڭلىكتە قالدى. شىرىننىڭ ئىشىق مۇھەببىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى، پەرھاتنىڭ پاكلىقىدىن تەسىرلەنگەن مەھىنبانۇ بۇ ئىككەيلەننى ۋىسال شارابىدىن مەستۇ-مۇستەغرەق قىلىش ئۈچۈن بەزم ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۆمۈر كەچۈرمەكتە ئىدى.

× × ×

ئەمدى ھىكايىنى بۇ تەرەپتىن ئاڭلاڭ.

ھەقىقەتتىن خەۋەردار كىشىلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ:

غەرپ تەرەپتە ھورمىز ناملىق بىر پادىشا بار ئىدى. غەرپتىكى ھەممە ۋىلايەتلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. كەشمىرمۇ ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىدى. ھورمىز ئۆلگەندىن كېيىن پادىشالىق ئۇنىڭ ئوغلى خىسراۋغا قالدى. خىسراۋ سەلتەنەت تەختىدە ئورۇن ئالدى. گەرچە ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولسىمۇ، ئوغلى ناقابىل بولغاچقا خىسراۋ ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن ئۆز ئورنىدا پادىشالىق قىلالمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ بىر ئىسىل نەسەبلىك خوتۇن ئالسام، ئۇنىڭدىن خۇدا يىمتا ئالا پادىشالىققا لايىق بىر ئوغۇل بەرسە، ئۇ ئوغۇلمەندىن كېيىن پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرسا، دىگەن ئارزۇنى قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ، ئىسىل نەسەبلىك بىر خوتۇن ئىزدىتىشكە كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا شىرىننىڭ گۈزەللىك شۆھرىتى ئالەمگە تارالغان، شىرىن بىلەن پەرھاتنىڭ ۋاقەلىرى ھەممىگە ئاڭلانغان ئىدى. خىسراۋ ئەۋەتكەن كىشىلىرى ئارقىلىق شىرىننىڭ تەرىپ-تەۋسىپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ شىرىننىڭ يۇرتىغا ئۆزى بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ، پاراسەت ۋە ئەقىل ئىدرەكتە تەڭداشسىز بولغان بىر ۋەزىرىگە مەسلىھەت سالغاندا، ۋەزىرى ئۇنىڭغا: » سىزنىڭ ئۆزىڭىز بارمىغىڭىز دۇرۇس ئەمەس. بىر بىلىملىك، سۆزمەن ئادەمنى ئەۋەتەيلى، ئۇ بېرىپ سۆزلۈشۈپ كەلسۇن. ئۇنىڭ سۆزىگە قاراپ ئىش قىلايلى « - دەپ مەسلىھەت بەردى. خىسراۋ بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەرمەنىستان شەھرىگە كىشى ئەۋەتتى. ئەلچى بىر نەچچە ۋاقىت يول يۈرۈپ، ئەرمەن دىيارىغا يېتىپ بېرىپ خەۋەر كىرگۈزدى. مەھىنبانۇ خەۋەر تېپىپ، شەھەرنى جابدۇتۇپ ئەلچىنىڭ ئالدىغا كىشىلەرنى چىقارتتى ۋە ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئەلچى خىسراۋنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ، پاساھەت بىلەن سۆزلەپ، ئەلچى بولۇپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. مەھىنبانۇ ئەلچىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- مەسلىھەتلىشىپ ئەتە جاۋاپ بېرەيلى، - دىدى ۋە ئەلچىنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ۋەزىرلىرىدىن ئەشۇ ئىش خۇسۇسىدا مەسلىھەت سورىدى. ۋەزىرلەر:

- ئى جاھاننىڭ مەلىكىسى! ئەگەر خىسراۋدەك كىشى بىزگە ئىگىمىز ئاچقان بولسا، نىمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمايمىز؟ - دېيىشتى. دىمەك، ۋەزىرلەر خىسراۋنىڭ تەلىۋىنى شادىمانلىق بىلەن ماقۇل كۆرۈشتى. ئەمما مەھىنبانۇغا شىرىننىڭ ئەھۋالى مەلۇم بولغىنى ئۈچۈن ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى. ئۇ غەمكىن پەرھاتنىڭ ئېسىگە ئالدى ۋە دەرتكە تولغان دىلىدىن ئوتلۇق ئاھ تارتتى. ئۇ بۇ ۋەقەنى شىرىنگە بايان قىلدى. شىرىن ئۆزىنى قويۇشقا جاي تاپالماي قېلىپ:

— ئەگەر سىلەر ئۇنداق قىلماقچى بولساڭلار مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرىمەن. پادىشالىق بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئىشى يوق. مەن پەرھاتنىڭ يادى بىلەن خۇرسەن بولىمەن. ئۇ مېنىڭ ۋەسلىمنى تەمە قىلمايدۇ، بەلكى پىكىر-خىيالىم بىلەن خۇرسەن بولىدۇ. شۇنداق پاك، بىگۇنا كىشىنى يوق قىلىپ، بۇ بەدنامنى كۆتۈرۈپ يۈرەمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا جامالىمنى كۆڭلى قانغىچە تاماشا قىلدۇرماي، ۋىسالىمنىڭ شارابىنى ئىچۈرمەي كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. ئۇ مېنىڭ يىراقىمدا تاغمۇ - تاغ، بايابانمۇ - بايابان كېزىپ، يۈرۈكىنى پارە - پارە قىلىپ، بېشىنى تاشلارغا ئۇرۇپ يۈرسە، مەن ياتنى ئىختىيار قىلىمەنمۇ؟ مۇنداق قىلىق ئىشق مەزھىپىگە راۋا كېلەمدۇ؟ مېنى ئۇنداق ئىشقا تەرغىپ قىلغۇچە ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار ياكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، كۈلۈمنى كۆككە سورۇڭلار! — دەپ باھار بولۇتى يامغۇر تۆككەندەك كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلىدى.

مېھىنبانۇ شىرىننىڭ يىغا - زارىدىن تەسىرلىنىپ، " مەنمۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. ئەلچىنى مۇۋاپىق بىر جاۋاپ بىلەن قايتۇرۋېتەيلى » دەپ شىرىننىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقتى. ئەتىسى دۆلەت ئەركانلىرى يىغىلغاندا ئەلچىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتتى. ئەلچى سورۇنغا دەبدەبە بىلەن كېلىپ، خىسراۋنىڭ سۆزلىرىنى ئىپتىخار بىلەن تەكرارلىدى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭغا ئۆزرە قويۇپ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— پادىشانىڭ سۆزلىرى ياخشى سۆزلەر ئىكەن. بىز ئۇنى ماقۇل كۆرىمىز. چۈنكى ئۇ بىزگە دۆلەت ۋە بەخت سائادەتتۇر. شۇنداق ياخشى ئىشنى بىز خالىماي قالىمىزمۇ؟ ۋە بۇ خاھىشنى ئورۇنداشقا قانداقسىگە تەخىر قىلالايمىز؟ لېكىن شۇنى ئۆزرە بىلەن ئىزھار قىلىمىزكى: بۇ پەرىزادىمىز ئەر كىشىدەك چوك بولغان. ئۇنىڭ ھۈنەرى ھەمىشە قۇش قۇشلىماق، شىكارغا چىقماق، ھەربى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماقتىن ئىبارەت. شۇ ئىشلار بىلەن ئۆمرى بۇ يەرگە يەتتى . شۇڭا ئۇ ئەرگە تېگىشنى خالىمايدۇ. بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا ئېيىتقىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنى كىم ئېيتسا شۇنى چېپىپ تاشلايدۇ. پادىشا بىر نەچچە يىل سەۋرى قىلسا، بىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ باقساق، بۇ پەرىزات بىر ئاز ئەقلىگە كەلسە ئاندىن كېيىن شۇنىڭغا بېقىپ ئۇچۇر قىلساق.

مېھىنبانۇ يۇقۇرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىپ ئەلچىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يولغا سالدى. ئەلچى بېرىپ بۇ سۆزلەرنى خىسراۋغا ئېيتقاندىن كېيىن،خىسراۋ: " مەندەك بىر پادىشانى ئۆزگە شان - شەرەپ ۋە بەخت - سائادەت دەپ بىلمەپتۇ، بەلكى باھانە قىلىپ سۆزۈمنى قوبۇل قىلماپتۇ. مەن بېرىپ ئۇ ۋىلايەتلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۆزىنى ئەسىر قىلىپ ئالسام قانداق قىلىدۇ؟ » دەپ غەزەپلەندى. شۇڭا ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە سان - ساناقسىز لەشكەرلەرنى جەم قىلىپ ئەرمەنىستانغا يۈرۈش قىلدى ۋە مەنزىل كېزىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئەرمەن دىيارىغا يېتىپ باردى. بۇنى ئاڭلىغان مېھىنبانۇمۇ ئەسكەرلىرىنى جەملەپ، قورغانىنى مۇستەھكەملەپ تەييارلىنىپ تۇردى. شۇ ئەسنادا، قۇمتۇپراقتىنمۇ ئارتۇق لەشكەر بىلەن خىسراۋ يېتىپ كەلدى. مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاتتۇرۇپ، تەييارلىنىپ تۇردى ۋە بۇ ئەھۋالدىن پەرھاتنى خەۋەرلەندۈردى. پەرھات شەھەرنىڭ تېشىدا، بىر تاغنى ماكان قىلىپ تۇرغان ئىدى. خىسراۋنىڭ لەشكەرلىرى بۇ تاغنى قورشاپ چۇشكۈن قىلدى. تاغ

شەھەرگە يېقىن ئىدى. خىسراۋ شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ پەرھاتقا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن چۆچۈپ يۈرىكىگە دەز كەتتى. خىسراۋ: «مېنىڭ دۈشمىنىم مۇشۇ بولسا كېرەك، ئەۋۋەل مۇشۇنى يوق قىلاي» دەپ ئويلاپ، ئۆز يېنىدىكى تۆمۈر ساۋۇت كەيگەن ئونىڭ باتۇر ئەسكەرلىرى ئىچىدىن 20 كىشىگە «ئەشۇ ئادەمنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرىدى. خىسراۋنىڭ باتۇرلىرى پەرھات تەرەپكە ماڭدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرھات دەرھال تاغ تۆپىسىگە چىقىپ:

— مانا مەندۇرمەن ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولغان، ئىشق دەشتىدە مۇشەققەت تاشلىرىنى بېشىغا ياغدۇرغان، غەم بۇلۇڭىدا ماكان تۇتقان، دەردۇ ئەلەم بىلەن كۈچ تاپقان. ئەگەر ماڭا يېقىن كەلسەڭلار بى ئەجەل ھالاك بولىسىلەر، مېنىڭ بېشىمغا ياققاندەك، بېشىڭلارغا مۇشەققەت تېشى ياغىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار دۇبۇلغاڭلارنى تاماشا قىلىڭلار، تۇغ-ئەلەملىرىڭلارنىڭ شادىسىغا قاراڭلار، — دەپ نەرە تارتتى ۋە تاش ئېتىپ ئۇلارنىڭ دۇبۇلغىسىنى يەرگە يۇمۇلاتتى، تاش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەلەم شادىسىنى پارە - پارە قىلدى، خىسراۋ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر ھەيرانۇ-ھەس قالدى. پەرھات يەنە:

— ئى پادىشا! مەن گۇناسىزمەن، ماڭا قەست قىلغىنىڭ لەشكەرلىرىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قىرغانلىغىڭدۇر. دۇبۇلغا ئۇچۇرماقنى بۇنىڭ دەلىلى دەپ بىل، خالىسام بېشىڭنىمۇ ئۇچۇرغان بولاتتىم. ئەمدى بەس قىل، بىگۇنا لەشكەرلەرگە جەۋرى قىلما. كەلگەن يولۇڭچە يېنىپ كەت. سەن تېخى ئاشىقلىقتىن لاپ ئۇرۇسەن، ئەمما خەلقنى مۇنداق قايغۇغا مۇپتىلا قىلىپ، پەرۋەشنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىسەن. بۇ قانداق ئاشىقلىق؟ — دەپ پەريات قىلدى. خىسراۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مالاللىققا چۈمدى. نائىلاج ئوردىسىغا يېنىپ كېلىپ غەمكىن بولۇپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۈزرۈك ئۈمىد دىگەن ۋەزىرى كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئى پادىشا! غەمكىن بولما، تاغ خەلقى پالاخمان ئېتىشقا ئەشۇنداق ئۇستا بولىدۇ. لېكىن مۇنداق كۆپ لەشكەرگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. دىۋانىلەر ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق سالغۇچىلىقى يوق. ئەمما قورغان ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەن. ئۇنى جەڭ بىلەن ئېلىشنىڭ ئىلاجى يوق. تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشىمىز كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۈزرۈك ئۈمىدنىڭ سۆزلىرى خىسراۋنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بولدى. بۈزرۈك ئۈمىد مېھىنبانۇغا ئەلچى كىرگۈزۈش تەكلىۋىنى بەردى. خىسراۋ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچى مېھىنبانۇغا پادىشا نامىدىن شۇنداق دىدى:

— پەرھاتتەك تۇپراق بىلەن شىرىندەك پاكنىڭ جۈپ بولىشى نۇمۇسلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى ئاشىق - مەشۇق دىسە مۇناسىپ كېلەمدۇ؟ ئۇ ئىككەيلەنگە بەزى چاغلاردا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدىكەنسەن، بۇ قانداق ئىش؟ مەندە نېمە كەمچىلىك بار؟ ئۇنىڭدا نېمە پەزىلەت كۆردۈڭ؟

ئەلچىنىڭ پادىشادىن ئېلىپ كەلگەن سۆزىگە مېھىنبانۇ يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا جاۋاپ بەردى. ئەلچى قايتىپ چىقىپ خىسراۋغا بۇ سۆزنى يەتكۈزدى. خىسراۋ غەزەپلىنىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەر سېپىلىنى ئون - ئونبەش قەۋەت قورشىدى. ھەر تەرەپكە كۆزەتچىلەرنى قويدى، جەڭ ئەسۋاپلىرىنى تەييارلىدى. سېپىلەرنى تۈزۈپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. ئەرمە-

نىستان ئاھالىسى سېپىلدە تۇرۇپ، تاش-غىشلەرنى ئېتىپ، خىسراۋنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرگە يېقىن كەلتۈرمىدى. بىر تەرەپتىن پەرھات ئوق بىلەن دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلاتتى. خىسراۋ دەرغەزەپ بولۇپ، دەرت-ئەلەم بىلەن ئارقىسىغا ياندى. قانچە كېڭەش قىلغان بولسىمۇ شەھەرنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدى.

× × ×

شۇ زاماندا ئەشۇ ئەتراپتا، ئۆزى مەككار، ھىلىگەرلىكتە شەيتانغا دەرس بېرىدۇ دېسە بولغۇدەك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ خىسراۋنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ۋە بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىسراۋ: " ئەگەر بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلالىساڭ بويۇڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن " دەپ ۋەدە قىلدى. ئۇ مەككار خىسراۋغا:

— مەن پەرھاتنى ئالداپ قولغا چۈشۈرىمەن. ئادەم ئەۋەتىپ بەنگە تارتىش سىزدىن بولسۇن، — دېدى. خىسراۋ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ مەككار پەرھات تەرىپىگە راۋان بولدى. ئارقىسىدىن خىسراۋ باشتىن ئاياق تۆمۈر كىيىم كىيگەن ئىككى يۈز نەپەر ئەسكەرنى يولغا سالدى. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر جايغا بارغاندا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. مەككار بىر دانە گۈلگە كىشىنى بىھوش قىلىدىغان دورا سەپتى. ئۆزىنى بىر ئاشىق قىياپىتىدە ياساپ، خۇددى يوقاتقان ھالدا پەريات-پىغانلارنى قىلىپ پەرھات تۇرغان جايغا يېقىنلاشتى ۋە ئاھ تارتقان، كۆكسىنى تاتىلىغان ھالدا پەرھاتقا كۆرۈندى. ھەقىقى ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغان پەرھات ئۇنىڭ ئاھۇ-پىغانىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئېرىدى. ئۇنى ئۆزىدەك بىر بەختسىز گۇمان قىلىپ، كۆپ ئەپسۇسلار بىلەن ئەھۋال سورىدى. ئۇ مەككار پەرھاتنى ئالداپ:

— مەن بىر پەرىۋەشكە ئاشىق ئىدىم. گاھى چاغلاردا ئۇنىڭ ۋىسال جامىدىن مەي ئىچەتتىم. بۈگۈنكى كۈنلەردە خىسراۋ دېگەن بىر زالىم پەيدا بولۇپ قورغاننى قامال قىلدى. مېنى شەيدا قىلغان پەرىۋەش قورغاننىڭ ئىچىدە، مەن تاشقىرىدا قالدىم. ئەگەر مەشۇقۇمنى كۆرۈش ئۈچۈن قورغان تەرەپكە بارسام مېھنىبانۇنىڭ كىشىلىرى مېنى خىسراۋنىڭ جاسۇسى دەپ گۇمان قىلىپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ئەگەر خىسراۋ تەرەپكە بارسام قورغان تەرەپنىڭ تىڭچىسى دەپ گۇمان قىلىپ ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن مەھبۇبەمنىڭ يادى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈمەن، — دەپ ئاھ ئۇردى ۋە كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. ئۇنىڭ پىغانىدىن تەسىرلەنگەن پەرھات شېرىنىنىڭ پىراقىدا بىر ئاھ تارتتى — دە، يىقىلدى. بۇ مەككار شۇ ھامان دورا سېپىلگەن گۈلنى پەرھاتنىڭ دىمىغىغا پۇرىتىپ ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، مۇكۇپ ياتقان خىسراۋنىڭ كىشىلىرىگە خەۋەر بەردى.

(داۋامى بار)

# 3 - قىتىملىق سۇئىقەست

( غەربى گېرمانىيە )

**ھېلمۇت خارمۇس**

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ژىم بىر كىچىك
قاۋاقخانا ئالدىدا ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇراتتى.
بۇ قاۋاقخانا ماركۇسكى شەھىرىنىڭ چاڭ -
توزاڭ قاپلاپ تۇرىدىغان بىر كوچىسىدا ئىدى .
دەل مۇشۇ پەيتتە كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىن
ئۇيان - بۇيان ئۇرۇلۇپ باشقۇرۇلمىغان بىر چاقا
ۋاتقان بىر چادىكا ماركىلىق پىكاپ كۆرۈندى،
بىر ئازدىن كېيىن پىكاپ قاۋاقخانا ئالدىدا
ئاستا توختىدى . رول ئالدىدا 40 ياشلار
چامىسىدىكى بىر ئايال ئولتۇراتتى . ئۇ يىغ-
لىغان ھالدا ماشىنا كىيىنكىسى ئىشىگىگە ھال-
سىز يۆلىنىپ ئولتۇردى .


— خانىم ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ ؟ -
ژىم پىكاپ قېشىغا كېلىپ ئەجەپلەنگەن
ھالدا سورىدى .

— شوك بولۇپ قالغان بولسام كېرەك ، -
ئايال پىچىرلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى : -
بىرسى مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بول-
ۋاتىدۇ ، مانا ھازىرلا ...

ئايالنىڭ ئىسمى ئېلىزا گېرس بولۇپ
تاكسىن شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ
مۇشۇ جايغا يېقىنلا بىر يەردە مەخسۇس سا-
ياھەتچىلەر چۈشىدىغان بىر كىچىك مېھمان -
خانىسى بار ئىدى .

— بىر پىكاپ كەينىمدىن ئىز بېسىپ قوغ-
لاپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى بولدى . دېدى
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، - پىكاپ-
تا سېرىق چاچ ، يۈز - كۆزىنى سا-
قال - بۇرۇت قاپلىغان ، قارا كۆزئەينەكلىك
بىر ئەر كىشى بار . ئۇ مېنى ماشىنىدىن چۈ-
شۈشىمگىلا ماشىنا بىلەن سوقۇپ ئۆلتۈرمەك-
مەكچى . ئويلاپ كۆرسەم بۇ ئىككىنچى قېتىم-
لىقى . بۇندىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرىمۇ مۇ -
شۇنداق ئىش بولغان . پەقەت پىكاپ باشقا
پىكاپ ، ھە ، راست ، شوپۇر بىر ئادەمدەك
قىلىدۇ . ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى ۋە ئۇۋھ
تارتىپ تۇرۇپ دېدى، - ئاھ پەرۋەردىگار ،
مەن نەدىمۇ ئۇنى رەنجىتىپ قويغان بولغىيتتىم.
مەن باشقىلارنىڭ يۈزىگە كېلەلمەيدىغان
بولمىغۇر ئىشلارنى زادى قىلمىغان تۇرسام...

ژىم ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قارارىغا كەل-
دى . ئايال ژىمغا ئۆزىنىڭ بۇندىن ئىككى
يىل ئىلگىرى تۇل قالغانلىقىنى ، ھازىر ئۆ-
زىنىڭ مەرھوم ئېرىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن
قالغان رىنارت - گېرس ئىسىملىك ئوغلى
بىلەن بىرگە تۇرىدىغانلىقىنى ، ئوغۇل بۇ يىل
23 ياشتا بولۇپ ، تېببىي ئىنستىتوت چىش
بۆلۈمىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ، تازا خىيال
پەرەس ، كۆرەڭ يىگىت ئىكەنلىكىنى سۆز -
لەپ بەردى . ئانا - بالا يامان ئەمەس ئۆ-



ئىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ قېيىنئىنىسى فۇرىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. فۇرىك ئۇنىڭ ئېرى بىلەن يامغۇرلۇق كىيىم تىكىدىغان بىر چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەن. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ پېيىغا ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئېلىزا مېھمانخانىنىڭ ئازادە بالكونىدا ژىمنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتىۋالدى. تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. ئېلىزا تېز ئۆيگە كىرىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ژىم دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. رىنات، رەھمەت. بالام ... شۇنداق، مەن ساق - سالامەت ئۆيگە كېلىۋالدىم. ئەپسۇسكى سەن بۇ قېتىمقى شۇ مەيداندا بولالمىدىڭ ... نېمە، كىيىم سۆۋىتى نەدە؟ مەن دەرھال ئىزدەپ كۆرەي.

ژىم تېخىمۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ گۇمانى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇشۇپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ئىدى. ئۇ تېز قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىردى ۋە بارمىقىنى كالپۇكى ئۈستىگە قويۇپ ئايالغا تاۋۇش چىقارماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ، تۇرۇپكىنى ئاستا جايىغا قويۇپ تۇرۇپ سورىدى: - نېمە ئىش؟

ئوغلۇم مىدىن كەلگەن تېلېفون كىيىم، سۆۋىتىدە قويۇپ قويۇلغان يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ يانچۇغىدا تېلېفون نومۇرى خاتىرىلەنگەن قەغەز بارلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا جىددىي لازىم ئىكەن، كېيىن خەۋەر قىلىشىمنى ئېيتتى.

ژىم ھېلىقى كىيىم سۆۋىتىگە تەپسىلىي سەپسالدى. ئادەم بېلى ئېگىزلىكتە كېلىدىغان بۇ سۆۋەتنىڭ ئاغزى يېپىقلىق تۇراتتى. سۆۋەت پۈتۈنلەي مەينەت، كىر كىيىملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سۆۋەتنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتى ۋە پۈتى بىلەن تېپىپ ئۆرۈۋەتتى. لېكىن بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى. ئېلىزا ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي خىيالەن قاراپ تۇراتتى ۋە خاپا بولغاندەك قىلىپ، ھېلىقى ئاچ سېرىق رەڭلىك يامغۇر چاپىنىنى قولىغا ئالدى. دەل شۇ پەيتتە يۆگەپ قويۇلغان يامغۇر چاپىنى گويا ئەرۋاھتەك مىدىرلاشقا باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن بىر دانە زەھەرلىك ئىلان تىلىنى سوزغان پېتى ۋىشىلداپ سۆۋەتتىن بىلىنگەنچە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. بۇ ئىلان مۇشۇ يەردە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ياپلاق باش ئۆتكۈر زەھەرلىك ئىلان بولۇپ، ئۇنىڭ زەھەرلىك چىشى تىگىپ كەتسىلا ئادەمنى شۇ زامات ئۆلتۈرۈپ قوياتتى. ژىم تېزلىكتە ئىلاننى قارس قىلىپ بىرنى تېپىۋەتتى ۋە يەنە بىر نەچچىنى دەسسەپ ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلدى.

- ئەندى سىزنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. ناھايىتى روشەنكى، ئېرىڭىزنىڭ ھېلىقى پاي سوممىسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئوغلىڭىز يالغان چاچ ۋە ساقال - بۇرۇت بىلەن گىرىمدىنىپ دەسلەپتە سىزنى ماشىنا بىلەن سوقۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. بۇنى 1-، 2- قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. نەتىجىدە بۇ ھىيلىنى ئويلاپ چىققان. ھازىر ئۆزىڭىزنى ئىلان چېقىۋالغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقامسىز؟

ئېلىزا تىترەپ تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. رىنات ... كىيىم سۆۋىتىدە زەھەرلىك ئىلان بار ئىكەن. مېنى چېقىۋالدى، ھازىر زادى بولالمايۋاتىمەن. تېزراق كېلىپ قۇتقۇزۇۋال.

- دېمەك ... خەير - خوش، ئانا جانابلىرى - تېلېفوندىن قاتىلنىڭ ئاۋازى، ئارقىدىنلا مەغرۇر ئەسەبىي كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ئەندى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ - سورىدى ئېلىزا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، - قالغىنى ساقچىلارنىڭ ئىشى. بىز گۇۋالىقتىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرساقلا بولدى.

(«ئائىلە ئايلىق ژورنىلى» نىڭ 84 - يىلى 10 - سانىدىن. ئابدۇقادىر غولام تەرجىمىسى.)

AltunOq

# مەسەللەر

## ئابلىز ھېزىموپ

(سوۋېت ئىتتىپاقى)

### دېرىزە پەردىسىنىڭ مونولوگى

ھېلىمۇ مېنىڭ بولغىنىم ياخشى،
ئۆي ئىگىلىرى بەئەينى باخشى.
ئايلىق ئالدىمۇ
ئىچىپ، ۋالاقلاپ
ئۇينايدۇ ئۆيدە سەكرەپ ـ پالاقلاپ...
رومكا لىۋىنى بىر ئېلىپ ـ شوراپ
بەزەن قىچقىرار خورازنى دوراپ.
قىلىقلىرىچۇ ـ ئۇلارنىڭ تېخى
كۆرسەڭ سارائىدۇر
يوق، دەيسەن سېقى.
بىر كېچە ماڭا بىر يىل تۇيۇلۇپ
كېتىدەمەن، راستى شۇنچە ئۇيۇلۇپ.
ياخشى يېرى شۇ،
كۆرمەيدۇ ھېچكىم
چوڭ رول ئوينايدۇ مېنىڭ خىزمىتىم.

### بېلىق بىلەن سۈلۈك

"سەن ئەسلىدە رەھىمسىز سەن، يامانسەن،
پاك جانلارنى قىينايدىغان قاۋانسەن.
لېكىن ماڭا ئەندى، يەتمەس قولۇڭمۇ،
بىلسەڭ، بۈگۈن پۈتتى رىسقىڭ ـ يولۇڭمۇ"
دەپ تىللاپتۇ بىر كۈن سۈلۈك بېلىقنى،
كۆكرەك كېرىپ ـ كۆرسىتىپ سەت قىلىقنى.
چۈنكى بېلىق كولىمىغان "ئورىغا"ـ
چۈشكەن ئىكەن بېلىقچىنىڭ تورىغا.
يە بېلىقنى ساقلىغان يەر بوشىمىدى،
يە بېلىقنىڭ بەختى شۇنداق قوشىمىدى.
نېمە بولسۇن، بېلىق توردىن قۇتۇلۇپ،
سۈلۈك قاپتۇ ھىساۋىدىن ئۇتتۇلۇپ.
شۇ چاغ سۈلۈك ئويلاپ قىلغان سۆزىنى
قورقۇنچتا تىترەپ، ئېچىپ كۆزىنى،
دەپتۇ: "شۇنچە مېھىرلىك بىر بېلىقسەن،
ماڭا ئوخشاش پېقىرلارغا سېلىقسەن".

### سېغىزخان دەپتۇدەك

كۈنلەر ئۆتۈپ سېغىزخان
گۈلزارلىققا باش بوپتۇ.
ئۆز نەسلىدىن ئۆزگىگە
باغرى ئۇنىڭ تاش بوپتۇ.
ئورۇن سوراپ كەپتىكەن،
بىر كۈن بۇلـبۇل ئالدىغا.
باشلىق زادى يوشۇرماي،
ئويلىرىنى دالدىغا:
"ئوچۇق ئېيتسام ئەگەردە،
شاراقلاشنى بىلسىڭىز؛
بىرنى ـ بىرگە يامانلاپ،
تاراقلاشنى بىلسىڭىز.
سېغىزخانلار يولىدا،
دائىم بولۇپ پايپېتەك،
ئىشلىسىڭىز ئورۇن بار،
كېلىڭ، دوستۇم" دەپتۇدەك.

### تۈلكە بىلەن چوشقىنىڭ كۈتكىنى

تاغ تېكىسى كۆرسەتمەك بوپ،
كەڭ يايلاقنى ـ ئۆلكىنى.
چاقىرغانكەن ئۆز ئۆيىگە،
چوشقا بىلەن تۈلكىنى،

تۈلكە تۇرۇپ:
—"بۇ ئەتراپتا ئاخماق يوقمۇ؟" دەپتۇدەك.
چوشقا تۇرۇپ:
—"ئېغىلىناشقا پاتقاق يوقمۇ" دەپتۇدەك"

## ئىككى سانىڭ سۆھبىتى

بىر سا دەپتۇ بىر ساغا،
قونۇۋېلىپ بىر يارغا:
"شۇنداق ياخشى بەستىمىز،
كۆكنى قوچقان نەسلىمىز.
نەرىمىز كام كەپتەردىن،
قالغاچتىن ـ سەتلەردىن.
شۇنداقتىمۇ، ھەي ئاداش،
ئاڭلىمىدۇق بىر ماختاش.
شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى مەن،
ئامال تېپىپ مېنى سەن،
دائىم ماختاپ يۈرەيلى،
ئاق دەپ، ياقلاپ يۈرەيلى".
— "توغرا، دەپتۇ شۇ ھامان
دوستى، بۇ شۇنداق زامان؛
كىم ـ كىمگە بولسا قايىش،
شۇنى راست دەيدۇ، ئاداش..."

## بۇدۇنىنىڭ ئېيتقىنى

مەيلى ئۈگەت،
مەيلى باق،
مەيلى سەتلە ـ
چەتكە قاق؛
ئۆرلىمەيمەن،
بىر بالداق.
دەيدىغىنىم:
"ۋىتۋالداق..."

## ئىككى خوراز

ئىككى خوراز سۆھبەت ـ سۆز ئارا،
"دوست بولايلى، ـ دەپتۇ، ـ ئۆز ئارا".
ۋە دوست بولۇپ يۈرۈپتۇ خېلى،
بىر ـ بىرسىگە باغلىنىپ دىلى...
تەڭ بۆلۈشۈپ يەپتۇ تاپسا دان،
"دوستلۇق ئۈچۈن، ـ دەپتۇ، ـ پىدا جان!"
لېكىن ھەپتە ئۆتمەي ئارىدىن،
(ئايرىلىپ ساپ ۋىجدان ئارىدىن)،
سوقۇشۇپتۇ تالىشىپ قونداق؛
ھە، بىزدىمۇ بارغۇ مۇشۇنداق.

## ماختانچاق خوراز

ئاڭلىدىڭمۇ چۆجە خوراز كېپىنى،
ماختىنىشقا تاپقان ئىكەن ئېپىنى.
دەپتۇ ئۆزى ئاران تۇرۇپ تەمتىلەپ:
"قىچقارمىسام كۈن چىقمايتتى ھەپتىلەپ".

## پىچاق بىلەن بىلەي

بىلەي تاشقا كۆرسىتىپ قىر بېشىنى،
قوغلىغاچقا پىچاق يىغماي ئېشىنى،
بىلەي كېتىپ، پىچاق قاپتۇ داتلىشىپ،
روھى چۈشۈپ، بېشى يېنىپ ـ قاتلىشىپ.

## ئابرويىنى «ساقلايدىغان» ئىت

باشقا بالا ـ تاغ چۈشمىسۇن، دەپ،
ئابرويۇمغا داغ چۈشمىسۇن، دەپ
شۇنچە تېنىچ بولسىمۇ كېچە،
ھاۋشۇپ قويار، ئىت بىر ئۆزىچە.

(«ئۆي ئۈچقۇنلىرى» ناملىق مەسەللەر توپلىمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: دەريا ھەسەن.)

# بېلىق ئالغۇچ

( چۆچەك )

ئەۋۋىلىسىنىڭ ئەۋۋىلىسىدە، زامانلارنىڭ زامانىسىدا، يەر - زېمىن تېخى پەيدا بولمىغان چاغدا پەقەت دېڭىزلا بولغان ئىكەن. هايۋانلار ۋە قۇشلار سۇدا ياشاپ، سۇدا كۆپىيىدىكەن. بۇ شارائىت ئۇلارنىڭ راسا چىشىغا تېگىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن هايۋان، قۇشلار يىغىلىشىپ مەجلىس ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ قولايسىز شارائىتنى ئۆزگەرتىپ، قۇرۇقلۇق بەرپا قىلىشقا بەل باغلاپتۇ. لېكىن هېچ قايسىسى قانداق قىلىپ قۇرۇغلۇق بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلمەي باشلىرى قېتىپتۇ. ئاخىر هايۋانلار ۋە قۇشلار دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— هەي بېلىقجانلار، بىزگە دېڭىزنىڭ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقىشقا ياردەملەشسەڭلەرچۇ؟

— بۇنى نېمە قىلماقچى سىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ بېلىقجانلار.

— قۇرۇقلۇق ياسايمىز، - دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ قۇشلار ۋە هايۋانلار.

— ياق، - دەپتۇ بېلىقجانلار، - قۇرۇقلۇق ياسىساڭلار ئۈچۈن تۇپا بەرمەيمىز، بىزگە قۇرۇقلۇقتىن سۇ ياخشى، خالىغان يېرىمىزدە ئۈزۈپ سەيلە - تاماشا قىلالايمىز، - قۇشلار ۋە هايۋانلار يوغان كىتتىن سوراشقا باشلاپتۇ:

— سەن بېلىقجانلارنىڭ پادىشاسى سەن، بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلغىن!

— ياق بولمايدۇ. سىلەرگە قۇرۇقلۇق ياساپ بېرىشكە بولمايدۇ، - دەپتۇ كىت. قۇيرۇغى بىلەن سۇنى بىر ئۇرۇپتۇ - دە، دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

قۇشلار ۋە هايۋانلار توپ - توپ دائىرە قۇرۇشۇپ شۈك بولۇشۇپتۇ - دە، قايغۇرۇشۇپتۇ. بىر دىنلا توپ ئارىسىدىن ئۆتكۈر تۇمشۇقلۇق بىر قۇش - بېلىق ئالغۇچ چىقىپتۇ ۋە:

— قېني، مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي، بەلكى دېڭىزنىڭ تېگىگىمۇ يېتىپ قالارمەن، - دەپتۇ. قۇشلار ۋە هايۋانلار لاپپىدە بېلىق ئالغۇچقا قارىشىپتۇ، ئىچىدە ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىق ئالغۇچ سۇدا قانداق ئولتۇرغان بولسا، شۇ پېتى سۇنىڭ تېگىگە قاراپ شۇڭغۇپ كېتىپتۇ، پەقەتلا بېشىنى ئىگىپ قويۇپتۇ. بىر دەمدىلا بېلىق ئالغۇچ سۇدا كۆرۈنمەي قاپتۇ، ھەتتا رەھىمسىز دولقۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

قۇشلار ۋە هايۋانلار بېلىق ئالغۇچنى ساقلاپ كۆزلىرى تۆت بولۇپتۇ. بىراق، بېلىق ئالغۇچتىن دېرەك يوق، دېڭىزمۇ جىمجىت، پەقەت سۇنىڭ ئىچىدىن ئاپپاق كۆۋۈكلەرلا ئېتىلىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قۇشلار ۋە هايۋانلارنىڭ بۇ كىچىككىنە ۋىجىك قۇشقا ئىچى ئاغرىپ، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشقاندا، بېلىق ئالغۇچ سۇ ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ قاچان شۇڭغۇپ چىققانلىقىنى هېچقايسىسى بىلەلمەپتۇ، بېلىق ئالغۇچ سۇ يۈزىدە ئولتۇرغان پېتى ئېغىر نەپەس ئاپتۇ. قۇشلار ۋە هايۋانلار بۇنى كۆرۈپ بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، تۇمشۇغىدا قان كۆۋۈكى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېسىل تائامىلار كەلتۈرۈپ، راسا مېهمان قىلىپ كۈتۈپتۇ.

— قويى ئەمدى، - دەپتۇ ئۇلار ئىچ ئاغرىتىپ، - سەن بىز ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭ، دەم ئال. بەربىر بىز مىرات - مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز. بېلىق ئالغۇچ ھەرگىز ئۇنى-

(ئاخىرى 91 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com



# يولۋاس بىلەن پاقا

(چۆچەك)

پاقا كۆلنىڭ بىر دە يولۋاس بىلەن دوقارىشىپ قاپتۇ.

— كىم بولىسەن ئۆزەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پاقا.

— يولۋاس بولىمەن.

— بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟

— سەندەك كىچىك ھايۋاناتلارنى يەپ، قوساق تويغۇزۇش ئۈچۈن كەلدىم.

بۇ گەپنى پاقا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— مېنى يېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن ؟ — دەپتۇ.

— كىم بولىسەن ؟ — دەپتۇ يولۋاس، — ئۇ، پاقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن.

— پاقا بولىمەن، مۇشۇ يەرنىڭ پادىشاسى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پاقا.

يولۋاس بېشىنى چايقاپ، پاقىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ.

— ئىشەنمەمسەن؟ ھا… ھا… ھا…! ئۇنداق بولسا ئىككىمىز ماھارەت كۆرسىتىپ باقايلى ، شۇندىلا بىلىپ قالىسەن. — دەپتۇ پاقا.

— قانداق ماھارەت كۆرسىتىشىمىز؟

— ئۇزۇنغا سەكرىشەيلى. مانا، ئالدىمىزدا بىر ئۆستەڭ تۇرۇپتۇ. ئۆستەڭنىڭ ئۇ قىرىغا سەكرەپ ئۆتەيلى.

يولۋاس ماقۇل بوپتۇ. ئۇ نېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى بىرلا سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . پاقا يولۋاسنىڭ قۇيرىقىنى چىشلىۋالغان ئىكەن ، شۇڭا يولۋاس بىلەن بىللا ئۆستەڭنىڭ ئۇ قىرىغا ئۆتۈۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن بىخەۋەر يولۋاس ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ:

— ھەي پاقا، بۇ ياققا تېز ئۆتەمسەن؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— مەن بۇ يەردە ! — دەپ كۈكىراپتۇ پاقا يولۋاسنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، — قېنى ئېيتىپ باقە ، قايسىمىز يىراققا سەكرىيەلەيدىكەنمىز؟

يولۋاس:" ماڭا قارىغاندا پاقا راستىنلا يىراققا سەكرەيدىكەن» دەپ ئىچىدە ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ . بۇ چاغدا پاقا ئاغزىنى ئېچىپ ، يولۋاسنىڭ بىر نەچچە تال تۈكىنى پۈركۈپتۇ.

— پاقا، پاقا نىمە ئۈچۈن ئاغزىڭدىن يولۋاسنىڭ قۇيرۇق تۈكى چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاس ئەجەپلەنگەن ھالدا.

— تۈنۈگۈن بىر يولۋاسنى تىرەسۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپلا يەۋەتكەن ئىدىم. ئاغزىمدا ئۇنىڭ بىر نەچچە تال تۈكى قاپتۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پاقا.

يولۋاس پاقىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر كۈچلۈك ھايۋاننى يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ — قېچىپ بىر يەرگە كەلگەندە ، تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ.

— تەخسىر، نىمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

يولۋاس ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، باياتىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈلكە

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كېـ
تىپتۇ. ئاندىن:

— پاقا تازا پو ئېتىپتۇ، بىز ئىزدەپ بېـ
رىپ ھىساپ ئالايلى، ئۇنى ئـوۋۇپ يەر بىـ
لەن يەكسان قىلىۋېتەيلى! — دەپتۇ.

يولۋاس يەنىلا قورقۇپ، بىر ئىشقا پىتىـ
نالماپتۇ.

— مەن تۇرسام نېمىدىن قورقىلا؟ — دەپتۇ
تۈلكە.

— ئەگەر پاقىنىڭ قېشىغا بارغاندا قېچىپ
كەتسەڭ قانداق قىلىمەن؟

— ھە، ئەسلى مېنىڭ قېچىپ كېتىشىمدىن
قورققانىمىدىلە؟ ئۇنداق بولسا ئىككىمىز قۇيـ
رىغىمىزنى بىر — بىرىگە باغلاپ قويايلى.

يولۋاس بىلەن تۈلكە قۇيرىغىنى مەھكەم
باغلاپ، پاقىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ، بۇ ئىكـ
كىسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتـ
قانلىقىنى كۆرگەن پاقا:

— ھوي تۈلكە، مەن ساڭا ناشتىلىق ئۇـ
چۇن يېيىشىمگە بىر يولۋاسنى بالدۇرراق
ئەكىلىپ بەر دىسەم، كىچىكىپ مانا ئەمدى
ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ يولۋاسنى تېزدىن ماڭا
بەر، قوسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دەپ ۋاـ
قىراپتۇ.

يولۋاس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، " تۈلكە مېـ
نى ئالداپ پاقىغا ناشتىلىق ئۇچۇن ئېلىپ
كەپتۇ " دەپ ئويلاپتۇ — دە، قورقۇپ بەدەر
تىكىۋېتىپتۇ. تۈلكە ناھايىتى تېز — تېز
بولۇپ:

— ھەي يولۋاس، قورققان بولساڭ قۇيـ
رىغىمىزنى يېشىۋېتىپ ئاندىن قاچ! —
دەپتۇ.

يولۋاس قانداقمۇ قۇيرۇق يېشىشكە ئۇلـ
گۈرەلىسۇن؟ ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قېچىپ،
تۈلكىنى سۆرەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

(بېشى 126 — بەتتە)

ئېنىڭ باتىنى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاشتۇر،
ئاغزىنى تەبرەتسە زەھەر چىقار يىلان زاھىد،
ئالۇردا خۇلقى ئاجايىپ، ئىشلىرى ئاندىن،
بىر گال ئۇچۇن قۇل بولۇشقا رازىنان زاھىد،
بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈڭلار ھەركىم،
ئول ئىشىنى تاشلىغاندا ئاچ قالۇر زاھىد،
تالاشقان ئىشتىلار كەبى سارغىيىپ تۇرۇپتۇر،
كۆرۈڭ چىرايىدا ئېنىڭ يوقتۇر قەترە قان زاھىد،
ئېنىڭ ئۆلگىنىدىن ھەركىمشى خەبەر بەرسە،
بىرۇرمەن ئول كىشىگە يۈز تۈمەنكى جان زاھىد،
نىمەرسە بەرسە كىشى قوللىرىنى ساماغا تۇتۇپ،
قىلۇرمەن ھىدايە دەپ دۇئا بىرلە يامان زاھىد.
مۇنىڭ ئاددىتى تولا، قىلما ياد رەھنايى،
ئۇنىڭ سۆزىدە مەن بولغىنىم خازان زاھىد.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



AltunQ

# رەناپى جاھان

شاھزادە رەنـايى جاھان يىغلاپ ـ يىغلاپ بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. بۇ شەھەرمۇ ئاپـ
تابى تاجى زەرنىڭ ئاتىسى شاھىيار ئاشالغا قاراشلىق ئىدى. نەۋكەرلەر شاھزادە رەھنايى جاـ
ھاننى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىر بايان قىلىپ، شاھىيار
ئاشالنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى. پادىشا شاھزادىنى ئوتتۇن توشۇغىلى سالدى. شاھزادە خېلى ئۇ ـ
زاق بىر جاڭگاللىقتىن ھەر كۈنى بىر يول ئوتتۇن توشىدى. بىر كۈنى كېچىسى بۇ جـاڭگاللىقتا
غايىپتىن ئوت كېتىپ، جاڭگاللىقتا توشىغىلى ئوتتۇن قالمىدى. پادىشا ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق بىر
جاڭگاللىقتىن ئوتتۇن توشۇشقا بۇيرىدى. شاھزادە بىر يول ئوتتۇننى چۈش مـەھەلـگـە قـالماي
توشۇپ بولدى. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ: «كۈندە ئىككى يول توشىسۇن» دەپ ئەمىر قىلدى. شاھزاـ
دە ئىككى يول ئوتتۇننىمۇ خېلى يورۇقتىلا توشۇپ بولدى. ئۇنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ زىيادىلىكىگە
ھەيران بولغان پادىشا «ئەجەپ ئەسرارلىق كىشى ئىكەن» ـ دەپ، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق بولغان
بىر جاڭگاللىقتىن كۈنىگە ئۈچ مەرتىۋە ئوتتۇن توشۇشقا بۇيرىدى. بىراق ئاز كۈن ئۆتـمەي بۇ
جاڭگاللىققىمۇ غايىپتىن ئوت كەتتى. پادىشا: «ئۇنداق بولسا تېخىمۇ يىراقراق جايدىن توشۇ ـ
سۇن» ـ دەپ يارلىق قىلدى. شاھزادە ئىلاجىسىز جاڭگاللىققا باردى. ئوتتۇن تىرىۋېتىپ، ئاپتاـ
بى تاجى زەر ئېسىگە يەتتى، ئاھۇ پىغان بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئەي يار سېنىڭ جۇپ كۆزلىرىڭ جور بولۇپ چۈشتى،
ھىجران ئارا ئىدىم ئاتلىرىڭ ئاھىمنى تۇتتى.
ھىجران ئوتىنىڭ شىر ئاراسى ئەمدى مېنى ئۆرتەدى،
نى قىلايكىم دىلىم گۈلشىنى گۈلزارىنى قۇرۇتتى.
بۇ ئىككى جاھان كۆڭلۈمگە ئەھيار بولۇپتۇ،
مەن ئاشىقى زار تاشلارىكىم بارچىنى ئۇنۇتتى.
ھەيران سارا سىيەكەلمەشىم بائىسى ئولدۇر،
ئول يار ۋىسالىنى تىلىگىلى مەيلەرىم پۈتتى.
ئى جاھاندار كۆردىڭلار ئۇنى غەم ئىچرە ئاخىر،
بۇ جاڭگىلى ۋەيرانىنى بىر شەمئى يورۇتتى.

شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن زار ـ زار يىغلاپ، بىر ھازا بىـھۇش بولدى
ۋە يەنە ھوشىغا كېلىپ ئوتتۇن تېرىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا بىر نەچچە قاراقچىلار پەيدا بولۇپ،
شاھزادىنى تۇتۇپ ئالدى ھـەم ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈـ
لۈپ كەتتى. قاراقچىلار ھەيران بولۇپ: «بېشىڭغا ئۆلۈم يېتىۋاتسا نېمە ئۈچۈن كۈلىسەن؟» دەپ

سورىغان ئىدى. شاھزادە: «مەن ئۆلگىلى بەش يىل بولدى، شۇندىن بىرى كۈندە مىڭ مەرتىۋە تىرىلىپ، مىڭ مەرتىۋە، ئۆلمەمەن» - دەپ جاۋاپ بەردى. قاراقچىلار: "سەن قانداق كىشىسەن؟» دەپ سوردى. شاھزادە: "مەن پادىشا ئاشالىنىڭ قۇلىدۇر مەن، بۇ جايدىن ئوتۇن توشۇۋاتاتتىم، ساڭا ئۇچرىدۇم» - دىدى. قاراقچىلار: "بۇ بىر قۇل ئىكەن، بۇنى ئۆلتۈرگەن بىكار» - دىدى - دە، ئۆز شەھەرلىرىگە ئىلىپ كەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاراقچىلار ئوۋغا چىقتى. ئۇلار قاتتىق بورانغا ئۇچراپ، يولدىن ئىزىقىپ، تىنەپ قىلىشتى. شاھزادە بىلەن بىللە ئىزىقىپ قالغان بىر قاراقچى يولدا بىر توپ كارۋان ئەھلىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئاچارچىلىق، تەشنالىقتا ئۆلگىلى تاس قالغانلىقتىن، شاھزادىنى ئۇل كارۋان ئەھلىگە ساتتى. قاراقچىدا شۇ ئان ئۆز پادىشاھىنى باشلاپ كىلىپ، كارۋان ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلۈك، نېمەتلىرىنى بۇلاش نىيىتى پەيدا بولغانلىقتىن، بىر مۇنچە نان، سۇ ۋە پۇلنى ئىلىپ ئۆز مەنزىلىگە راۋان بولدى.

شاھزادە كارۋانلارغا: "مەن ئەسلى بۇ قاراقچىنىڭ قۇلى ئەمەس ئىدىم، بىراق ئۇنىڭ قولىدىنمۇ قۇتۇلالماس ئىدىم. مانا ئەندى قۇل دەپ سېتىلدىم. بۇ يەردىن ئىلدام كىتىڭلار. بولمىسا قاراقچىلار پەيدا بولۇپ، بۇ يەردە ھەر بىرىڭلارنى تىرىك قويماس» - دىدى. كارۋان ئەھلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بىزگە نېمىشقا باشتا دىمىدىڭ، ئۇل قاراقچىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەنمۇ ھەم سېتىلماس ئىدىڭ، ياكى سەن بۇ يەرگە كەلمىسەڭ بىز ھەم قاراقچىلارغا ئۇچرىماس ئەردۇق. ئەمدى بىز سىنى ئۆلتۈرىمىز» - دىدى. شاھزادە: «مىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە بۇ يەردە تۇرۇپ قالساڭلار قاراقچىلاردىن بىرىبىر قۇتۇلالمايسىلەر، ئۆلۈم بىلەن قورقىتىدىغان بولساڭلار ئۆلۈم ھەممىدىن ماڭا ئوبدانىدۇر. ئەگەر ئاشىق كىشى ئۆلۈمدىن قورقسا، توخۇ داندىن قورقاندەك بولىدۇ، ھەرگىز مىرادىغا يەتمەس. ئۆلتۈرىدىغان بولساڭلار ھەر كۈنى مىڭ ئۆلۈم باشىمدىدۇر. ئۆزۈڭلار سېتىپ ئالدىڭلار، ئەندى پۇلۇڭلارغا زىيان» - دىدى - دە، بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

بى رەھىم قاراقچى مىنى مەرمەرچىگە ساتتى،
ئۇل ھەم مىنى ئۆلتۈرگىنى يوق زەخمىسىگە قاتتى.
يۈز شۈكرە، دىدىم مەن بەلكى مۇسۇلمانغە چۈشۈپمەن،
ئۇل كاپىرى بىچارە يىتىم كۆڭلىنى قىيماتتى.
كۆڭلۈم ئوتى بىسيار چۈشۈپتۇر ھەممە ئوت يەر،
بول ئاتىشىدەك يۈز مىڭ بىچارە ئۇزاتتى.
ئۇل دىلبىرى رەھنا ھەممە دۇنيادا ئىستىگەي،
ئۇل قادىرى قۇدرەت بىلە بەرىگە ياراتتى.
رەنايى جاھاندار ھەم ھىجرانغا چۈشۈپتۇ،
ئۇل بويى مۇھەببەت مويىدىن قەترەنى تاپتى.

شاھزادە بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ، زار - زار يىغلاپ، بىھۇش بولدى. شاھزادە ھوشىغا كەلگەندە كارۋان ئەھلى ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ تەپەككۇر قىلىشىۋاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا قاراقچىلار پەيدا بولۇپ، كارۋان ئەھلىنى بۇلاشقا باشلىدى. شاھزادە: "ئىي يارانلىرىم، ھەممىڭلار قولۇڭ-

لارغا ئارغامچا ئېلىڭلار: قاراقچىلار كەمەندىن قورقىدۇ» ـ دەپ مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ قاراقچىلار شەھىرىدە قاراقچىلارنىڭ: «ئەگەر كەمەند بولمىسا جاھاننى بىردەمدە ئالىۇرىمىز، ئەگەر كەمەنىد بىلەن تۇتسا بىر يولى ئۆلتۈرمەي، قىيناپ ئازاپ قىلىدۇ» ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. كارۋان ئەھلىنىڭ ھەممىسى قولىغا ئارغامچا ئېلىۋىدى، راس دېگەندەك قاراقچىلار: «بۇ كارۋان ئەھلى تامامەن كەمەنداز خەلق ئىكەن، بۇلارغا ئادەم كۈچى يەتكۈدەك ئەمەس، ھەممىمىزنى تۇتۇپ ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ» ـ دەپ، ئوقيا، دۇبۇلغا، شەمشەر، ساۋۇت قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلىرىنى قالدۇرۇپ، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كەتتى. كارۋان ئەھلى قاراقچىلاردىن ئاسانلىق بىلەن قۇتۇلۇپ، شاد ـ خورام يولغا راۋان بولدى. شاھزادىنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ئىدى، ئۇلار يولدا بارغىچە شاھزادىگە خىجىللىق بىلەن ھوزۇر ئېيتتى. شاھزادە ئاپتابى تاجى زەرنى ياد ئەيلەپ مۇنۇ مۇخەممەسنى ئوقىدى:

تاپىمىدىم ئۇشبۇ جاھاندائى نىگارىم قايدىسەن؟
خوشلۇغۇم، خوش ۋەقىتلىگىم ئارامۇ جانىم قايدىسەن؟
تەنگە دەرمان بەرگۈچى شىرىن زابانىم قايدىسەن؟
ساقلىغىم، كۈچ ـ قۇۋۋەتىم جانانى يارىم قايدىسەن؟
جانغا مىڭ جان قوشقۇچى روھى راۋانىم قايدىسەن؟

سەن نىگارىسىز بى نەئى ھۇشۇم، جانىم قالدىمۇ؟
مىسلىسىز رەنجۇ ئوقۇبەت بىرلە دەرمان قالدىمۇ؟
خەستە جان بەردىم ئامانلىق ئۇشبۇ دەۋران قالدىمۇ؟
ئۆزگىلەر بولغان بىلەن يارى جانان قالدىمۇ؟
خۇرشىدە خاۋەر كەبى نۇرى جاھانىم قايدىسەن؟

نە پەسە ئېرور، سەن گۈلنى كۆرۈپ بولدى ماڭا بىر بالا،
ئول كۈنى سەۋدايى ئىشق كۆڭلۈمدە قىلدى ماجرا،
مەن جامالىڭ قەدرىنى بىلمەس ئىدىم نادان بالا،
ئىشق ئوتۇڭ ئۆرتەپ دىلىمنى قىلدى ساقايماس يارا،
يەتكۈزۈر كۆڭلۈم قۇشى ئىمھ مېھرىبانىم قايدىسەن؟

بۇ كۆڭۈل بولدى ئاجايىپ ھىجرىدىنكىم رەنجىدار،
رەنجىدىن يەتتى ئەجەل، پات كەل يولۇڭغا ئىنتىزار،
تارتمىيۇرمەن مىڭ مۇشەققەت سەن يارنى كۆرمەي بىقارار،
ھەر كىشىكىم تۇرمىسا سۆزىدە ئول نى ئىتىبار،
كەلمىدىڭ ئەي ۋەدە يالغان چاۋىدانىم قايدىسەن؟

كۆرمىسەم سەن پەرىۋەشكە ئاشىنا بولماس ئىدىم.
مۇنچە يۈز مىڭ دەرت ـ بالاغا مۇپتىلا بولماس ئىدىم،

ئۇشبۇ ئىشقنىڭ پەرقەتى بىرلە ئادا بولماس ئىدىم،
مەن رەھنايى جاھان ھىجىر ئوتىدا يانماس ئىدىم،
شاھى ماھى جىن خۇراسان ئەندى جانىم قايدىسەن؟

سەندىن ئۆزگە بۇ جاھاندا باغى خۇش گۈل قالدىمۇ؟
كۆزلىرى گۆھەر كەبى يا ساچى سۇمبۇل قالدىمۇ؟
ئۆرتەمەي ھىجران ئوتى، كۆيگەنگە بۇلبۇل قالدىمۇ؟
ئۆلمەيىن ئىشقىڭدا كۆيۈپ خەستە ئوغۇل قالدىمۇ؟
مەرھەمەت ـ رەھىم ئەتكۈچى سەن گۈلئۈزارىم قايدىسەن؟

ئول مېنى زار ئەتكۈچى بى رەھىم دىلدارىدۇر،
يۈز تۈمەن جەبرى بىلەن زۇلۇم قىلغان ئول يارىدۇر،
كوزلىرى شەھلا سۈپەت ، يۈزلىرى گۈلزارىدۇر،
ئول نىگارىم كويىدا يۈرگەن كىشى بىسيارىدۇر،
ئۇشبۇ رەھنايى خۇمارى ئول نىگارىم قايدىسەن؟

شاھزادە يىغلا ـ يىغلا نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر بېلىقچىلار شەھرىگە يېتىپ باردى. ئۇ سودىگەرلەر بىلەن بۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇردى. سودىگەرلەر سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا رەھنايى جاھانغا: ”ئېھ، يىگىت! سىزنى بىزنىڭ قۇلىمىز دىمەك ھەددىمىز ئەمەس، ئەندى خالىغان تەرىپىڭىزگە بېرىڭ» ـ دەپ ئىجازەت قىلدى. بىراق رەھنايى جاھان ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ: ”ئۇنداق بولسا مېنى سېتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ قۇلۇڭلاردۇرمەن. بۇ قۇللۇقتىن خۇدايىم تائالا خالاس قىلۇر» دەپ تۇرىۋالدى. سودىگەرلەر رەھنايى جاھاننى نائىلاج بىر بېلىقچىغا سېتىپ يولىغا راۋان بولدى. شاھزادە دەريادىن بېلىق تۇتۇۋېتىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقىدى:

ئەركىن ئىدىم، ئاخىرى قۇللۇققا سېتىلدىم،
بۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ بارچىنى بىلدىم.
ئارى، مېنى بۇ چەرخ پەلەك قىلىپ ۋالە ھەيران،
بۇ ئىشنى قىلاي دەپ مەن مېھنەتكە يىقىلدىم.

شاھزادە زار ـ زار يىغلاپ بېلىقچىلىق بىلەن بىر نەچچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يايغان تورغا بىر لەھەڭ چۈشۈپ قالدى. شاھزادىنىڭ لەھەڭنى تارتىشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ لەھەڭ بىلەن بىللە دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. ئاقا ـ ئاقا ئاخىرى بىر يەردىن چىقتى.

شۇنى ئېيتىمەك كېرەككى، بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا «رەپقا» ئىسىملىك بىر زاھىد بار ئىدى. ئۇ بەك شۆھرەتلىك، نامدار زاھىد ئىدى. شاھزادە مانا مۇشۇ زاھىدنىڭ تاھارەت

ئالدىغان يېرىدىن چىققان ئىدى. زاھىد شاھزادىنى سۇ ئىچىگە ئېلىپ باردى. كۆپ تەربىيەت قىلىپ، سۆزلىگۈدەك ھالغا كەلتۈردى. شاھزادە ساقىيىپ ماڭغىدەك بولغاندىن كېيىن، زاھىد ئۇنى دەريادىن سۇ توشۇشقا سالدى. بۇ چاغدا شاھزادە 15 ياشتا ئىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن زاھىدقا سۇ توشۇپ بەردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى زاھىد سورىدى:

— ئەي ئوغۇل، سەن نېمە ئادەمسەن؟

شاھزادە جاۋاپ بەردى:

— مەن تۇپراقمەن.

زاھىد ئېيتتى:

— تۇپراق ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، بىراق قانداق كىشى ئىكەنلىكىڭنى سوراۋاتىمەن.

شاھزادە ئېيتتى:

— مەن تۇپراق دىدىم، مەن تۇپراق.

زاھىد: ھېچنەرسەڭ يوق، قايىدىن كەلدىڭ؟

شاھزادە: ئادەم مۈلكىدىن ۋۇجۇد راھى بىلەن كەلدىم.

زاھىد: سەن قايسى شەھەردىن چىققان؟

شاھزادە: مەن نېمە بىلىمەن؟ ئۆزىڭىز: «مەن دەرياغا تاھارەت ئالغىلى بارغاندا سۇدىن چىققان ئىدىڭ» دەپ ئېيتتىڭىزغۇ؟ مەن ئەنە شۇ سۇدىن چىققاندىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى. زاھىد بۇ سۆزگە خاپا بولدى. ئۇ: "بۇ شۇم يېتىم ئىكەن، دەريادا ئۆلۈپ قالسا بوپتىكەن. ماڭا زابانداراز لىق قىلىپ پوت ئېتىۋاتىدۇ. مەن ساۋاپلىق ئىزدەپ سۇدىن ئېلىپ يامان قىپتىمەن" - دەپ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شاھزادىگە يەنە سوئال تاشلاپ: "ئانداقتا سەن سۇ خەلقىمۇ؟" دەپ سورىدى. شاھزادە ئېيتتى:

— مەن راس، سۇ خەلقىدۇرمەن. سەن شەرەكمۇ سۇ خەلقى بولماي نېمىدىڭ؟!

زاھىد: بەس، سەن ھەقىقەتەن شۇم يېتىمكەنسەن.

شاھزادە: سەن شۇم يېتىم بولمىساڭ، ئەل قوغلاپ، بۇ تاققا يالغۇز تاشلاپ قويارمىدى؟

زاھىد: مېنىڭ قېشىمدا تۇرار بولساڭ ناماز ئۆتىگىل.

شاھزادە: مەن شەيتان ئەمەس، ئاللايىتائالانىڭ نامازغا ھاجىتى يوق. ناماز، روزا شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. سەن شەيتان بولمىساڭ خەلقنىڭ ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، مۇنداق بولۇرمىدىڭ. ناماز ئۆتەيمەن دەپ روھى رىيا قىلۇرسەن. شەيتاننىڭ بۇ ئالەمدە قەدىمى يەتمىگەن يېرى يوق. سەن ھەم شەبرى مەلئۇنغا ئوخشاش ئەل ئارىسىدا يۈرەلمەي، بارارغا ماكان تاپالماي، چۆل - جەزىرىلەردە يۈرۈرسەن، - دىدى. ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سېنى ئازدۇراي دەپ بۇ بەد بەخت كەززاپ زاھىد.
بۇ كوھنە ئىچرە يۈرۈر دەۋزەخى چايان زاھىد.

(ئاخىرى 121 - بەتتە)

## قەشقەر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىگى ئويناپ چىققان تارىخىي دىراما
## « نوزۇگۇم » دىن كۆرۈنۈشلەر

AltunOq







( سۈرەتلەرنى

جورى قادىر

مەمتىمىن زىبىبۇللا ،

تۇرسۇن تۇردىئەللار

تارتقان . )

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى    ماي بوياق . ( غازى ئەمەت سىزغان )


قەشقەر ئەدەبىياتى (14- يىل نەشرى)
《喀什噶尔文学》（双月刊）

1985 - يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى
ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0.41

ژورنال نومۇرى: 62 — 58

پارچە سېتىش باھاسى: 50 فۇڭ